

AltunOq

# KASHGAR LITERATURE

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1

0990



ئۆتكەن يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا، ۋىلايىتىمىزنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى ئەختەم ئۆمەر «ياش يازغۇچىلار يېڭى ئەسەر مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

يىغىن مەزگىلىدە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەمەت ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ياش يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىغا قىزغىن ئىلھام بەردى.



**دەسلەپكى قار**

(ئابدۇقەييۇم تۇرسۇن فوتوسى)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

(قوش ئايلىق ژۇرنال)

1
1991

20 - يىل نەشرى

( ئومۇمىي 98 - سان )

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

## بۇ سانىدا


ئابدۇرۇسۇل مەممەت ........ يېڭى يىلدا يېڭى ئۈمىد ........ 1


### نەسرىي ئەسەرلەر


ئوبۇل دەرۋىش ........ «تۆھپىكار» زاكو ........ 11

ئابدۇقاسىم سۇلتان ........ بېدىك ........ 22

ئابدۇرىشىت سەلەي ........ نەسىرلەر ........ 26

ئەمەت دەرۋىش ........ يالقۇن ئىچىدىكى يالقۇنلۇق تۇيغۇلار ........ 32

رەھىم يۇسۇپ ........ باغۋەن مۇھەببىتى ........ 38

ئەختەم ئۆمەر ........ مەن ئۇنى ئارانلا ئىككى قېتىم كۆرەلىگەن ........ 40

زۇلپىيە ........ كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى تۇمان (پوۋېست) ........ 66

ئوچقۇن ئابدۇللا ........ مەشرەپ ........ 94

ئېزىزجان توختىخاجى ........ ئىككى نەسىر ........ 96


### شېئىرىيەت گۈلزارى


روزى سايىت، كېرىمجان سۇلايمان، ئابلىز ھەسەن، مەھەممەت تۇراپ، نىيازئىمىن قۇربانى، ئابابەكرى توختى، ئابدۇرېھىم مۇھەممەت، ياسىن ئوسمان، تۆمۈر قادىرى، ئابدۇكېرىم ئابباس، ئەمەت يولداش، ئابدۇرېھىم يۇنۇس، مۇھەممەتقادىر ئىسمايىل، پولات ئەزىموپ، قۇربانجان تاش ........ شېئىرلار ........ 45


### شەبنەم


مەھمۇد زەيدى ........ «سۇدىن چىققان پەرىزات» ھەققىدە تەسىراتلار 98

غوجى ئەخمەت ........ دېھقان شائىر تۇرسۇن ئابباس ۋە ئۇنىڭ ساتىرىك شېئىرلىرى توغرىسىدا ........ 105


### ساتىرا ۋە يۇمۇر


تۇرسۇن ئابباس ........ ساتىرالار ........ 112

ئەركىن ئەبەيدۇللا ........ ئاچچىق - چۈچۈك تۇيغۇلار ........ 114


### ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر


ئابلىمىت ئىسمايىل ........ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يولى ........ 3

يالقۇن ........ ئون ئەدىب بىلەن ئون سوئال ئۈستىدە سۆھبەت ........ 116



(بۇ سانىدىكى ھۆسنخەت ۋە ئىستۇرما رەسىملەرنى جۇمە ئابدۇللا، قەيسەرجان قاسىملار ئىشلىگەن)

ئابدۇرۇسۇل مەممەت

# يېڭى يىلدا يېڭى ئۈمىد

خاسىيەتلىك 1990 ـ يىلى ئۆتۈپ كەتتى. ئۈمىدكە تولغان 1991 ـ يىل يېتىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز كەڭ مۇشتەرىلارغا ۋە ئاپتورلارغا سەمىمىي سالام يوللايدۇ ھەم يېڭى يىلىنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ.

ئۆتكەنكى بىر يىل ئىچىمىزدىكى باتۇر، جاسارەتلىك ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە مۇقىملىقنى ساقلاپ، تۈزەش، ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلىگەن بىر يىل بولدى.

ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يېزىلاردىكى ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى. جۈملىدىن ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، ياخشى، ساغلام، سۈپەتلىك مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىپ، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇش، پارتىيە رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ ئالغا بېسىشقا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا جانپىدالىق بىلەن ئىشلەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش، تەربىيىلەش ئىشىدا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلار مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى تازىلاش داۋامىدا ئۆزلىرىنىمۇ تەربىيىلىدى ۋە چېنىقتۇردى. كەڭ ئاپتورلىرىمىز ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، يۈرەك باغرىنى سەرپ قىلىپ، يارقىن قەلەملىرىنى تەۋرىتىپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا ھەر خىل رەڭدار گۈللەرنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشى ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلدى. بىز ئاپتورلارغا، كەڭ مۇشتەرىلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

يېڭى بىر يىل ئۈمىدلىك يىل بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەزىپىلىرىمىز جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولىدۇ. بىز يېڭى بىر يىلدا «قەشقەر ئەدەبىياتى» نى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىش ئارقىلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى

مەدەنىيەت بەرپا قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك:

1. توغرا سىياسىي نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك. بۇ، ژۇرنىلىمىزنىڭ داۋاملىق ساغلام چىقىرىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. بىز جەزمەن بۇ «قوش» فاڭجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە، ژۇرنىلىمىزنى تېخىمۇ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش جاسارىتىگە ئىلھام بېرىدىغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى قەھرىمانلىق ئىشلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش داۋامىدىكى ئىلغار ئىشلارنى، قەھرىمان شەخسلەرنى كۈيلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يېزىشىمىز ۋە ئېلان قىلىشىمىز كېرەك.

2. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئا ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا داۋاملىق قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇرژۇئا ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ماھىيىتى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇرژۇئا ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىدىكىلەر مەدەنىيەت-سەنئەت جەھەتتە «مودېرنىزم»نى ئۈلگە قىلىپ، پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىجادىيەتتە ئاتالمىش «مۇتلەق ئەركىنلىك»نى تەلەپ قىلىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىن چەتنەشكە ئۇرۇنىدۇ. بىز ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىزچىل ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئا ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ تەسىرلىرىنى داۋاملىق تازىلاپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان سوتسىيالىستىك ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

3. ئاممىباب بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش كېرەك. ژۇرنالنىڭ ئاممىۋى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاپتور، مۇشتەرىلار بىلەن دائىم ئالاقە باغلاپ تۇرۇشىمىز، تەشكىللىشىمىز، يېتەكلىشىمىز لازىم. كەڭ يازغۇچىلىرىمىز ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قايناق تۇرمۇشنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، چۈشىنىشى لازىم. «ئەدەبىيات — ئادەم توغرىسىدىكى پەن» بولغىنى ئۈچۈن، ئادەملەرنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنى يازغىلى بولمايدۇ، خەلقنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، خەلققە خىزمەت قىلغىلى بولمايدۇ. خەلق ئاممىسى—ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئانىسى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتى، تۇرمۇش — ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى. شۇڭا يېزىلارغا بېرىشىمىز، زاۋۇت-كانلارغا بېرىشىمىز، مائارىپ، ئىلىم-پەن، تېخنىكا ئورۇنلىرىغا بېرىشىمىز، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ كىچىك ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر، زىيالىيلار بىلەن قەلبداش بولۇپ، دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىپ

(ئاخىرى 10- بەتتە)

ئابلىمىت ئىسمايىل

# ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يولى

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى — ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن شەكىللەنگەن، ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاساس سالغان، ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ رېئالىستىك يۆنىلىشكە يۈزلەندۈرگەن، جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا، فاشىست مۇستەبىتچىلىككە قارشى تۇرۇشنى نىشان قىلغان يېڭى دېموكراتىزملىق ئەدەبىياتنىڭ سوتسىيالىزم باسقۇچىدىكى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا، سوتسىيالىستىك تۇرمۇش زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتتۇر.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى قىرىق يىللىق مۇساپىنى غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي تۈسى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات گۈلزارىغا ئاجايىپ ھۆسن قوشتى. ئەمما ئۇنىڭ تەرەققىيات يولى خۇددى خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭكىگە ئوخشاشلا تەكشى بولمىدى، «سول» لۇشيەنىنىڭ كۆپ قېتىم قوچۇۋېتىشى ۋە توسقۇنلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىققا دۇچ كەلدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەنى توغرا بولۇپ، سىياسىي ۋەزىيەت بىر قەدەر تۇراقلىق، سەنئەت دېموكراتىيىسى نىسبەتەن كاپالەتكە ئىگە بولغاچقا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى خېلىلا تېز بولدى. يازغۇچى شائىرلار يېڭى تۇرمۇشقا كۈچلۈك مۇھەببەت باغلاپ، زۇلمەتلىك ئۆتمۈش بىلەن يېڭى جەمئىيەتنى سېلىشتۇرما قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ پارتىيىگە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. ئەلقەم ئەختەمنىڭ «تاڭ ئاتتى»، «تاڭ ئاتقاندا»، تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز»، «ئوغۇلنىساخان»، «تىنچلىق ناخشىسى» قاتارلىق شېئىر - داستانلىرى مۇشۇ مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر مەيدانغا چىققان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار شۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تۇرمۇشنى ئاساس قىلىپ راۋاجلىنىشقا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. زۇنۇن قادىرى، نىم شېھىت، ئابلىز نازىرى، قۇربان ئىمىن، تۇردى سامساق، جاپپار ئەمەت، مۇھەممەتجان سادىق، رەخىم قاسىم، ئەرشىدىن تاتلىق قاتارلىق يازغۇچى شائىرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ژانىر ۋە ئۇسلۇبتا يازغان ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ تەقدىرىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، يېڭى تۇرمۇشقا قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. نىم شېھىت «ئالدىدا»، قۇربان ئىمىن «باراڭدا»، رەخىم قاسىم «شاد بەختىمىزگە ياشا، بول ئامان» ناملىق شېئىرلىرىدا ھۆرلۈككە ئېرىشكەن خەلقنىڭ ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن بولسا، مۇھەممەتجان سادىق «ئۇلۇغ خەنزۇ خەلقىگە» ناملىق لىرىك

داستانىدا مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيىلىدى. ئۇيغۇر رېئالىستىك پروزىسىغا ئاساس سالغان ئاتاقلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىر ھورۇن، يالقاۋ بىر ئادەمنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇش ۋە ئەركىن ئەمگەك قوينىدا چېنىقىپ، ياراملىق ئەمگەكچىگە ئايلانغانلىقى تەسۋىرلەنگەن «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنى يېڭى بەدىئىي سەۋىيىگە كۆتەردى. تۇردى سامساق «تىيانشان باغرىدا»، «بەش تال ئوق» ناملىق ھېكايىلىرىدا «جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىنقىلاب ئوتلىرى ئىچىدە يېتىشىپ چىققان قەھرىمان شەخسلەر ئوبرازىنى ياراتتى. «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى»، «ساراڭ ساقايدى» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن تونۇلغان ئابلىمىت مەسئۇدى «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلىپ، 50 - يىللارنىڭ بېشىدا يېزا تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئەنئەنىۋى ئائىلە قارىشى ۋە ئاياللارنى تۇۋارلاشتۇرىدىغان فېئوداللىق ئەرلەر ھوقۇقچىلىقىنى تەنقىد قىلىش بىلەن، جەمئىيەتتە خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. خىلمۇ خىل شەكىل ۋە ئۇسلۇبتا يېزىلغان بۇ ئەسەرلەر ئۆز ئارا گىرەلىشىپ، گويا ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن، بوياق ۋە ماھارەت بىلەن سىزىلغان رەڭدار سۈرەتتەك سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى باي، گۈزەل زېمىنىنىڭ يېپيېڭى قىياپىتىنى كارتىنىلاشتۇرۇپ بەردى.

1956 - يىلى يولداش ماۋزېدۇڭ «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، سەنئەت دېموكراتىيىسى كەڭ يولغا قويۇلۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت تېخىمۇ گۈللەندى. «تۈگمەس ناخشا» (تېيىپجان ئېلىيوپ)، «سېغىندىم» (نىم شېھىت)، «قىزىل بايراق» (تۇرغۇن ئالماس)، «ئوراز بوۋا» (قەيۇم تۇردى)، «گۈرۈچ» (ئەخەت تۇردى)، «ئىنتىقام» (ئەخەت ھاشىم)، «ئاقسۇ دەرياسى» (ئەرشىدىن تاتلىق) قاتارلىق ئەسەرلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلدى. گەرچە، بۇ مەزگىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە يۈزەرەك بولۇپ، ھېسسىياتتا تېيىزلىك، ئوبرازلاردا چولتىلىق بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچى - شائىرلار تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى كونكرېت، تەسىرلىك تەسۋىرلەشكە تىرىشىپ، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى ئۈستىدە ئىزدەندى.

ئومۇمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يەنىلا مەدھىيىلەش بولدى. ئەمما پاش قىلىش، تەنقىدلەش مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دېموكراتىك روھى ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلار دەۋر ۋە خەلق ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، تۇرمۇشتىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى شۇ ئاكتىپ ئېلېمېنتلار بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ساختىلىق، رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇكتىنمۇ چەتنەپ ئۆتۈپ كەتمىدى. «ۋالاقتەككۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى» (تېيىپجان ئېلىيوپ)، «باشلىق چۈشكەن پوبىدا» (رەخىم قاسىم)، «قۇلۇپلاقلىق كابىنېت» (مۆمىن سەپىرى) قاتارلىق ھەجۋى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب

ۋە قۇرۇلۇشقا پۇتلىكا شاك بولۇۋاتقان ئىددىيىدىكى قاتماللىق، كونىسىردۇۋاتىپلىق، تۆرىچىلىك، ھوقۇققا چوقۇنۇش، قارىسىغا گەپ قىلىپ پو ئېتىش، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىقخەۋپ-لىك ئىللەتلەرنى رەھىمسىز قامچىلاپ، كۆپقاتلاملىق، كۆپ قىرلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رەڭدار، مۇرەككەپلىكىنى خېلى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈردى. بىراق بۇ پايدىلىق ئىزدىنىشلەر تېخى كەڭ دائىرىدىكى بوسۇش بولۇپ شەكىللەنمەي تۇرۇپلا، 1957 - يىلدىكى «ئوڭچى، مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» نىڭ ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىلىشى تۈپەيلىدىن تېزلا ئۈجۈقۈپ كەتتى. ياخشى نىيەت، توغرا نىشان بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەرلەر بولسا «پارتىيىگە قارشى»، «سوتسىيالىزمغا قارشى» دېگەنگە ئوخشاش بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرى خىلمۇخىل ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش قىزغىنلىقى قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، ئەدەبىياتنىڭ رېئالىستىك روھى ئاجىزلاپ كەتتى.

1961-، 1962 - يىللىرى بېيجىڭ ۋە گۇاڭجۇدا ئارقا - ئارقىدىن چاقىرىلغان ھېكايىچىلىق، دىرامىچىلىق، كىنوچىلىق ساھەسىدىكى ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنلىرىدا جۇئېنلەي، چېن يى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى ئەدەبىياتنىڭ ئۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەم ئىجادىيەت ئەركىنلىكى توغرىسىدا مۇھىم نۇتۇقلارنى سۆزلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، «سول» چىل پىكىر ئېقىمىنى تەنقىد قىلىش، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش قاتارلىقلارنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ تەشەببۇسلار پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتىنى تەرتىپكە سېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ يېتەكچى ئىددىيىسىدىكى «سول» چىل خاتالىقلار دەسلەپكى قەدەمدە تەنقىد قىلىنىپ، تۈزىتىلىپ، خاتا ھالدا پېپەن قىلىنغان، ئۇۋال قىلىنغان يازغۇچى ۋە ئەسەرلەر ئۇستىدە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى يېڭىباشتىن جۇش ئۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان تۇرمۇشنى يېزىش ئارقىلىق، رېئاللىقنى ئەپادىلەشكە كىرىشتى. «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، «مۇھەببەت»، «‹ئاسان› نىڭ شىكايىتى» (تېيىپجان ئېلىيوپ)، «تارىم قىزى»، «يۈرەك سۆزى»، (نىم شېھىت)، «جەننەت نەدە دېسەڭلا»، «ئايخان» (ئابدۇكېرىم خوجا)، «باھار شاۋقۇنى» (مۇھەممەت رېھىم)، «بىللە مەن» (مەمتىلى زۇنۇن)، «ئاينىڭ كىچىك مېھمىنى» (بوغدا ئابدۇللا)، «زەرەپشان بويىدا»، «قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكە»، «زەينەپخان ھەققىدە ھېكايە» (قەيۇم تۇردى)، «ھايا تنىڭ باشلىنىشى»، «دەشتىگە باھار كەلدى» (ئەخەت تۇردى)، «بەخت» (ئابلىمىت سابىر)، «ئىشچى بولۇپ يېتىلدىم» (ئابلىمىت ھاجى)، «يېڭى ئۆيگە كۆچۈش» (ئابلا ئەخمىدى)، «باھار تەنتەنىسى» (قاھار جېلىل) قاتارلىقلار بۇمەزگىلدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەتتى كۆرۈنەرلىك بولغان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلاردا خەلقىنىڭ ۋەتەنگە، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى، ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىرادىسى

ۋە قەيسەر روھى خېلى چوڭقۇر ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. يازغۇچى - شائىرلار يېڭىباشتىن
ئىشەنچ، ئۈمىدكە ئېرىشكەن بولغاچقا، ئىزدىنىش قىزغىنلىقى كۈچەيدى. ئادەتتىكى تۇر-
مۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ تەسۋىرىنى گۈزەل غايە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كىچىك ئارقىلىق
چوڭنى، ھادىسە ئارقىلىق ماھىيەتنى ئىپادىلەشكە تىرىشتى. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ئە-
ۋج ئالغان تېما ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئاددىي، قوپاللىقتىن ئىبارەت تۇرغۇن ھالەت دەس-
لەپكى قەدەمدە ئۆزگەردى. ئىجادىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىش بىر خىل كەيپىيات-
قا ئايلىنىپ، شەكىل، تېما، ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدا خىلمۇ خىللىشىشقا يۈز-
لىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ياخشى ۋەزىيەتمۇ ئۇزاق دا-
ۋاملىشالمىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ھېلىقى تارىخىي تراگېدىيىدە لىن بياۋ،
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنى «قارا جاڭگال» ھېسابلاپ، «4 -
ماي» دىن بۇيانقى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ پارلاق نەتىجىلىرىنى بىراقلا ئىنكار قىلدى-
ۋەتتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ «ھوقۇق تارتىۋېلىش» قارا نىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان
ئاتالمىش «ئۈلگىلىك تىيياتىرلارنىڭ تەجرىبىلىرى» نى ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئۆلچەق-
تۇرىدىغان كالتەككە ئايلاندۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئومۇميۈزلۈك دىكتا-
تۇرا يۈرگۈزدى. نەتىجىدە ئۇزۇن يىللىق جاپالىق كۈرەش ۋە ئىزدىنىشچانلىقلار ئارقىسىدا
بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىمىز دەھشەتلىك زىيانكەشلىككە ئۇچ-
رىدى. باي، گۈزەل مىللىي مەدەنىيىتىمىز، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز تۈپتىن ئىنكار قىلىن-
دى ۋە ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدە دەپسەندە قىلىندى. ئەمما مول كۈرەش تەجرىبىسى
ۋە ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىز بۇنىڭلىق بىلەن
پۈتۈنلەي ئۇجۇقۇپ كەتمىدى. گەرچە بەزىلەر «سول» چىل پىكىر ئېقىمىنىڭ زەھەرلىشىگە
چوڭقۇرراق ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ دېپىغا ئۇسسۇل
ئويناپ، قارانىيەتلەرنىڭ كارنىيى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى يازغۇ-
چى - شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، جىم تۇرۇۋېلىش («تۆت
كىشىلىك گۇرۇھ» قا ماسلىشىدىغان ئەسەرلەرنى يازماسلىق) ئارقىلىق «تۆت كىشىلىك گۇ-
رۇھ» بىلەن قارشىلاشتى. ئۇلار بۇ مۇستەبىتچىلىكنىڭ ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى مۆلچەر-
لەپ، ۋەتەن ئاسمىنىنى قاپلىغان قارا بۇلۇتلارنىڭ ھامان بىر كۈنى تارقىلىپ كېتىدى-
غانلىقىغا ئىشەنچ باغلىدى. ھاياتىي خەۋپلىك، تۇرمۇشى ھەر قانچە جاپالىق بولسىمۇ
قەلىمىنى تاشلىمىدى. يازغۇچى تۇردى سامساق «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ناملىق رومانى-
نى «شېخۇنىڭ خاڭگۇڭ دېگەن يېرىدە ئەترەتتە قوي بېقىۋاتقان مەزگىلدە... قەلەم بىلە-
لەن خۇشلىشىپ، كەتمەن بىلەن دوستلىشىپ، نادامەت دەشتلىرىدە يانتاقتا يالاڭئاياغ دەس-
سەپ يۈرگەن چاغلىرى» ① دا يازدى. 70 - يىللارنىڭ بېشىدا «سىرداش قەلبلەر»،
«تاغ كېيىنكە ئۆتكىچە» قاتارلىق ھېكايىلارنى ئېلان قىلىپ، پېرسوناژلارنىڭ نازۇك ھې-
سسىياتىنى بىلەن ئىندىۋىدۇئال پىسخىك ھالەتلىرىنى قېزىش ئارقىلىق قاتمۇ قات

① تۇردى سامساق: «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» نىڭ «مۇقەددىمە» سىگە قارالسۇن. شىنجاڭ ياشلار - ئۆس-
مۈرلەر نەشرىياتى. 1985 - يىل نەشرى.

تۇسالغۇ ۋە بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچراۋاتقان سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ يەنىلا زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان زوردۇن سابىر، كېيىنكى چاغلاردا ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن «ئاۋرال شاماللىرى» رومانىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى 1973 - يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەنىدى. ئابدۇكېرىم خوجا، رەھمىتۇللا جارى، مەمتىلى زۇنۇن، روزى سايىت قاتارلىق شائىرلارنىڭ بىر قىسىم شېئىر، رۇبائىيلىرىمۇ دەل ئاشۇ قاباھەتلىك يىللاردا يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش روھى بىلەن تولغان بولغاچقا، قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، ئامما ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ كەتتى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، خەلق بىلەن قەلبداش، تەقدىرداش يازغۇچى ھەرقانداق تېررورلۇق ئاستىدىمۇ ھامان خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆيۈنۈپ، خەلقنىڭ ئاھۇ - زارى ۋە ئۈمىد - ئارزۇسىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. ھەقىقىي خەلققە مەنسۇپ ئەدەبىيات قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ئۇنى ھېچقانداق زوراۋان كۈچ بوغۇۋېتەلمەيدۇ، يوقىتىۋېتەلمەيدۇ.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى زور تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى شەكلى بولغان شېئىر ئۆز دەۋرىنىڭ ساداسى بولۇشتەك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، بۇ زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە ھەممىدىن تېز ماسلاشتى. ئۇزاق ۋاقىت «سول» لۇشيەنىنىڭ ئاسارىتىدە ئازاب چەككەن شائىرلار پارتىيىمىز بەخش ئەتكەن سەنئەت دېموكراتىيىسى ۋە ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئىجادىيەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشتى. «سەنئەت باھارى»، «يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم» ( تېيىپجان ئېلىيوپ ) ، «باھاردا كەلگەن شېئىرلار»، ( ئابدۇكېرىم خوجا )، «يەر - ئانا» ( رەخىم قاسىم )، «ئاق روماللىق پەرىزات»، «كۆك يانتاق چېچەكلەپتۇ» ( قۇربان بارات)، «چىن مۇھەببەت» ( مۇھەممەتجان سادىق )، «يۇلتۇزلار يۇرتى» ( ئارسلان )، «قۇچاقلا، ئۇ سېنىڭ داداڭ» ( مەمتىلى زۇنۇن )، «مەھبۇس تىلەكلىرى» ( ھاجى ئەخمەت )، «ياگرا ئەجەم»، «ۋەتىنىم سۈت بەردىڭ، ھالال ۋە ئاپئاق» ( ئوسمانجان ساۋۇت ) قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋر تۇرمۇشىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاساسىي ئېقىمىنى كۆرسىتىپ بەردى. دەۋرنى، خەلقنى ۋە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى جەريانىدا مەيدانغا چىققان يېڭى شەخس ۋە ئىشلارنى قىزغىن مەدھىيىلىدى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلدى.

بۇ مەزگىلدىكى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىلگىرىكىدەك ئوبيېكتىپ دۇنياغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سوبيېكتىپ دۇنياغا سەل قارايدىغان، «ئوبيېكتىپلىق» بىلەن «سوبيېكتىپلىق» نى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان، تەييار سىياسىي ئىبارىلەر بىلەن قۇرۇق شوئارلارنى دۆۋىلەپ قويۇپ، بەدىئىيلىككە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان دوگما ئىجادىيەت ئىستىلىگە خاتىمە بېرىلىپ، شائىرلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى قەدىرلەيدىغان، ھېسسىيات بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ شېئىردىكى ئالاھىدە ئورنىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان يېڭىچە ئىجادىيەت مۇھىتى شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن شېئىرلارنىڭ

لەردىكىلىكى كۈچەيدى، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپلىشىپ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بېيىدى. رەڭدار تۇرمۇشنى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمە ئىپادىلەشكە ئېرىشتى. بۇ ئالاھىدىلىكنى يۇقىرىقى شېئىر - داستانلاردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەممىدىن تېز بولدى. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شۇكى، ئەسەرلەرنىڭ تېما دائىرىسى كېڭىيىپ، ئىدىيىۋى كۈچى ھەسسىلەپ ئاشتى. يېڭى دەۋر، يېڭى تۇرمۇش يازغۇچىلارغا كۈچلۈك ئىلھام بېغىشلاپ، مول ئىجادىيەت ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئەتكەچكە، ئۇلار ھەر قانداق رامكا - قېلىپلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، «چەكلەنگەن رايون» لارغا دادىل بۆسۈپ كىردى. زىددىيەت ۋە كۆرەشلەردىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى. دىققەت - ئېتىبارىنى خەلق ئاممىسى جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، قانۇن، ئەخلاق قاتارلىق ساھەلەردىكى بىر قاتار زور مەسىلىلەرگە قارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار تۇرمۇشىنى، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، زىيالىيلارنىڭ ئارزۇسى ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى، ئىجتىمائىي ئەخلاق ھەمدە مۇھەببەت، ئائىلە، نىكاھ قارىشىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈردى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا ئىپادىلەيدىغان ئاددىي تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىپ، ئادەمنىڭ جەمئىيەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن تەقدىر تارىخىنى يېزىشقا يۈزلەندى. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئاشكارىلىنىۋاتقان زىددىيەتلەر مەركىزىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تۇرمۇشنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ئەسەرلەرنى كۆپ قاتلاملىققا، كۆپ يىپ ئۇچىغا، كۆپ يۆنىلىشكە ۋە كۆپ نۇقتىغا ئىگە قىلىشقا تىرىشتى.

تېمىنىڭ كۆپ خىللىشىشى ۋە ئەسەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەر بىلەن چېتىلىشى ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، رېئالىزملىق روھنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. يازغۇچىلار تارىخنىڭ ئەگرى - توقاي يىللىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىدىن خەلقنىڭ راست گەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، ئەدەبىياتنىڭ راست گەپكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن چىنلىق تۇيغۇسىنىڭ ئەدەبىياتنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشتىكى رولى ۋە قىممىتىنى تونۇپ يەتتى، شۇڭا ئۇلار تۇرمۇشتىكى ئۆزىنى تەسىرلەندۈرگەن نەرسىلەرنى يېزىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەسلى ھالىتى بويىچە قايتىدىن ئىپادىلەشكە كىرىشىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان روھقا ئىگە بولدى. ئىككى قىسىملىق رومان «ئىزدىنىش» (زوردۇن سابىر) «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئالدى - كەينىدىكى مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا ياشىغان زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەشۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەنلىكى، شۇنىڭدەك زىيالىيلار مەسىلىسىنىڭ جىددىي - كەسكىنلىكىنى قايىل قىلارلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئەكس سادا قوزغىدى. «سۇبھى» (زوردۇن سابىر)، «مۇزلىغان يۈرەك»، «ئەلۋىدا كۆز يېشىم» (ئەخەت تۇردى) قاتارلىق

پوۋېستلارنىڭ كىتابخانلارنى كۈچلۈك جەلب قىلىشى مۇھەببەت، ئائىلە، نىكاھ تېمىسىنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكىنى نامايەن قىلدى. «سۈزۈك ئاسمان» (قىيۇم تۇردى)، «مېھرىگىياھ» (جالالىدىن بەھرام)، «كىچىك لەقۋا» (سەمەت دوگايلى)، «قاپاق تېرەكلىك ھويلا» (ئابلا ئەخمىدى) قاتارلىق رومان - پوۋېستلاردا ئۇن يىللىق بالايىئاپەتنىڭ ۋەتەن، خەلققە كەلتۈرگەن ئېغىر زىيىنى ۋە جاراھەت داغلىرى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. «ساۋاقداشلار» (مەمتىمىن ھوشۇر)، «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ» (ئالىمجان ئىسمايىل) قاتارلىق پوۋېستلار گەرچە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە «قۇم باسقان دېڭىز» (توختى ئايۇپ)، «قۇرۇتۇلغان كۆل» (ئەختەم ئۆمەر) قاتارلىقلارغا يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ جىددىيلىكى ھەم ئەمەلىيلىكى كىتابخانلارنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ. «كۆرەشچان يىللار» (قىيۇم تۇردى)، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، «ئېلى دولقۇنلىرى» (ئابدۇراخمان قاھھار)، «رابىيە - سەئىدىن» (ئەھمەت زىيائىي)، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» (ئەخەت تۇردى)، «تۇندىكى چاقماق» (ئەبەيدۇللا ئىبراھىم)، «نوزۇگۇم» (مەمتىمىن ھوشۇر) قاتارلىق رومان، پوۋېست، داستانلار تارىخنىڭ ئەگرى - توقاي يىلىقى ۋە كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ ئۆتكەن ئىزناسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئادەمنىڭ قەدرى ۋە قىممىتىگە باھا بەردى. تارىختىكى ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىكنىڭ، يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەتنىڭ، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇقنىڭ، ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىكنىڭ كەسكىن ئېلىشىشىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبارەت كەڭ كۆرۈنۈشكە يىغىنچاقلاپ، خەلق يارىتىۋاتقان تارىخنى ۋە تارىخ چېنىقتۇرۇۋاتقان خەلقنى مەدھىيىلەپ، دەۋرنىڭ جاراڭلىق كۈيىنى ياڭراتتى. يۇقىرىقى ئەسەرلەر تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ، خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە تىپىكلىق ئەھمىيىتىنى قېزىش، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ جانلىق، كۆپ خىل بولۇش ئارقىلىق ئۆزگىچە بەدىئىي مۇھىت يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات بەلگىسى بولۇپ قالدى.

ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز بىر مەھەل («سول» لۇشيەن ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا) ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ساختا رېئاللىزمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تېخى تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كەتكىنى يوق. بىزدە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىك بىر قەدەر ئېغىر. تارىخىي ئويغىنىش، تارىخىي تاللاش، ئۆزىنى ھەم باشقىلارنى تونۇش ئېڭىنىڭ يېتىلىشىمۇ بىر قەدەر ئاستا بولماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەدەبىيات توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەردە كۆپ قۇتۇپلۇق تەرەققىيات ۋە ئىزدىنىشلەر بارلىققا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان تەجرىبە خاراكتېرلىك ئەسەرلەر يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن «ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش» ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، شەخسنىڭ تار دائىرىدىكى ئىچكى كەچۈرمىشى بىلەن ئەرزىمەس ھېس - تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ھالقىسى ئەۋج ئېلىپ، سىياسىي بىلەن خەلقتىن يىراقلىشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بەزى يازغۇچى - شائىرلار خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە

ئىستىتىك تەلەپلىرىنى نەزەرگە ئالماي، غەربنىڭ مۇدېرنىزىم ئەدەبىياتىنى قارا قويۇقلا كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئۇرۇنۇپ، ئاجايىپ - غارايىپ بولۇشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىدا بىمەنە تەركىبلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، دەۋرىمىزنىڭ قىتىيا پىدتىنى ئوبدان ئىپادىلەپ بېرەلمەي، كىتابخانلاردىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ گەرچە ئومۇمىي ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغان قىسمەنلىك بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ جىددىي دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى سەۋىيە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تېخى پىشىپ ۋايىغا يەتمىگەن ۋە داۋاملىق تىرىشىپ ئىزدىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زور ئۈمىدكە تولغان بولۇپ، پارلاق ئىستىقبالىغا ئىگە. ئەدەبىياتىمىزنىڭ قىرىق يىللىق تەرەققىيات يولىدىكى ئەگرى-توقاي يىلىقلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلغان مەزگىلدە ئەدەبىياتىمىز راسا گۈللەندى، يېڭى بۈسۈش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. «قوش» فاڭجېندىن چەتنەلگەن ياكى ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنغان مەزگىلدە بولسا ئەدەبىياتىمىز خارابلاشتى. ھەتتا خەتەرلىك تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. بۇ تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئاخىرقى بېسىقمايدىغان سىياسىي ھەرىكەتلەرگە خاتىمە بېرىلىپ سەنئەت دېموكراتىيىسى تۇرغۇزۇلغان، يازغۇچى - شائىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىجادكارلىقى ۋە قابىلىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ كەڭ ئىمكانىيىتى يارىتىلغان بۈگۈنكى بۇ ياخشى شارائىت ئاسانلىقچە قولغا كەلگىنى يوق. شۇڭا ئۇنى بىجانىدىل قەدىرلىشىمىز ۋە چىڭ تىكىپ قوغدىشىمىز لازىم. ئەگەر بىز تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، «قوش» فاڭجېنىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بولساق، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرايدىغان ئالتۇن دەۋرى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ.

---

( بېشى 2 - بەتتە )

بېرىلگەن، ئاممىغا بەدىئىي زوق بېغىشلايدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى خەلققە تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك.

4. بۇ يىل 6- ئايدا «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ ئومۇم نەشرى سانى 100 سانغا توشىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز مۇۋاپىق كۆلەمدە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، 100 سان چىقىرىش جەريانىدىكى، بولۇپمۇ 3 - ئومۇم يىغىنىدىن بۇيانقى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئوبدان يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» نى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىشقا پايدا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ ۋە مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىغا ئىلھام بېرىشىمىز كېرەك.

كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى پارتىيىگە، خەلققە سادىق، ئىشەنچلىك قوشۇن. بىز ئىشىنىمىزكى، ئۇلار يېڭى بىر يىلدا پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ ئۇلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ. خەلقىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئەمگىكىگە زور تۆھپە قوشۇشقا قادىر.

ئوبۇل دەرۋىش



# «تۆھپىكار» زاكو

( ھېكايە )

1

غەربتىكى ئاقباش تاغلاردىن باشلىنىپ، شەرققە قاراپ ئاقىدىغان بۇ دەريانىڭ قاچان ھاسىل بولغانلىقىنى گەرچە ھېچكىم بىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ سۈيىنى ئالتە بۆلەككە ئايرىپ تۇرىدىغان بۇ زاكو ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق ئىدى. يىلدا نۇرغۇنلىغان شاخ-شۇمبا، قوزۇقلۇق ياغاچ-تاش ۋە ئادەم كۆچى بۇ يەرنىڭ قورباني بولۇپ كېتەتتى. بىراق، بۇ ياغاچلار قوزۇق قىلىپ قېقىلماستىن، ئاللىكىملەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت-رىلىقچە توشۇلۇپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئورنىدىكى بوشلۇقنى دېھقانلار ئۆزىنىڭ قان-تەرى بىلەن تولدۇراتتى. ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە پىژغىرىم ئىسسىقتا، ھۆل-يېغىنغا قارىماي تۆرمەن تۆرەتتى، قوزۇق قاقاتتى. مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىدىن بۇيەرگە تەيىنلەنگەن باش مىراپلار (زەنجاڭ) باشقۇراتتى. بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنىڭ ۋاقتى توشقاندا، ئەنە شۇ مىراپقا؛

— ئۇكام، مېنىڭ كۆڭلۈم پۈتتى، خەت بەرسىڭىز! ـ دەپ يالۋۇراتتى. مىراپ توقامەدەك قېلىن دەپتىرىنى ئاچاتتى-دە، شۇ ئادەمنىڭ ئەنگە ئالدۇرغان كۈنىدىن تارتىپ ھېسابلاپ، ئىش كۈنى يۈتكەن بولسا شەخسىي تامغۇسى بېسىلغان ئىككىلىك خەت بىلەنلا ئۇزۇتاتتى. شۇڭا مىراپلار بۇ كەڭرى جاڭگالدا ئاجايىپ قىممەتكە ۋە بەخت ـ تالەيگە ئىگە ئىدى. ئەمما، بۇ يەرگە تەيىنلەنگەن مىراپ نېمىشقىدۇر ئانچە ئۇزۇن تۇرالمايتتى. ئۇ، ياكى بىرەر ئىدارىغا باشلىق بولۇپ يۆتكىلىپ كېتەتتى، ياكى باشقا بىرەر ئورۇنغا مۇھىم بىر ئىشقا قويۇلاتتى. نەتىجىدە، دېھقانلار بۇرۇنقى مىراپنىڭ ئىسمىنى شەكسىزلا ئۇنتۇشقا مەجبۇر بولاتتى ـ دە، يېڭى مىراپنىڭ ئىسمىنى تېزراق بىلىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. مانا ئۆتكەن يىلى بۇ يەرگە قۇربان مىراپ بولۇپ كېلىۋېدى، كۆز بېشىدىلا ئۇ، سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ كەتتى. بۇ يىل بۇ يەرگە كېلىدىغان ئادەم تېخى تەيىنلەنمىگەنىدى. شۇڭا، بۇ يەرنى ئالتە يېزىدىن كەلگەن ۋەكىل مىراپلار بىرلىكتە باشقۇرۇۋاتاتتى، ئۇلار بۇ كەڭرى جاڭگالدا ھەممىنى قىلىشتىن ئايانمايدىغان، تازا تېپىشقان ئادەملەر ئىدى. ھەر كۈنى ئۇلار بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ھاراق ئىچىشەتتى، قارتا ۋە قىمار ئوينىشاتتى. بۇنىڭغا كەتكەن چىقىملارنى ھېچكىم نەزىرىگىمۇ ئېلىپ قويۇشمايتتى. چۈنكى، ئاشۇ دەريا سۈيى قۇرۇپ قالمىسىلا ئۇلار پۇل ـ پۇچەكتىن غەم قىلمايتتى.

مانا بۈگۈنمۇ ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغاچقا، ئۇلار ئەتىگەندىلا زاكۇ يېنىدىكى قېرى توغراق ئاستىغا سورۇن تۈزۈشتى. ئۇلار بىر ـ ئىككى قول قارت ئوينىغاندىن كېيىن، قىمارغا چۈشۈشتى. چۈنكى تېخى تۈنۈگۈنلا يۈز يۈەنگە سۇ ساتقان داۋۇت مىراپ ئۇلارنىڭ ئېسىدە ئىدى. ئۇلار تازا قىزىپ ئويناۋاتقاندا، توغراق ئۈستىدە بىر سېغىزخان شاراقلىۋېدى، ئۇلارنىڭ دىققىتى بۆلۈندى.

— ۋۇي، سېغىزغان شاراقلاۋاتىدۇ، بىرسى كېلەمدۇ ـ نېمە؟ ـ دېدى ئۇلارنىڭ بىرسى ئەتراپقا قاراپ.

— بەلكىم شۇنداقتۇ؟ ئۆتكەن ھەپتە تۆردى ھاكىم كەلگەندە، بىرسىنى باشلىق قىلىپ ئەۋەتىمىز دېگەندەك قىلىۋىدى، ـ دېدى يەنە بىرسى.

— بۇ يەرگە كېلىدىغىنى ھەقچان مەڭزىگە تۈك چىقمىغان سويمەك بالىغۇ دەيمەن!؟

— ھازىرچە پەرەز قىلىپ بولمايدۇ ...

— توختاڭلار! بۇ يەرگە كېلىدىغىنى... ھە... ـ ئاياغ يېزىنىڭ مىراپى داۋۇت سەلەي ئورا كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆز پەرزىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ـ ئاق سېرىق كەلگەن، ئېگىز بوي يىگىت، ئىسمى ئەكرەم...

— ئەكرەم؟

— ھە ئە.

— بەللى، ھەر يىلى بىرسىنىڭ كۆتىگە سۆيىدىكەنمىز ـ دە!

— مەيلى، كەلسە كېلىۋەرمەمدۇ، نېمەمىز خوراپ قالاتتى بىزنىڭ! ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەنمۇ چىقىشىپ قالىمىز ـ دە! ـ دېدى داۋۇت مىراپ.

ئۇلار قارتلىرىنى يىغىشتى...

2

ھاۋا بۈگۈن تولىمۇ تىنجىق ئىدى. ئەگرى ـ بۈگرى جاڭگال يولىدا «بېيجىڭ» ماركىلىق بىر جىپ چايقىلىپ ـ سىلكىنىپ كېلىۋاتاتتى. ماشىنىدا شوپۇردىن باشقا

ئاق ـ سېرىق كەلگەن، يۈزى سەل سوزۇنچاق بىر يىگىتمۇ بار بولۇپ، ئۇ، مۇشۇ زاكۇغا يېقىندىن تەيىنلەنگەن باشلىق (زەنجاڭ) ئەكرەم ئىدى. ئۇ، شۇ تاپتا ئۆزى ئىشلىمەكچى بولغان ئاشۇ «ئالتە زاكۇ»①غا كېتىۋاتاتتى. ماشىنا جاڭگاللىغا قاراپ ئىچكىرىلىگەنسېرى، ئۇنىڭ خىيالىمۇ چوڭقۇرلاپ بېرىۋاتاتتى.

ماشىنا ئاخىرى بۇ زاكۇنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى، ئەكرەم ماشىنىدىن چۈشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۇكام، تىنچ كەلدىڭمۇ؟

تۈنجى قېتىم ئۇنى قارشى ئالغان ئادەم، ئاشۇ داۋۇت مىراپ بولدى.

— ئەكەلگىن ئۇكام، يۈك ـ تاقىڭنى بىز ئەكىرىپ بېرەيلى.

ماشىنا كەتتى، ئەمما نېمىشقىدۇر ئەكرەمنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى. ئۇ تېخى ئۆتكەن يىل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ سۇچىلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، مۇشۇ ناھىيىگە تەقسىم قىلىنغانىدى. ئۇ، بۇنداق يەردە ئىشلەيمەن دەپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن، مانا ئۇنىڭ باشلىق بولغىنى مۇشۇ يەر ئىكەن ـ دە!

ئۇ، بىر كېچىنى ناھايىتى تەسلىكتە تاڭ ئاتقۇزدى. قاچانلاردۇر كىرىۋالغان سازلىقنىڭ يوغان ـ يوغان پاشىلىرى ئۇنىڭ ئەت ـ يېنىنى چېقىپ قاپارتقۇ قىلىۋەتكەن بولسا، سۇنىڭ بىر خىل رېتىمدا گۈرۈلدىشى ئۇنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى قوچۇۋەتكەنىدى.

— باشلىقمىش تېخى، قۇرۇسۇن بۇنداق يەردىكى باشلىقلىق، ئەتە چوقۇم قايتىپ كېتىمەن!...

ئەكرەم خاراموش ھالدا ئەمدىلا چەينەكنى قولىغا ئېلىۋاتقاندا، ھېلىقى مىراپلار كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەكرەمجان! قانداق، ھاردۇقۇڭ چىقىپ قالغانىدەك تۇرامدۇ؟

ھەممىدىن بۇرۇن ئامانلىق سورىغان داۋۇت مىراپنىڭ ئارقىسىدىنلا باشقىلارمۇ ئېغىز ئاچتى:

— ياخشى چۈش كۆرۈپسەنمۇ، ئۇكام؟

— ھە ئېيتقىنا؟ ئۆزۈڭنى بۇ يەردە قانداقراق سېزىۋاتىسەن، ئۇكام؟

بۇ، ئۇلارنىڭ يېڭى باشلىققا قىلغان قۇۋ ئارىلاش تەكەللۇپى بولسىمۇ، ئەكرەم ئارتۇقچە جاۋاب قايتۇرماي:

— ھەر ھالدا يامان ئەمەس، ـ دەپلا قويدى.

ئۇ، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ بولۇشى بىلەنلا، داۋۇت مىراپ يېنىدىن كىرلەشكەن بىر لۆڭگىنى ئېلىپ ئۇزاتتى. ئەكرەم، يۈز ـ كۆزىنى سۈرتمەيلا، داۋۇت مىراپ كارىۋات ئۈستىگە پۈتىنى ئېلىپ دەررۇپەتىھە ئوقۇدى، ئاندىن:

— مۇبارەك بولسۇن ئۇكام، بىز سېنىڭ بۇ يەرگە باشلىق بولىدىغانلىقىڭنى ئاڭلاپ، بەكمۇ خۇشال بولدۇق، ـ دېدى.

— شۇنداق، ـ يېنىدىكى يەنە بىر كەكەساقال مىراپ ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى.

— دېمىسىمۇ بىر، تىلىمىز بىر بولسىلا، بۇ جاڭگاللاردا ھېچنېمىمىز خوراپ قالمايدۇ ئۇكام، كېيىن بىلىپ قالىسەن!؟

ئەكرەم بۇ يەرنىڭ مۇھىتىغا كۆنەلمىسىمۇ، تۈنجى قېتىم بۇ ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل ئىزھارىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سولاشقان كۆڭۈل گىياھى كىچىككىنە بىر سۇ تامچىسىغا يولۇققاندەك بولدى.

كەچتە ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن،

① ئالتە ئېغىزى بولغاچقا شۇنداق ئاتىلاتتى ـ ئا.

زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇنى ئۇيۇشتۇرغان ئادەم دەل داۋۇت مىراپ ئىدى. سورۇن پونكىتىنىڭ ھويلىسىدىكى پېشايۋان ئاستىغا تۈزۈلگەن بولۇپ، كەڭ ئېچىپ سېلىنغان داستىخانغا پۈتۈن پىشۇرۇلغان قوي گۆشى، بىر نەچچە بوتۇلكا ھاراق، كۈنجۈت سېپىلگەن گىردە نان قويۇلغانىدى.

بوتۇلكىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، تۇنجى رومكىنى داۋۇت مىراپ كۆتۈردى. ئۇنىڭ ساقالسىز ئۇچلۇق ئېڭىكىدىن بىر تامچە ھاراق پەسكە يالاپ چۈشتى. قۇۋ مەككارلىقنىڭ ئىپادىسى چىقىپ تۇرغان كۆكۈش كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ، گويا سانسىزلىغان سىزىقچىلار ئاشۇ كۆزلەردىن چاچراپ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— خوش ئۇكام، ئىچە!

داۋۇت مىراپ ئىككىنچى رومكىنى ئەكرەمگە تەڭلىدى.

— بۇ... بۇ... — ئەكرەم نېمە دېيىشىنى بىلمەي دۇدۇقلىدى.

— ئىچە ئۇكام، ئىچمىسەك بىزدەك قىرىق ياشتىن ھالقىپ قالغان ئادەم ئىچمىسەك بولاتتى. ئەمما، سىلەردەك يىگىتلەرنى كۆرگەندە، بارىنى ئۇنتۇيدىكەن كىشى. ھى... ھى ... ھى ...

باشقىلارمۇ گەپكە ئارىلاشتى:

— بۇ جاڭگالدا بۇنىڭدىن باشقا نېمە بار دەيلا، ئۇكام...

ئەمدى ئەكرەمنىڭ ئارتۇقچە بىر ئەرسە دېيىشىگىمۇ ئورنى قالمىغانىدى. قۇۋ ۋە مەككارلىقتا پىشىپ كەتكەن كۆزلەر خۇددى تۆشۈكتەك قادىلىپ تۇراتتى.

— قېنى، خوش ئاكىلار...

ئەكرەم تۇنجى قېتىم ئۆز كۆڭلىنىڭ باياناتىنى ئۇلارغا ئېلان قىلىۋېدى، مىراپلار خۇشاللىقىدىن ئولتۇرالماي قېلىشتى. ھەممىدىن بەكرەك خۇشال بولغىنى داۋۇت مىراپ بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىغا ئەكرەم يېقىنلاشقانىدى...

3

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى. تۇنجى كۈنى زېرىكىشلىك تۇيۇلغان بۇ يەر، ئەمدى ئەكرەم ئۈچۈن خۇددى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئۆز دىيارىدەك ئېزىز ۋە كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا زاكۇدىكى ھەر بىر تال شاخچە، ھەر بىر تال قوزۇقمۇ تونۇشلۇق بولۇپ كەتتى. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە داۋۇت مىراپنىڭ ھەسسىسى زور بولدى. داۋۇت مىراپ بۇ ئۇتۇقى بىلەن باشقىلار ئىچىدە يەتكۈچە ماختالدى.

— داۋۇتكامىزە ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشقىمۇ قىل قويالايدۇ، جۇمۇ؟ — دېدى ئۇلارنىڭ بىرسى.

— قارىماسەن، تۇنجى كۈنى مەن ئۇ يىگىتتىن تەپتارتقانىدىم. لېكىن داۋۇتكام بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى ماي قىلدى... ھا ... ھا ... ھا...

— ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ خۇيى - پەيلىگە قاراپ ئىش كۆرۈشىمىز كېرەكتە!

ئەكرەم ئۇلارنىڭ قورسىقىدا نېمە مۇددىئا بارلىقىدىن تامامەن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ، كۈنلەرنىڭ ئىككى ۋاق سۇ ئۆلچەپ قويغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن قارتا ئوينايتتى، ئىچىملىك ئىچىشەتتى، بۇ ئىش تاكى ئاخشىمىمۇ داۋام قىلاتتى. ئۇلار بۇ خىلۋەت يەرنى بېشىغا كىيىپ، قانغىچە توۋلىشاتتى. كۈندۈزلىرى بولسا، پېشايۋان ئاستىدا ئېغىناپ سوزۇلۇپ يېتىشاتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇلار ئاخشىمى ئىچكەن ھاراقنىڭ كەيپىدىن يېشىلەلمەي

گاراڭ ھالەتتە يېتىشقىنىدا، تۇساتتىن بىر كىچىك ماشىنا كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا توختىدى. ماشىنىدىن پۇشۇلدىغان ھالدا تۇردى ھاكىم چۈشتى. ئۇ، ۋىلايەتتە ئېچىلغان «كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش» يىغىنىدىن قايتقانىدى. ھاكىمنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ھېچكىم تۇيمىدى. چۈنكى، ئۇلار تازا خورەك تارتىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

— ھوي تېخىچە يېتىشامسەن؟ ئەگەر كەلكۈن كېلىپ زاكۇنى ئەمەس، سەنلەرنى ئېقىتىپ كەتسىمۇ تۇيۇشمايدىكەنسەن!— دېدى تۇردى ھاكىم رەللە بولۇپ.

— ھە ... ھە... ھاكىم... بىز... ئاخشام...

تۈنجى بولۇپ داۋۇت مىراپ دۇدۇقلىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

ئارقىدىنلا ئەكرەم ۋە باشقىلارمۇ ئويغىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېنىدىلا تۇردى ھاكىمنىڭ سۈرلۈك ئەلپازدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئالمان-تالمان ئورنىدىن تۇرۇشتى. ھاكىم دەررۇ ئەكرەمنىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— ھە ئەكرەم، كەلكۈننىڭ ۋاقتى يېقىنلىشىۋاتسا مۇشۇنداقمۇ بىخەستەلىك قىلغان بارمۇ؟ ھۇ بىغەملەر، بۇ يەرگە سىلەرنى نېمە دەپ قويدۇق؟ ھۇ نانقېپىلار!

ئەكرەم نېمە دېيىشىنى بىلمەي تىلىنى چاينىغىنىچە يەرگە قارىدى، ھاكىم ئۇنىڭدىن سورىدى:

— دەريادىكى سۇ ھازىر قانچە كۆپ؟

— ھە ... يىگىرمە بەش...

ئەكرەم ئەتىگەندىن بېرى ئۇخلىغان تۇرسا، نەدىمۇ سۇنى ئۆلچەپ كۆرسۇن؟ ئۇ، ئويلىماي تۇرۇپلا تەخمىنەن ئاشۇنداق جاۋاب بەردى.

— نېمە؟ يىگىرمە بەش؟— تۇردى ھاكىمنىڭ قوشۇمىلىرى سەل تۈرۈلۈپ، گۆشلۈك يۈزىگە بىلىنەر-بىلىنمەس قىزىللىق يۈگۈردى.

— ۋىلايەتتىكى يىغىندا ھەر قايسى دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا سۇ بارغانسېرى ئۆرلەۋاتىدۇ، دەپ ئۇقتۇردىغۇ؟

— راست، ھاكىم، بايىلا ئۆلچىگەنتۇق.

داۋۇت مىراپ تەمتىرەپ قالغان ئەكرەمنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى. تۇردى ھاكىم ئۇلارنىڭ سۆزىگە تازا ئىشەنمىگەندەك، قوللىرىنى كەينىگە قىلغىنىچە زاكۇ تەرەپكە ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەكرەم ۋە باشقىلارمۇ ئەگەشتى. زاكۇدىكى سۇ بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتاتتى. ھاكىم بەش زاكۇدىن ئۆتۈپ، ئالتىنچى زاكۇغا بېرىپلا غەزەپ بىلەن ئارقىغا بۇرۇلدى.

— بۇ نېمە ئىش؟

ئاياغ يېزىغا سۇ بارىدىغان ئۆستەڭنىڭ تاقىقى مەھكەم ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۆستەڭدە سۇ پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنىدى.

ئەكرەمنىڭ چىرايى تامەك تارتىپ كەتتى. چۈنكى، تاقاقنىڭ بۇرمىلىق ئوقىدىكى گايكا ئېلىۋېتىلگەنىدى.

— ھە... ھە ... ھازىرلا ئوچۇقتى، نېمە بولدىكىن؟

— بۇنى سەنلەر قىلمىساڭ ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كېتەمتىمۇ؟ ھازىر قوناق تېرىشنىڭ تازا ئالدىراش پەيتى تۇرسا...

ئەكرەم، ھاكىمنىڭ تەنقىدىدىن تېزراق قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن تاقاقنى ئېچىشقا ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇرمىلىق گايكىسىنى تاپالمىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلدى. ئۇنىڭ چېكىسىدىن پۈرقىراپ سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى.

— تېزراق ئاچامسەن! نېمە قاراپ تۇرىسەن!؟

ئاچچىقى كەلگەن ھاكىمنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقتى.

— بۇراپ چىقىرىدىغان گايكا يوق تۇرىدۇ، — دېدى ئەكرەم بوشقىنا. ھاكىمنىڭ ئەرۋاھى تېخىمۇ ئۇچتى، ئەگەر ئۆزى ھاكىم بولماي ئادەتتىكى كادىر بولغىنىدا، ئۇنى بىر نەچچە شاپىلاق سېلىۋەتكەن بولاتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى.

— بول دەيمەن، چىشىڭدا بولسىمۇ ئاچ، ھېلى بىكار بىر يېزىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ ئەدىپىڭنى بېرىدۇ.

— ھە، توختا ئۇكام، — دېدى داۋۇت مىراپ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ.

— مەن بىر تال گايكىنى تېپىۋېلىپ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويغانىدىم، بەلكىم شۇ چۈشۈپ قالار...

داۋۇت مىراپ بۇ ئىشقا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئالدىرىغان قىياپەتتە، پايپاسلاپ يۈگۈرگىنىچە پونكىتنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئانچە ھايال ئۆتمەيلا بىر تال يوغان گايكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. گايكا ئوققا چۈشۈپ ئايلاندى، تاقاق ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلدى، قايغىن سۇ ئۆستەڭگە موللانلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. داۋۇت مىراپ ئۆز ھۈنىرىنى ھاكىم ئالدىدا بىر كۆرسىتىپ قويغانىدى. ئەمما، بۇ گايكىمۇ شۇ ئوقنىڭ ئۆز گايكىسى ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟

بۇ ئەسلىدە داۋۇت مىراپنىڭ ئويۇنى ئىدى. ئۇ، ئەكرەمنىڭ يۇمشاق قوللۇقى، ۋە بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ئۆستەڭ سۇيىنىڭ بىر سائەتلىكىنى ئىككى يۈز يۈەنگە باشقا يېزىدىكىلەرگە ساتقانىدى. يىللاردىن بېرى بۇنداق ئىشقا پىشىپ كەتكەن بۇ مىراپلار، بۇ ئىشنى ئەكرەمگە ئۇقتۇرمىغانىدى. ھەرھالدا ھاكىممۇ بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى سۈرۈشتۈرمىدى...

4

كەلكۈن مەزگىلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. شۇڭا، بۇ ناھىيىدىكى دېھقانلار غەم-ئەندىشىگە چۈشۈشتى. ئۇلار بىرىنچىدىن، زاكۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەندىشە قىلىشسا، ئىككىنچىدىن، ھەر خىل سېلىقلارنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشۈشىدىن غەم قىلىشاتتى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇنداق ۋاقىتتا ھەر قانداق بەدەل بېرىشتىن ئايانمايتتى، يېزا-كەنتلەرگە جىددىي ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ، ئەمگەك كۈچى، قوزۇقلۇق ياغاچ، شاخ-شۇمبا قاتارلىق نەرسىلەرنى چاچاتتى. بۇ ئەلۋەتتە دېھقانلارنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى-دە، ئەمگەك كۈچى بارلارنىڭ ئادىمى، ياغىچى بارلارنىڭ ياغىچى، پۇلى بارلارنىڭ پۇلى ئەنە شۇ زاكۇغا قاراپ ئاقاتتى. نەتىجىدە، نۇرغۇنلىغان پۇل ۋە ياغاچ-تاش بۇ يەرگە جەملىنەتتى-دە، ئەشۇ مىراپلارنىڭ چۆنتىكىگە، ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتەتتى. شۇڭا، مىراپلار كېلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ پۇرسەتتىن قانداق پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلەتتى.

ئاردا تۇردى ھاكىم تېلېفون بېرىپ، سۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىككى قېتىم سورىدى.

— سۇ داۋاملىق ئۇلغىيىۋاتىدۇ، بىز كېچە-كۈندۈز زاكۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كۆزىتىۋاتىمىز، ئەھۋال كۆرۈلسە دەرھال سىلىگە دوكلات قىلىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئەكرەم.

— بىز ھەرقايسى يېزا-كەنتلەرگە نۇرغۇنلىغان ئەمگەك كۈچى، شاخ-قوزۇق ئورۇنلاشتۇردۇق، ئامال قىلىپ زاكۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداڭلار! — دېدى ھاكىم

گېپىنىڭ ئاخىرىدا.

ئەكرەم بۇ خەۋەرنى مىراپلارغا يەتكۈزگەندە، مىراپلار تولىمۇ خۇشال بولۇشتى. چۈنكى بۇ، ئۇلار ئۈچۈن كېلىۋاتقان بىر ئامەتتە! ئىككى كۈندىن كېيىن، تۆردى هاكىم زاكۇغا ئۆزى كەلدى. ئادەملەر زاكۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كەڭ جىلغىدا مىڭدىلدىشاتتى. ئۇلار قاپقارا سۇيى ساقىپ تۇرغان، كەسلەم - كەسلەم چىملارنى يەلكىسىگە ئېلىپ، زاكۇ ئەتراپىغا تىزىۋاتاتتى. تۆردى هاكىم ئادەملەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، قاشتا ئېگىز دۆۋىلەنگەن قوزۇقلۇق ياغاچلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

— ياغاچلار ئازغۇ؟— دېدى ئۇ بىر پۇتىنى ياغاچ ئۈستىگە ئېلىپ تۇرۇپ:

— تېخى كېلىۋاتىدۇ،— دېدى ئەكرەم جاۋابەن.

— هە ياخشى، بۇنى قاتتىق سۈرۈشتە قىل، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بىرنىمۇ قالدۇرمايمەن،— دېدى ئەكرەم.

5

بۇ قېتىمقى كەلكۈن، يىللاردىكىدەك تاغدىن كېلىدىغان ئۇنچىلا دېۋەك سۇ بولمىغاچقا، كەلكۈن مەزگىلى هەر هالدا بىخەتەر ئۆتۈپ كەتتى. بىر نەچچە ئون كۈن جاپالىق ئىشلەپ، هاردۇق يەتكەن دېهقانلارمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئۆيلىرىگە قايتىشىپ بولغانىدى. ئەمما ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن بىر نەچچە ئون كۇب ياغاچ قاشتا دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. مىراپلار دېهقانلارنىڭ قايسى بىرلىرى كېلەلمەي جەرىمانە ھېسابىدا تۆلىگەن نۇرغۇن پۇللار بىلەن يانچۇقلىرىنى تومپايتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قىزارغان ئاچ كۆزلىرى يەنىلا مۇشۇ ياغاچتا ئىدى. ئەمما، ئۇۋچى قوغلاپ كەلگەن توشقان بىرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندەكلا بىر ئىش يۈز بەردى. سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى، تۆردى هاكىم ئۇشتۇمتۇت بۇ يەرگە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ، شۇ كۈنى زاكۇ ۋە دەريا قىرغاقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئەمدىلا قايتىشقا تەرەددۇتلىنىۋىدى، يامغۇر بىردىنلا كۈچىيىپ ھەممە ياقنى پاتقاق قىلىۋەتتى. جىپماشىنا ئىلاجسىز قونۇپ قالدى. هاكىم كەچتە ئەكرەمنى يېنىغا چاقىرىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالدى. ئىككەيلەن تا تۈن تەڭگىچە پاراڭلاشتى. سىرتتا يامغۇر تېخىچە شارقىراپ چۈشۈۋاتاتتى. كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر غەرەزنى پۈككەن داۋۇت مىراپ، ئۆيىدىن ئاستا چىقىپ ئەمدىلا زاكۇ تەرەپكە ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، هاكىم ياتقان ئۆيىدىن گۇدۇك-گۇدۇك ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى-دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دېرىزە يېنىغا كەلدى. تۆردى هاكىم بىلەن ئەكرەمنىڭ قىلىشقان گەپلىرى ئەمدى ئېنىق ئاڭلاندى.

— شۇنداق قىلىپ ئۆيىنى بۇ يىل سېلىۋېتەمەلا؟— دېدى ئەكرەم.

— بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ بۇ يىلقى پىلانىم ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ نېمىلەر بىلەن پۈتىدىغانلىقىنى سەنمۇ بىلىسەن، ئۆي سالغان ئىكەنمىز ياخشىراق سالمىساق، ياغاچلىرىنىمۇ ئوبدانراق خىللىمىساق بولمايدۇ. لېكىن...هەي ...— هاكىم ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— هازىر سەللا دىققەت قىلمىساق پارىخور بولۇپ قالىمىز...

— سىلىدە شۇنچىۋالا كۈچ-قۇدرەت تۇرۇپ يەنە نېمىدىن غەم قىلاتتىلا؟— دېدى ئەكرەم.

— سېنىڭ دېگەن گېپىڭنىمۇ چۈشىنىمەن، بىراق... ئۇ چاغلار كەلمەسكە كەت-

تى، ھازىر... مەسىلەن ... پۈتۈك سىققۇدەك جايىغىمۇ پۇل تۆلەيسەن ـ دە!

ئەكرەم جىمىپ قالدى. يامغۇر تېخىچە چۈشۈۋاتاتتى. داۋۇت مىراپ، ھاكىمنىڭ ھەر بىر سۆزىنى كاللىسىدا مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ، ئەكرەم ئۈچۈن ئاجايىپ يېڭى پىكىرلەرنى پىشۇرۇپ قويدى. شۇ تاپتا ئەكرەمنىڭ ئورنىدا ئۆزى بولغىنىدا، ئاشۇ پىكىرلەر ئارقىلىق ھاكىمنى تولىمۇ خۇشال قىلغان بولاتتى. لېكىن بۇ ۋاقتى ئەمەستە؟

ئەتىسى ھاكىم مېڭىشتىن بۇرۇن داۋۇت مىراپ ئەكرەمنى چەتكە تارتىپ ئاخشام ئويلاپ قويغان پىكىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئەكرەمگە ئۇنىڭ مەسلىھەتى دەسلەپ تۇزسىز ئاشتەك تەمسىز بىلىندى. ئەمما داۋۇت مىراپ ئۆز پىكرىنى تېخىمۇ دەلىللەپ:

— سەن بۇ يىل كەلدىڭ ئۇكام، ھېچ ئىشنى ئۇقمايسەن. مەن بۇ يەرگە كەلگەن بەش يىلدىن بېرى، ھەر يىلى بۇ يەردىن بىرسى باشلىق بولۇپ ئۆسۈۋاتىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھېچبىرىسى خوراپ قالغىنى يوق. مانا ھازىرقى سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قۇربان جۈيجاڭمۇ تېخى ئۆتكەن يىلىلامۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپ، نىياز شۇجى سالدۇرماقچى بولغان ئۆيگەمۇ شۇ يەردىكى قوزۇقلۇق خىل ياغاچتىن سەكسەن تال، ھاشارچىلاردىن ئەللىكنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭ ھايال ئۆتمەيلا پايدىسىنى كۆردۇق. قۇربان زەنجاڭ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆستۈرۈلۈپ ناھىيىگە كەتتى. مانا سېنىڭمۇ بېشىڭدا ئامەت قۇشى ئەگىپ يۈرۈپتۇ ... ھى ... ھى...

ئەكرەمنىڭ ھاڭ ـ تاڭ قالغىنىدىن، داۋۇت مىراپ سىرلىققىنا ھېجىيىپ قويدى. ئەمما، ھاكىمنىڭ ماشىنىسى يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، گەپنى ئۇزۇنغا سوزمىدى، ـ ئاڭلىسام، ھاكىم بۇ يىل ئۆي سالماقچىمىش، ئەلۋەتتە ئۇنىڭمۇ ياغاچ ۋە ئادەمگە ھاجىتى چۈشىدۇ...

ئەكرەم دەررۇ ھاكىمنىڭ ئاخشام دېگەن گەپلىرىنى ئېسىگە ئالدى.

— توغرا، ھاكىمنىڭ بۇ ئىشقا كەلگەندە خېلى غېمى باردەك قىلىدۇ، ـ دېدى ئەكرەم.

— ھە، مەن دېدىمغۇ، ئادەم ئادەمنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلىش كېرەك.

شۇ ئارىدا، ھاكىمنىڭ ماشىنىسى ئورنىدىن قوزغالدى. ئەكرەم تاقلاپ بېرىپلا ماشىنىنىڭ ئالدىنى توستى. ھاكىم ماشىنىنىڭ كۆزنىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ «نېمە گەپ؟» دېگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ھاكىم، سىلە ئۆي سېلىشقا تۇتۇنۇپلا، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە بىزمۇ قولىمىزدىن كېلىشىچە ھەمدەم بولىمىز... مەسىلەن... ياغاچ... ئادەم...

تۇردى ھاكىم ئۆزى دۈچ كېلىۋاتقان مۇھىم بىر ئىشنىڭ بېشىنى ئاڭلاپلا، ماشىنىدىن چۈشتى.

— ھە، نېمە دېمەكچىسەن؟ ـ دېدى ئۇ ماشىنىدىن سەل چەتنەپ. ئەكرەم يوشۇرۇپ ئولتۇرماي ئۇچۇقىنى ئېيتىۋەتتى:

— سىلى سالماقچى بولغان ئۆيگە بىزنىڭمۇ ئازراق تەييارلىقىمىز بار ئىدى، شۇڭا...

— نېمە تەييارلىق؟

— ھە... ھە... ئاۋۇ ياغاچ... يەنە كەمىلىسە ھەر يوغان قوزۇقلۇق كېلىدۇ تېخى...

ھاكىم نېمە دېيىشىنى بىلمەي، ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ، ئېغىر بىر مەسىلىگە دۈچ كېلىۋاتاتتى. ئۇنى رەت قىلىش ياكى قوبۇل كۆرۈش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كېلەلمەي بېشى قاتتى. ئۇ،

شەپكىسىنى ئېلىپ تەرلەپ كەتكەن تاقىر بېشىنى گۆشلۈك ئالقانلىرى بىلەن سىلاپ قويدى.

— قانچىلىك ياغاچ بار؟ — دەپ سورىدى خېلىدىن كېيىن بىر قارارغا كېلىپ.

— يەتمىش ئۈچ تال.

— يەتمىش ئۈچ؟ — ھاكىم بۇ ساننى تەكرارلاپ قويدى-يۇ، لام-جىم دېمەستىن ماشىنىغا چىقتى. لېكىن ئەكرەم تولىمۇ خۇشال ھالدا ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

6

ھاكىم كېتىپ بىر ھەپتىگىچىمۇ ھېچقانداق بىر ئۇچۇر بولمىدى. دەريادىكى سۇمۇ ئازلاپ قالغاچقا، ھاكىمنىڭ كېلىشىمۇ نائايىن ئىدى. ئەكرەم تولىمۇ بىئارام بولدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ بېشىغا قونايلا دەپ قالغان بىر ئامەت قۇشى ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

«قانداق قىلىش كېرەك؟ ھاكىم راستىنلا سوۋغىمىزنى قوبۇل قىلماسمۇ؟» — ئۇ، شۇ توغرىدىلا ئويلىناتتى، — «ھاكىمغا ئۇچۇقىنى ئېيتىۋەتسەممۇ — يا؟ ئۇ، ئەلۋەتتە كىچىك ئادەم ئەمەس، مېنى نېمە دەپ چۈشىنىپ قالغاندۇ؟ ئىشنى بۇزۇپ قويدۇممۇ نېمە؟» ئەكرەم مۇشۇ ھەقتە تولا ئويلاپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلالمىدى.

— ئۇكام، نېمىشكە شۇنداق جىمغۇر بولۇپ كەتتىڭ؟ ھاكىم كەتكەندىن بۇيان، ئەھۋالىڭ باشقىچىلىغۇ؟ — دېدى داۋۇت مىراپ بىر كۈنى ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ.

— ھەي، نېمىشكە بولاتتى داۋۇتكا، مېنى شۇ ئۆزۈك ئۇچۇرۇپ قويۇپ، ئەمدى چۈشۈشۈمگە ئىگە بولماي ۋاتىسەن! — دېدى ئەكرەم ئوھسىنىپ.

— ھە، مۇنداق دېگىن ئۇكام، گۇمانىم توغرا چىقتى. ئۇنداق بولسا، ھاكىمنىڭ ئاغزىغا قارىماي ئىشنى توغرىلاۋەرمەمسەن! چوڭ ئادەملەر ئەلۋەتتە ئاغزىنى ئۇپراتمايدۇ — دە! — دېدى داۋۇت مىراپ.

— ئىشنى ئۇدۇللا قىلىۋەرمىدۇق؟ — دېدى ئەكرەم.

داۋۇت مىراپ سەل ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى، ئەكرەمنىڭ سوئالى دەڭسەپ كۆرۈشكە تېگىشلىك ئىدى.

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى بىر پەستىن كېيىن داۋۇت مىراپ ئورا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — بىز بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىۋېرەيلى، ئەمما بۇنى ھاكىم باشتا ئۇقماي قالسۇن.

— نېمە؟ ھاكىم ئۇقماي قالسا قانداقمۇ...

— خاتىرجەم بولغىن ئۇكام، ئەلۋەتتە ئۆيگە كىرگەن ماينىڭ پۇرىقى ئىگىسىگە پۇرايدۇ... ھى... ھى... ھى...

بۇ گەپتىن بىر نەرسىنى چۈشەنگەن ئەكرەمنىڭ كۆڭلى سەل خاتىرجەم بولدى.

— ئۇنداقتا، ھاكىمنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىنى قانداق بىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە سەل ئىككىلىنىپ.

— ھەي تولىمۇ نادانكەنسەن ئۇكام، ئەلۋەتتە تۇردى ھاكىم ئۆيدە بارمۇ، تىنچلىقمۇ؟ دەپ تېلېفون بېرىمىز — دە! ھاكىمنىڭ ئۆيدە بار — يوقلۇقى شۇ ئارىلا ئاشكارا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ياكى تۇردى ھاكىم ئۆزى تېلېفون بېرىپ قالار.

ئۇلار خاتىرجەم بولۇپ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئاپتوموبىل ۋە كېتەرلىك كەمكوسلارنى پۈتتۈرۈپ قويدى. ئەمدىكى گەپ تۇردى ھاكىمنىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىشتىلا قالدى. ئەكرەم بىر نەچچە قېتىم تېلېفون چۆرۈپ ھاكىمدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدى. ئۇ يەنە چۆرىدى، ئەمما تېلېفون باش ئاپپاراتتىكىلەرنىڭ قالايمىقان تې

لىفون چۆرىگەنلىكى ھەققىدىكى ئەيىبلەشتىن باشقا ئاۋازغا ئىگە بولالمىدى. ئارىدا بىر نەچچە قېتىم تېلېفون جىرىڭلىغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى **تۇردى ھاكىمنىڭ ئاۋازى ئەمەس** ئىدى.

« ئاھ، مېنىڭ ياش ئۆمرۈم مۇشۇ جاڭگاللاردا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى ـ دە» دەپ ئويلىدى ئەكرەم ئېغىر خۇرسىنىپ.

ئۇ دېرىزە تەكچىسىدىكى بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ، ئەمدىلا بىر رومكا ئىچىۋىدى، تۇساتتىنلا تېلېفون قاتتىق جىرىڭلاپ كەتتى.

— ۋەي ... ئەكرەم تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپلا، تۇردى ھاكىمنىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلىدى، — مەن بۈگۈن ۋىلايەتكە يىغىنغا بارماقچى، ھە، سۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— سۇ سەل تارتىلدى.

— ئۇنداق بولسا مەن ماڭدىم، ئۇ يەردىكى ئىشلارنى ئوبدانراق باشقۇرۇپ تۇرغىن؟ بىرەر ئۆزگىرىش بولسا سۇ ئىدارىسى بىلەن ئالاقە قىل!

— خاتىرجەم بولسىلا ھاكىم، سىلى كۈتكەندەك قىلىمەن!

ئەكرەم تۇرۇپكىنى قويۇپلا سىرتقا ئالدىراپ ماڭدى.

تۈن كېچە، بۇ خىلۋەت جاڭگاللىدا سۇنىڭ شاۋقۇنلۇق ئاۋازىدىن باشقا، كىملەرنىڭدۇ خۇپىيانە ھەرىكىتىنىڭ «تاراق-تۇرۇق» ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە ماشىنا ماتورىنىڭ ئاۋازىمۇ قېتىلدى. ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار گويا بۇ مەخپىيەتلىكنى سېزىپ قالغاندەك كۆزلىرىنى توختىماي چىمىلداتتى.

كوزۇپىغا تولدۇرۇپ خىل ياغاچ باسقان بىر «شەرق شاملى» ماركىلىق ماشىنا، جاڭگال يولىدا ئىككى ياققا ئىغاڭلىغىنىچە ئاستا كېتىۋاتاتتى. ياغاچ ئۈستىدە بىر نەچچە **ئادەم ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ** ئىچىدە داۋۇت مىراپمۇ بار ئىدى.

ئۇ، ئەتىسى تولىمۇ خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى.

— ھەممە ئىش جايىدا ئورۇنداللدى ئۇكام، بىراق ھاكىمنىڭ ئايىلى تولىمۇ تەرسا ئايال ئىكەن، — دېدى ئۇ چاڭ باسقان كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ، — ئۇ «بۇ نېمە گەلەرنى نەدىن ئېلىپ كەلگەن بولساڭلار شۇ يەرگە ئېلىپ كېتىڭلار!» دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى مەن، «بۇنى تۇردى ھاكىم سېتىۋالغان» دەپ ئىشنى ئەپلىدىم ...ھې ...ھې ... ھې...

ئەكرەم بۇ ئىشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن بىر رومكا ھاراق قۇيدى. ئۇلار شۇ كۈنى تاكى خۇدىنى يوقاتقىچە ئىچىشتى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. دەريادىكى سۇمۇ تارتىلىپ بەزى يەرلىرى ئاقتاش بولۇپ قالدى. تۇردى ھاكىمنىڭمۇ ئايىغى بېسىلدى.

بىر كۈنى ئەكرەم داۋۇت مىراپ بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت يۈسۈپ مىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى ئۆيىگە كەتكەنىدى.

— ئەكرەمجان، سۆيۈنچە بېرىڭ! — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرە ـ كىرمەيلا، — ھەقىقەتەن بۇ قەغەزدە سىزنىڭ ئاتىڭىز بار!

يۈسۈپ مىراپ يېنىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ، ھەيران بولۇپ قاراپ قالغان ئەكرەمگە ئۇزاتتى. ئەكرەم ئېلىپلا ئىستېتىك كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭدا قىسقىلا قىلىپ مۇنداق مەزمۇندىكى

خەت يېزىلغان ئىدى:

«ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يولداش ئەكرەم مامۇتنى «ئالتە زاكۇ» دا ئىشلەپ كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە ئاساسەن، ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ تەيىنلەشنى قارار قىلدى...»

— بۇ خەتنى سىزگە كىم بەردى يۇسۇپ-كا؟ — دەپ سورىدى ئەكرەم تازا ئىشەنمەي.

— مەن ناھىيە بازىرى بىلەن كېلىۋاتاتتىم، تۇردى ھاكىم بىلەن قۇربان جۇيجاڭغا ئۇچراپ قالدىم، ئۇلار نېمە دەر دەپ ئەيمىنىپ تۇرۇشۇمغا، «بۇ خەتنى ئالغاچ كەت» دەپ تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئەكرەم بۇ ئىشتىن دەسلەپ ھاڭ-تاڭ قالدى. ئارقىدىنلا «باشلىق» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، شۇئانلا ئۆزىنى يېنىۋالدى. داۋۇت مىراپ باشلىق بىر قانچە يىلەن ئۇنىڭ بۇ يېڭى مەرتىۋىسىنى تەبرىكلىدى. ئۆچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەكرەمنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن، ناھىيىدىن ئالاھىدە بىر كىچىك ماشىنا كەلدى.

— بارغاندىن كېيىن بىزنى ئۇنتۇماسلا بولدى ئۇكام، — دېدى داۋۇت مىراپ ھېجىيىپ.

— ياق، خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنى ھەرگىز بۇ يەردىن ئايرىماي مەن.

ئىككەيلەن خوشلاشتى. ئۇ، ئاخىرقى قېتىم ئۆزىگە زور تۆھپە قوشقان بوزاكۇغا قاراپ قويدى-دە، ماشىنىغا چىقتى. ماشىنا قوزغالدى. ئۇ ماشىنىدا چايقىلىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىشلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئارقىدىنلا ئۇ، بۇ خىلۋەت ئەمما خاسىيەتلىك جايغا كېلىدىغان كېيىنكى ئادەم ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى...

«بۇ زاكۇ، يەنە كىملەرگە تۆھپە قوشاركىن؟»

( بېشى 37 — بەتتە )

مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمدىن سىرىلىپ چىقىپ چاڭقىمىدا توختىغان ئىككى تامچە ئوت سۈيۈقلۇقى يۈز كېلەلمەي نۇمۇس كۈچىدىن دومىلاپ چۈشكەن يەردە مېنىڭ تاقىتىم چىدامدۇ؟

سىرتتا دەھشەتلىك سوغۇق يەنىلا ھۆكۈمران، نەلەردىدۇ قېپقالغان غازاڭ ۋە پاخاللارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ئۇچۇۋاتقان شامال گويا سەللا بىخەستىلىك قىلسام مېنىمۇ ئالدىغا سېلىپ كەتكۈدەك ئىدى. تېنىمدىكى ھارارەت تېخىچىلا سوۋۇمىغان بولسىمۇ، لېكىن يالقۇن ئالدىدىكى يالقۇنلۇق تۇيغۇلار كۆڭۈل ئېكرانىمدا قايتىلاشقا باشلىدى. ئەقىدە، سادىقلىق، گۈزەللىك ۋە پاكلىق ئۇچۇن ھايات دىن گۈزەل ۋە ئىززگۈ مەنالارنى قالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن سەمەندەر، پەرۋانە ۋە ئەنقانىڭ پائالىيەتلىرى قەلبىدە ئۆچمەس بىر تۇيغۇنى ئويغاتتى. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە كەسكىن قىلىپ مۇنۇلارنى دېدىم:

— ئەي چوغ، ئەي يالقۇن! مېنىڭ تېنىمگە كۆچ! باغرىمنى ئاتەشدان، ۋۇجۇدۇمغا ھايا تلىق، ھا ياتلىقىمغا مەن بەرگەن قېنىمنى ياغ، ئۈستىخانلىرىمنى قۇرۇق ئوتۇن قىلىپ چاراسلاپ يان! ئەقىدە، سەممىيەت، پاكلىق ۋە گۈزەللىك ۋۇجۇدۇمنى ماكان قىلسۇن! ئۇنىڭغا مۇشتاق بولغانلار باغرىمنى ماكان قىلىپ، ۋۇجۇدۇمدىن ئەشۇ خىل خىسلەتلەرنى ئەلگە تارا تسۇن!

ئابدۇقاسىم سۇلتان

# بېدىك

(ھېكايە)

يەكشەنبە — ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن دەم ئېلىش كۈنى، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ پۇل تاپىدىغان كۈن. لېكىن ئەتىدىن كەچكىچە ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان دېھقان ئۈچۈن ھەممە كۈن ئوخشاش بولسىمۇ، ئوسسى كېلىشىپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالغان يېرىنى تاشلاپ، باش توخۇ چىللاش بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىراش بازارغا ماڭغان ۋايىت بېدىك ئۈچۈن يەكشەنبە جان بىلەن باراۋەر كۈن. ئايالىنىڭ «قوناق يېرىنىڭ ئوسسى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بۈگۈن تېرىۋالساق قانداق؟» دېگەن تەكلىپىنى رەت قىلىپ، «بۈگۈن دېگەن يەكشەنبە!» دەپ ئۆيىدىن چىققان ۋايىت بېدىك پىسپوتلاپ مېڭىپ كۈن چىقىش بىلەن تەڭ بازارغا كىرىپ بولدى.

بېدىكلىك ۋايىت ئاخۇنغا ئاتا مىراس كەسىپ ئىدى. ئۇ بۇ كەسىپ بىلەن يىگىرمە يىل شۇغۇللىنىپ، بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولۇپ قالغان. ئۇ ھەر يەكشەنبە كۈنى ھەر قانداق مۇھىم ئىشى بولسىمۇ تاشلاپ مال بازىرىغا كىرىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئەرزانراق مال ئۇچرىسا ئالاتتى - دە، ھايىنىغا ساتاتتى. بەزىدە سودىنى كېلىشتۈرۈپ قويۇپ ئوتتۇرىدىن «چاي پۇلى» ئوندۇرۇۋالاتتى. ئۇ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ ھۈنەر بىلەن ئائىلىسىنى قامداپ، ئاز بولسىمۇ يانچۇقىدىن پۇل ئۆكسىمەيدى.

بۈگۈن ۋايىت بېدىك مال بازىرىنى خېلى ئۇزۇن ئايلاندى ۋە ئۆزىگە يارىغۇدەك بىر ئېشەكنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، تىت - تىت بولدى. ئاخىرى ئۇ خېلىدىن بېرى كىشىلەر ئارىغا ئېلىۋالغان، ئاق تۇمشۇقلۇق قارا ئېشەكنىڭ يېنىغا كەلدى. ئېشەكنىڭ بويى بەكمۇ ئېگىز بولۇپ، ئادەتتىكى ئاتلاردىن قېلىشمايتتى. لېكىن، ئېشەك قېرى ئىدى. كىشىلەر ئېشەكنىڭ بويىنى كۆرۈپ ئېلىشقا قىزىقاتتى - يۇ، چىشىنى كۆرۈپ راپى ياناتتى.

— ئۇكام، ئېشەك قانچە پۇل؟ — سورىدى ۋايىت بېدىك مال ئىگىسىدىن، ئېشەكنىڭ چىشىنى كۆرۈپ قىزىقمىغان قىياپەتتە.

— قېنى، ئۆزلىرى بىر نىمە دېسىلە، ئۆزلىرى مۇشۇ بازاردا بولغاندىكەن، — دېدى ئېشەك ئىگىسى، ئېشەكنىڭ باش بېغىنى ۋايىت بېدىككە بېرىپ، — ئېشەك قېرىپ قالغىنى بىلەن يېيىشى ئوبدان، مېڭىشىمۇ ياخشى.

ۋايىت بېدىك ئېشەككە مىنىپ كۆردى. راستىنلا ئېشەك خېلى ئىتتىك ماڭدى.

— ئېشەكنىڭ بۇنچىلىك ماڭغىنى بىلەن يېشى بەك چوڭ ئىكەن، — دېدى ئۇ ئېشەكنىڭ چىشىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ، — ئېزىقتا پەقەت قارا قالماپتۇ. بۇ ئۇن بەش ياشتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

— ئاكا، مەن ئېشەكىمنى تەخەي دەۋاتقىنىم يوققۇ؟ ئېشەكنىڭ ھازىرقى تۇرقىغا قاراپ پۇل بەرسىلە، تارتىنماي پۇلنى سوراۋەرسىلە،— دېدى ئېشەك ئېگىسى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن بۇ پېژقىرىم ئاپتاپتا تۇرۇۋېرىشتىن زېرىككەنلىكى، تېزراق بىكار بولۇشقا ئالدىراۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇنى دەپ، بۇ بۇنى دەپ ئېشەكنىڭ نەرقى ئاخىرى ئەللىك يۈەنگە توختىدى. ۋايىت بېدىك پۇلنى ساندى. ئۇ ئېشەكنى ئالغانىدىن كېيىن، كەچ كىرگىچە يېتىلەپ مال بازىرىنى ئايلىنىپ يۈردى. لېكىن ئېشەك ئالغان نەرقىدىن ئۆرلىمىدى.

— ھىم، توختاپ تۇرۇش،— دېدى ۋايىت بېدىك ئېشەكنى يېتىلەپ ئۆيى تەرەپكە كېتىۋېتىپ،— قېرى ئېشەكمىش، مەن ئۇنى ئەتىلام ياش ئېشەك قىلىمەن، شۇچاغدا كۆرىمىز!...

ۋايىت بېدىك يول بويى ئېشىكىگە مىنمەي يېتىلەپ ماڭدى. تونۇشلاردىن بىرسى:

— ۋايىت ئاكا، ئېشەككە مىنمەي يېتىلىۋالغىنىڭ نېمىسى؟—دەپ سورىۋىدى، ۋايىت بېدىك:

— ئارقامدا بىرسى كېلىۋاتاتتى، يېتىشىۋالسۇن دېگەن،— دەپ جاۋاب بەردى. راستىنى ئېيتقاندا، ۋايىت بېدىك خوراز چىللاش بىلەن تەڭ مېڭىپ، تاڭ ئاتقاندا ئاران تامام بولغان يىگىرمە كىلومېتر يولنى، بۇ ئېشەكنىڭ ئۆزىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ بولۇشىغا ئىشەنمەي يېتىلىۋالغانىدى.

كەچ كىردى، سۈتتەك ئايدىڭدا ۋايىت بېدىك ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ خىيال سۈرەتتى. پىلان تۈزۈپ پايدىنى ھېسابلايتتى. «مۇشۇ ئېشەكنى ھېلىقى ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئالتە چىشلىقدىن ئېشەك قىلىپ ئېپىدە ساتسام، بىر ئاتنىڭ پۇلىغا ئالىدۇ، بىر ئات ئېلىپ مىنسەم بۇنىڭدىن كېيىن بازارغا پىيادە كىرمەيمەن. ھەي، ئۇ چاغدا ‹ۋايىت لەقۋا، ئىشقا بوش، يېرىدىن ھوسۇل ئالالمايدۇ...› دەيدىغانلار ئاغزىنى ئېچىپلا قالسا...»

ئېشەك ھېرىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى كۆزى كۆرمىدىمۇ بىرلا مۈدۈرۈپ يىقىلىپ چۈشۈپ، ۋايىت بېدىكنى خىيالىدىن يۇلۇپ ئالدى.

— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ!— ۋايىت بېدىك ئېشەكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قۇيرۇقىدىن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ «خىت - خىت» دەپ ۋارقىرىدى. ئېشەك تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇلاقلىرىنى پالاقلىتىپ، خورۇلداپ تۇردى. ئۇ ئېشىكىنى ھەيدەپ تەڭ كېچە بولغاندا ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئېشىكىنى ھويلىدا سۇيۇۋېتىپ قويۇپ، ئۆيىگە كىردى. ئايالى ئالىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

— ھوي، ئاش ئەتتىڭلارمۇ؟ - سورىدى ۋايىت بېدىك ئايالىنى ئويغىتىپ.

— خۇمۇرغا ئۇسسۇپ ئوچاققا قويۇپ قويغان، ئىسسىق تۇرغاندۇ،— دېدى ئايالى كۆزىنى ئۇۋۇلاپ.

— قوناق تېرىدىڭلارمۇ؟—سورىدى ۋايىت بېدىك ئاش ئىچكەچ.

— بالىلار بىلەن ئاران بىر ئېتىزنى تۈگەتتۇق، قالغىنى شۇ پېتى بار تېخى.

— مەنمۇ بىر ئېشەك ئېلىپ چىقتىم.

— ياخشى بوپتۇ، ئەتە يەرنىڭ سۆرىمىنى قىلىۋالىدىغان بولدۇق.

— قېرى ئېشەك ئۇ، مېڭىپ ئاران چىقتى، سۆرەمگە يارىمايدۇ.

— قېرى ئېشەكنى نېمىشقا ئالدىڭلار ئەمىسە؟

— بولدى ئويقۇڭنى ئۇخلا، سەن نېمىنى

بىلەتتىڭ...

ۋايىت بېدىك ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خوتۇن-بالىلىرىنى قوناق تېرىشقا بۇيرۇۋېتىپ، ئېشىكىنى ھويلىدىكى يوغان ئوچمە دەرىخىگە چەمبەرچەس قىلىپ باغلىدى-دە، پۇشقۇرۇپ، يۇلقۇنۇپ تۇرغىنىغا قارىماي ئېشەكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇچتىن ئاتە ئېزىق چىشىنىڭ ئوتتۇرىسىنى پولات بېگىز بىلەن تېشىپ كامار قىلدى ۋە ھەر بىر كامارغا بوغدايدەك قارا موم تىقىپ، ئېشەكنىڭ ئېزىق چىشىنىڭ ئوتتۇرىسىنى قارا قىلدى. چۈنكى، ئېشەكنىڭ قېرى ياكى ياشلىقىنى بىلىشتە ئېزىق چىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارا بار ياكى يوقلۇقى ئۆلچەم قىلىناتتى. قارا بار بولسا ياش، قارا بولمىسا قېرى ھېسابلىناتتى. ۋايىت بېدىك يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن قېرى ئېشەكنى ئالتە ياشلىق ئېشەك قىلىپ پەدەزلىگەنىدى. ئۇ ئېشەكنى ئوچمە دەرىخىدىن يېشىپ، ئىشىك ئالدىغا چىقتى-دە، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچىنى بوسۇغا ئاستىغا كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن، ئېشىكىنى يېتىلەپ سەيشەنبە بازار بولىدىغان قوشنا ناھىيىنىڭ يېزا بازىرىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كۆڭلىدە «خۇدايىم، ئەتە ماڭا كور خېرىدار بەرگەيسەن!» دەپ تىلەيتتى.

ۋايىت بېدىك ئېشىكىنى دەڭدە بىر كۈن دەم ئالدۇردى ۋە تازا ئاچ قويۇپ ئەتىسى سەھەردە بازارغا ئېلىپ چىقتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئېشەكنىڭ يېنىغا يىغىلىشتى، خېرىدارلار ئېشەكنىڭ چىشىنى كۆرۈپ: «ئالتە ياشلىق ئىكەن، ئۇسقىنى قامىلىشىپ كەلگەن خىل ئېشەككەن» دېيىشتى. ئاچ ئېشەك كىشىلەرنى بىر نەرسە بېرەرمىكىن دەپ خورتۇلداپ تۇراتتى. نەرقىنى سورىغاندا، ۋايىت بېدىك «ئېشەك 500 يۈەن» دېدى. ئېشەك ئاخىرى 400 يۈەنگە سېتىلدى.



— ئاكا بۇ ھارام مال. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلىنىمۇ نېسى قىلمىدىم، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئېشەكتە ئەيىب-نۇقسان كۆرۈلسە قايتۇرۇپ بېرىمەنجۇمۇ! ئۆزۈڭنى قەيەردىن دېدىڭ؟ - دېدى خېرىدار سودا پۈتكەندىن كېيىن يەنىلا كۆڭلى توختىمىغاندەك قىلىپ.

— ئوكامۇي، خاتىرجەم بول، ئەگەر ئېلىشقا قىزىقمىغان بولساڭ مانا پۇل، - ۋايىت بېدىك ھازىرلا قويۇن يانچۇقىغا سالغان بىر بولاق پۇلنى قولىغا ئالدى، لېكىن ئۇنىڭ كوڭلى پاراكەندە ئىدى. ئەگەر خېرىدار شۇ گەپ بىلەن يېنىۋالسا، ھەممە ئىش تۈگەيدۇ-دە.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بۇ ھارام مال ئەمەسمۇ ئاكا، ئىش قىلىپ...

— ھە، ئۇكا، ئىسمىم ھاپىزاخۇن، كۆك تاغ داۋىنىدىن بولىمەن. ئۇ يەردە ھەممە ئادەملەر مېنى تونۇيدۇ، - دېدى ۋايىت بېدىك.

ئۇ ئۆمرىدە بىر قېتىمدىلا بۇنداق كۆپ پايدا ئېلىپ باقمىغانىدى، شۇڭا خۇداغا ھەمدۇ شۈكرى ئېيتىپ، ئەتىگەندىن بېرى سەپسېلىپ كوڭلىگە پۈكۈپ قويغان، كىشىلەر ئارىغا ئېلىۋالغان، لېكىن تېخى سېتىلمىغان

ئاق قاشقىلىق تورۇق ئاتنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ئاتنى سىنىجىلاپ كۆرۈپ بولۇپ نەرقىنى سوراپ كۆرۈۋېدى، ئات ئىگىسى بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەن باھا قويدى.

— توققۇز يۈزكوي بېرەي، پۇلۇممۇ شۇ، — دېدى ۋايىت بېدىك، ئۆيىدىن لازىم بولۇپ قالسا دەپ ئېلىۋالغان يانچۇقىدىكى بەش يۈز يۈەننى ئېشەك ساتقان تۆت يۈز يۈەنگە قوشۇپ.

— كەم بولىدۇ، — دېدى ئات ئىگىسى.

دەل شۇچاغدا بىر ئادەم كېلىپ ئاتنى توققۇز يۈز ئەللىك يۈەن قىلدى، شۇ تاپتا ئات باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، ۋايىت بېدىك تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى، ئاتنىڭ ئەتراپىنى نەچچە قېتىم ئايلاندى.

— توققۇز يۈز ئەللىك يۈەننى مەن بېرەي، — دېدى ۋايىت بېدىك ئاخىرى. سالاپچىلار ئاتنى توققۇز يۈز توقسان يۈەن قىلىپ قويۇشتى، ئات ئىگىسى ماقۇل بولدى. ۋايىت بېدىك توققۇز يۈز سەكسەن يۈەننى ئات ئىگىسىگە بېرىپ:

— بىرى مۇشۇ ئىكەن، كېيىنكىگە ھەشقالىلا، — دېدى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ. ئات ئىگىسى ئاتقا بىر قاردۋەتكەندىن كېيىن، پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

ۋايىت بېدىك ئاتقا مىنىپ ئۆيگە ماڭدى. ئۇ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ: «باي بولۇش دېگەن مانا مۇشۇ، يەر تېرىيمەن دەپ جاپا تارتىسىمۇ باي بولغىلى بولىدىكەنغۇ؟ ھۈنەر بىلمەي تۇرۇپ، ئەقلىنى ئىشقا سالماي كەتمەن چېپىۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ. مانا مەن ھەقىقىي باي بولۇشنىڭ يولىنى تاپتىم. دادام رەھمەتلىك ‹ بېدىكچىلىك ياخشى ھۈنەر، ئۆگىنىۋال، جانىڭغا ئەسقاتىدۇ › دەپ بازارغا ئېلىپ كىرەتتى. ئېشەكنىڭ چىشىنى مولاشنىمۇ دادام ئۆگىتىپ قويغانىدى. مانا بۇ جاھاندا ھېچكىم بىلمەيدىغان ھۈنەر، مەنمۇ بالىلىرىمغا ئۆگىتىپ قويىمەن ...» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئات يورغىسىنى بۇزۇپ سوكۇلداشقا باشلىدى. ۋايىت بېدىكنىڭ ئۈستىخانلىرى تېلىپ كەتتى، ئاچ قورسىقى تېخىمۇ ئاچتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ئېتىغا بىر قاردۋەتكەندىن كېيىن، بۇگۇن بازاردا ئېشىپ قالغان يېرىم زاغرىسىنىڭ يېرىمىنى ئوشتۇپ ئاغزىغا سالدى. قالغان يېرىمىنى ئاتقا تەڭلىدى، ئات ناننى يېمىدى. ۋايىت بېدىك شۇ چاغدا ئات ئىگىسىنىڭ: «ئاكا بۇ ئات تاي، ئەمدى تۆت ياشقا كىردى، قاتتىقراق ئىشلىتىپ باقمىغان، يېزىچە ئوبدانىراق بېقىپ، كۈزلۈككە ھەر قانداق مەيداندا ئوغلاقتا چاپسىلا بولىۋېرىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى - دە، «راست ئەمەسمۇ، تاي دېگەننى بىراقلا قاتتىق مىنسە بولمايدۇ» - دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئاتنى يېتىلەپ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۆيگە يېتىپ كەلدى. تاڭمۇ ئاتتى، ئۇ ئاتقا بوغۇز بېرىش ئۈچۈن بىر غەلۋىر قوناق ئېلىپ چىقىپ ئوقۇرغا تۆكتى. ئات قوناقنى پۇراپ قويۇپ يېمىدى، قوناقنى ئېلىۋېتىپ بۇغداي ئېلىپ چىقىپ تۆكتى، ئات بۇغداينى ئاغزىغا ئېلىپ، چاينىيالماي چىقىرىۋەتتى. ۋايىت بېدىكنى قورقۇنچ باستى، ئۇ قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئاتنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ چىشىغا قاراپ، تۈنۈگۈن كۆرگەن تۆت ياشلىق تاينىڭ ئېغىزىدا تۆت ياش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان قارىنى كۆرمىدى - دە:

— ئاھ خۇدا! - دەپلا ئارقىسىغا يىقىلدى. ئۇنىڭ كارسىلداپ تۇرغان چىشلىرى ئارىسىدىن: «بۇ ھۈنەرنى باشقىلارمۇ بىلىدىكەن - بۇ ھۈنەرنى باشقىلارمۇ بىلىدىكەن! ...» دېگەن سۆز ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇراتتى.

**ئابدۇرىشىت سەلەي**

## نەسىرلەر

ئابدۇرىشىت سەلەي 1942- يىلى 9- ئايدا قەشقەر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1960- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دەسلەپ ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسىدە ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرى، كېيىن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. ھازىر قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كافېدراسىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.



ئابدۇرىشىت سەلەي 1957- يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «سېنىڭ شەنىڭگە» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىرىشكەن. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا يۈز پارچىدىن كۆپرەك شېئىر، ئەللىك پارچىغا يېقىن نەسرىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. «ھايات تۇغرۇلۇق ئويلار»، «ئوپال ئىلھاملىرى»، «رەڭلەر نەزمىسى»، «كاككۇك»، «ئانا تىل نەزمىسى»، «يامغۇرلۇق كېچىدىكى چاقماقلىق ئويلار» قاتارلىق ئەسەرلىرى كىتابخانلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇ تۈزگەن «ئەدەبىي كالىندار» ناملىق كىتابنىڭ بىر قىسمى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986-، 1987-، 1988- يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىندى. يېقىندا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ «يامغۇرلۇق كېچىدىكى چاقماقلىق ئويلار» ناملىق نەسرلەر توپلىمىنى نەشر قىلدى. ئۇ ھازىر «قەلب ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇزلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىماقتا.

ئابدۇرىشىت سەلەي ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

— تەھرىردىن

### قار مۆجىزىسى

ئېھ، قار! ئانا سۈتىدەك ئاق، غۇبارسىز كۆڭۈلدەك پاك، باھار چېچەكلىرىدەك گۈزەل قار!

قايسى بىر مەشھۇر رەسسام ئانا تەبىئەتنىڭ قەھرىتان پەسلىدىكى گۈلجامالىنى كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە سەندەك تېز سىزالىسۇن؟ قايسى بىر لىرىك شائىر قىش مەنزىرىسىنى سەندەك كۆركەم ئەينەن ئەكس ئەتتۈرەلىسۇن؟ قايسى بىر ماھىر نەققاش دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارغا سەندەك نەپىس گۈلچېكەلىسۇن؟ قايسى بىر ئۇستا - سېھىرگەر مۆجىزىلەر دۇنياسىدا سەندەك كەشپى - كارامەت كۆرسىتەلىسۇن؟

ياق، ياق! ساڭا ھەر قانداق بۈيۈك سەنئەتكارنى ۋە ھەر قانداق ئۇلۇغ ئىجادكارنى تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ، ئەسلا تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ، مەڭگۈ تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ!

ئەگەر ئىشەنمىسەڭ، يالقۇنلۇق قەلبىمنىڭ شائىرانە كۈيىگە ئاشىقانە قۇلاق سال!

AltunOq

سەن ئاسمان ئىلاھىنىڭ زېمىن پەرىسىگە ھەدىيە قىلغان خاسىيەتلىك توي چاچقۇچىسى. سەن توزغاق تىۋىشلىرىدەك لەرزان ئۇچۇپ، سانسىز ئاق كېپىنەكلەردەك يەر-زېمىننى قۇچۇپ ئالەمدە چەكسىز گۈزەللىكنىڭ مۆجىزىلەر كۆرگەزمىسىنى ئاچىسەن.

سەن بىلەن يۈكسەك تاغلار باشلىرىغا كۈمۈش تاج تاقاپ ھاياتقا مەغرۇر باقىدۇ. تاغ باغرىدىكى قارىغايلار ئاق مۇۋۇتتىن تون كەيگەن سالاپەتلىك مويسىپىتلەردەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. دەريالار مۇز ئەينىكىگە سۈترەك پەردە تارتىدۇ. دالىلار ئاق چايشاپ يېپىنىپ شېرىن ئۇيقۇغا چۆمۈلىدۇ. ئېدىر-دۆڭلەر چۆكتۇرۇپ قويغان ئاق تۆگىلەرنىڭ ئۆركىشىدەك تۇس ئالىدۇ. ئېتىزلار ماموق جۇۋىغا يۆگىنىپ مول ھوسۇل شادلىقىنى چۈشەيدۇ. يوللارغا ئاق پايانداز سېلىنىپ، كۈمۈش لېنتىلەردەك يىراق ئۇپۇقلارغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. يول بويىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر مەرمەر تۈۋرۈكلەردەك رەتلىك سەپ تارتىپ تۇرىدۇ. سۆگەتلەر بىلەن ئورالغان كۆللەر، قاتار شام ئورنىتىلغان يۇمىلاق ئاسما چىراغلارنى ئەسلىتىدۇ. باغلار باھار سىياقىغا كىرىپ تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ. يۇپ-يۇمىلاق رىدە شاخلىرى، پېشقەدەم ئارتىستلارنىڭ دولقۇنلۇق بۇدرە چاچلىرىغا ئوخشىسا، ئاكاتسىيە شاخلىرى پورەكلەپ ئېچىلغان ئاق ئەتىرلەرگە ئوخشايدۇ. ئۆستەڭ بويىدىكى رەت-رەت ئۆيلەر ئۈستىگە پاختا باسقان ئاپتوموبىللاردەك كۆرۈنسە، ئۆگزىلەردىكى تورخۇنلارنىڭ گىرۋەكلىرى قىزلارنىڭ بويىندىكى ئاق شارپىلاردەك كۆرۈنىدۇ. مەسچىتلەرنىڭ گۈمبەزلىرى ئاق شايى لىباسقا ئورۇلۇپ تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھنى ئەسلەتسە، ئىككى تەرەپتىكى مۇنارلىرى ئاق ساۋۇت، ئاق قالپاق كىيىپ، پادىشاھنى قوغداپ تۇرغان ئوردا نەۋكەرلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

ئېھ، قاشتېشىدەك سۈزۈك، قۇتۇپ يۇلتۇزىدەك نۇرلۇق، باھار ئاپتىپىدەك يورۇق قار!

سەن كۈمۈش چاچقۇ چېچىشتىن توختاپ، تاڭ جىلۋىسى بەرق ئۇرغاندا، ئالتۇن قۇياش ئاققۇدەك تېنىڭگە ئۇچۇق ئاپتاپنىڭ زەر لىباسىنى يېپىپ، سېنى شۇنداق بېزەيدۇكى: ھاي! ھاي! بۇ مەنزىرىنى ئىپادىلەشكە تىل ئاجىز، قەلەم كەمتۈكلۈك قىلىدۇ.

تاغ چوققىلىرى ئالماستەك پارقىرايدۇ. چەكسىز دالىلار ئاق شايىدەك تاۋلىنىدۇ. مۇز چوكىلىرى نوكچا ناۋاتلاردەك يالتىرايدۇ. سەن مەجنۇنتاللارغا ئاسقان سانسىز سەدەپ مونچاقلاردىن ئېگىلگەن ئەۋرىشىم شاخلار، باغلاردا كۈمۈش كارىدور ھاسىل قىلىپ، ئاق خەسىگە كەشتە تىككەندەك، چېچەك سايىسىدىن يوللارغا كۈمۈشرەڭ گۈل چېكىدۇ. بۇ چاغدا سېنىڭ ئاقلىقىڭغا گۈل، پاكلىقىڭغا نۇر قوشۇلۇپ، سۈزۈك ئاپتاپ ئىللىكىدە ئاق جاۋاھىر دېڭىزىدەك كۆركەم جۇلالاپ، ساڭا باققان ئاشىقانە كۆزلەرنى ئوتلۇق خۇمارلاشتۇرۇپ، نۇرلۇق يۇلتۇزلاردەك پارلاپ چاقنايسەن!

سېنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىڭگە چەكسىز زوقلانغان قۇياش سەندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا چوغلۇق تەبەسسۇم ئىللىكىدە سەن بىلەن خەيرلىشىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي كۆك مەلىكىسى ھىلال ئاي ئوغاقتەك قاشلىرىنى ئوينىتىپ تۈن بويى ساڭا ئەسرا بولىدۇ. سەن ئالتۇن قۇياش بىلەن كۈمۈش ئاينىڭ نۇرلۇق ئىلتىپاتىدىن كۈندۈزلىرى ئاق شايى لىباسقا، تۈنلىرى زەر ئەتلەس لىباسقا پۈركۈنۈپ، شېرىن ئۇيقۇغا چۆمۈلۈپ، ھۆسنۈڭدەك چىرايلىق، جىلۋەڭدەك پارلاق، كۈلكەڭدەك ئوچۇق تاڭلارنى كۈتۈۋالىسەن!

ئېھ، شادلىقنىڭ، پاكلىقنىڭ نىشانىسى قار!

سەن قەلبى پاك، سەبىي بالىلارغا ئامراقلىقنىڭ گۈل قىيىقچىلىرىنى چاچساڭ، ئوت يۈرەك ياشلارغا دوستلۇق ئولتۇرۇشى - كۆڭۈللۈك مەشرەپنىڭ شادلىق ئىشىكلىرىنى ئاچىسەن!

ئوماق بالىلار ئاپئاق سەينالىرىڭدا، ساناجاق تۈكچىدەك چىرايلىق ئىزلارنى قالدۇرۇپ، ئاياغلىرىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازلىرىدىن زوقلىنىپ، سەندىن كومۇلاچ ئېتىپ «قار بوۋاي» ياساپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە خۇشال-خۇرام ئوينىشىدۇ. سەن ئۇلارغا شادلىق ئىچىدىكى شوخلۇق، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق كەيپىيات ئاتا قىلىسەن. قىز-يىگىتلەر سېنىڭ ئىلتىپاتىڭ بىلەن نەزمىچى ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تارىخىي ئەنئەنە قارلىق تاشلاش ئويۇنلىرى ئارقىلىق ساپ قەلبىدە ئېچىلغان پاك مۇھەببەتنىڭ گۈل غۇنچىلىرىدىن قوشاقلىق گۈلدەستە تىزىپ، بېيىتلىق چاي تۇتۇشۇپ، دوستلۇق، سۆيگۈ- تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ.

ئېھ، ساپلىقنىڭ، ساقلىقنىڭ ئەلچىسى قار!

سەن تەبىئەتنىڭ ئاق خالات كەيگەن شىپالىق دوختۇرى.

سەن بىلەن زېمىندىكى چاڭ- توزانلارنىڭ تۇمانلىق ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ، ساپ ھاۋانىڭ ھىدى دىماقلارغا پاكىزلىك نەپەسىنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىمارلارنىڭ چېھرىدىكى كېسەللىكلەر ئازابىدىن پەيدا بولغان سېرىقلىق غازاڭلىرى توزۇپ، ساغلاملىقنىڭ قىزىل گۈللىرى جىلۋىلىنىدۇ. سەن تەبىئىي شىپالىق ئەۋزەللىكىڭ بىلەن ئىنسانلارغا ئۈمىد ھايات، بەخت شولىسى چاچىسەن.

ئېھ، مول ھوسۇلنىڭ، باياشادلىقنىڭ كۈيچىسى قار!

سەن ئادەتتىكى مۇز توزۇندىسى ئەمەس، بەلكى ئېتىزلارغا دەل ۋاقتىدا چېچىلغان ئېسىل ئاق ئوغۇت. سەن بىلەن ئۈسۈملۈكلەر دۇنياسى گۈللەش مەۋسۇمىغا قەدەم قويىدۇ. مايسىلارنىڭ يېشىل تەنلىرى سۇغا قېنىپ، يۈرەكلىرى ياشىرىدۇ ۋە يىلتىزلىرى كۆڭۈللۈك شاخلاپ، غوللىرى چىرايلىق بوي تارتىدۇ، باشلىرى تەكشىلىشىپ مول ھوسۇل يىلىنى كۈتۈۋالىدۇ. سەن ئالەمنىڭ گۈزەل باھارى بىلەن زۇمرەت يازىنى ئېلىپ كېلىسەن. ھاياتلىققا باياشادلىقنىڭ، مول ھوسۇلنىڭ سازىنى چېلىپ كېلىسەن!

ئېھ، سەنئەتكارنىڭ دىل سۆيگۈسى، ئىلھامچىسى قار!

سەن ياراتقان ئاجايىپ مۆجىزىلىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ گۈزەل ئالبومىنى ئاچقاندا، رەسسام قەلبىدە يارقىن لەۋھەلەرنىڭ تەسىرلىك سۈرەتلىرى خۇش جۇلا قىلسا، شائىر يۈرىكىدە لىرىك شېئىرنىڭ ئىلھام بۇلبۇلى شوخ ناۋا قىلىدۇ.

سەن قىشنىڭ چېچىكى سوغدا ئېچىلغان!

سەن كۈمۈش مەرۋايىت يەرگە چېچىلغان!

سەن ھەقىقەتەن ئالەمدىكى بارلىق تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ تۇغما ئانىسى. سېنىڭ تەبىئىتىڭ سوغ بولغىنى بىلەن، مېھرىڭ يالقۇنلۇق چوغدۇر. سېنىڭ ئېرىگەن تامچىلىرىڭنىڭ كۈمۈش ئېقىنلىرى تەبىئەتنى يېشىل لىباسقا ئوراپ، ھاياتقا گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ. سېنىڭ مۆجىزىلىك خىسلىتىڭنى سەنئەتكارلار ئۆز ئەسەرلىرىدە گۈلدەك گۈزەل، شەپەقتەك رەڭدار، كۈيدەك تەسىرلىك ئەكس ئېتىدۇ.

بەرھەق، قايسى بۈيۈك رەسسام تەبىئەتنىڭ قىش مەنزىرىسىنى سەندەك كۆركەم سىزالىسۇن؟ قايسى لىرىك شائىر ئانا يۇرت گۈزەللىكىنى سەندەك تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرەلىسۇن؟ قايسى ماھىر نەققاش قاقشال دەل-دەرەخ، قۇرۇغان گۈل-گىياھلارغا سەندەك نەپىس گۈل چېكەلىسۇن؟ قايسى داڭلىق سېھىرگەر مۆجىزىلەر دۇنياسىدا سەندەك كەشپىي-كارامەتلەرنى كۆرسىتەلىسۇن؟

## باغۋەن قەسىدىسى

سىز، ئاسمان پەلەكقەد كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان گىگانت قارىغايلارنى؛ باغچىلاردا رەڭمۇ-رەڭ ئېچىلغان خۇشپۇراق گۈللەرنى؛ ئېتىزلاردا يېشىل مەخمەلدەك تاۋلانغان يۇمران مايسىلارنى كۆرگىنىڭىزدە ئىچ-ئىچىڭىزدىن زوقلىنىپ، سۆيگۈ فونتانىڭىز ئۇرغۇپ تېشىپ، ئاشۇ گىگانت قارىغايلارنى، ئاشۇ خۇشپۇراق گۈللەرنى، ئاشۇ يۇمران مايسىلارنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگەن قانداق بىر مۆجىزىدۇر، دەپ چوڭقۇر ئويلايدىغانسىز.

شۈبھىسىزكى، سىزنى چوڭقۇر ئويغا سالغان، بارلىق دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلارغا ھايات ئاتا قىلىپ، ئۇلارغا چەكسىز گۈزەللىك بېغىشلىغان مۆجىزە — يىلتىزدۇر.

يىلتىز — ئۆمۈرۋايەت ئۆزىنى كۆرسەتمەي، جاپالىق ئەجرىدىن ئېچىلغان شەرەپ گۈلىنى باشقىلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن خالىسانە تەقدىم قىلىشتەك ئالىيجاناب پەزىلەتنىڭ يارقىن سىمۋولى.

خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ شانلىق ئوبرازى— ئاشۇ يىلتىزغا نېمە دېگەن ئوخشايدۇ-ھە؟

خەلق ئوقۇتقۇچىسى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ئەقىل-پاراسىتىنى، يۈكسەك غەيرەت-شىجائىتىنى، چوڭقۇر سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى ۋە جاپالىق ئەجىر-مېھنىتىنى ياش ئەۋلادلارغا— كەلگۈسىنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرىغا بېغىشلىغان نامسىز قەھرىماندۇر.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا چوڭقۇر نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ قۇياشتەك نۇرلۇق تۆھپىسى تارىخنىڭ ئالتۇن سەھىپىلىرىگە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغانلىقىنى روشەن كۆرۈپ ئالالايمىز. دۇنياغا مەشھۇر ئالىملار، ئۇلۇغ يازغۇچى-شائىرلار، ئاتاقلىق سەنئەتكارلار ۋە داڭلىق ھەربىي قوماندانلار ئۇنىڭ شانلىق ئەجرى بىلەن جاھانغا تونۇلۇپ، تارىختا مۇھىم روللارنى ئوينىغان. شۇڭا تارىخ ھەقلىق رەۋىشتە ئوقۇتقۇچىغا: «ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئانىسى» دېگەن يۈكسەك شان-شەرەپنى ئاتا قىلغان. تارىخنى ياراتقۇچى خەلق ئاممىسى بولسا ئۇنى «تىرىشچان باغۋەن» دەپ قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەقلى — نۇرلۇق چىراغقا ئوخشايدۇ.

«چىراغ يالغۇز ئۆزىنىلا يورۇتمايدۇ، بەلكى ئۆزى يېنىپ تۇرغان پۈتكۈل دائىرىنى يورۇتىدۇ». ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەقىل چىرىغى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر كىشىلىرىنىڭ دىلىغا نۇر چېچىپ، بىلىم شولىسى بىلەن ئاڭ-پىكرىنى يورۇتۇپ، ئۇلارغا قانداق ئادەم بولۇش، قانداق ياشاش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلبى سۈزۈك بۇلاققا ئوخشايدۇ.

بۇ، بۇلاقنىڭسۇلىرى ئىلىم كەۋسەرلىرى بىلەن تولغان. بۇ بۇلاقنىڭ ھەر بىر تامچىسى پاراسەت ئۈنچىلىرىدىن ھاسىل بولغان. ئوقۇتقۇچى ئاشۇ بىلىم كەۋسەرلىرىنى ھايات چۆلىدە پەنگە تەشنا دىللارنىڭ چاڭقاق لېۋىگە تامدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېنىگە دەرمان قەلبىگە ئارمان بېغىشلايدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ تىنىمسىز ھەرىكىتى—ئىشچان ھەسەل ھەرىلىرىگە ئوخشايدۇ. ھەسەل ھەرىلىرى ئەنە شۇنداق ئىشچانلىقى بىلەن ئۆسۈملۈك دۇنياسىدا چەكسىز پەرۋاز قىلىپ، ئىنسانلار ئۈچۈن قىيامدەك ھەسەللەرنى ئىشلەپچىقارسا، ئوقۇتقۇچى مەرىپەت گۈلىستانىدىن بىلىم شىرنىلىرىنى توپلاپ، ئىنسانلارغا تەلىم - تەربىيە ھەسەللىرىنى بېرىدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش روھى — قىران بۈركۈتكە ئوخشايدۇ.

قىران بۈركۈت يۈكسەك قىيادا پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەپ، خەۋپ-خەتەرلەردىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ، ئۇچقۇما بولغان باللىرىنى كۆك ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچىمۇ مۇنبەر قىياسىدا تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆز پەرزەنتىدەك ئاسراپ تەربىيىلەپ، ئۇلارغا قۇدرەتلىك مەنىۋى قانات بېغىشلاپ، ۋايىغا يەتكەندە، ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك چوققىلىرىغا مەغرۇر پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. قىران بۈركۈت ئۇچقۇما بولغان پەرزەنتلىرىنىڭ پەرۋازىنى كۆرۈپ قانچىلىك شادلانسا، ئوقۇتقۇچىمۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا قاراپ قانات قاققان، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئەل خىزمىتىگە ئاتلانغان جەسۇر پەرۋازىنى كۆرۈپ، قەلبى چەكسىز بەخت نۇرىغا چۆمۈلىدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ پىداكارلىق روھى- پىلە قۇرۇتىغا ئوخشايدۇ.

پىلە قۇرۇتى ئاددىي يوپۇرماقلار بىلەن ئوزۇقلىنىپ، ئاخىرى غوزا بولۇپ، يىپەككە ئايلىنىپ، ئىنسانلارغا گۈزەل تۇرمۇش يارىتىدۇ. ئوقۇتقۇچىمۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ، جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ پۈتكۈل بايلىقى—بىلىم جەۋھەرلىرى بىلەن تولغان ئېسىل خەزىنىگە ئوخشايدۇ. بۇ خەزىنىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى — ئانا تىلىدۇر. ئوقۇتقۇچى ئانا تىلىدىن ئىبارەت ئالتۇن ئاچقۇچ بىلەن مەرىپەت خەزىنىسىنى ئېچىپ، ياش ئەۋلادلارغا ئىلىم-پەندىن نۇر چاچىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىدە نۇرلۇق كېلەچەكنىڭ ئۈمىد شامىنى ياندۇرۇپ، گۈزەل كەلگۈسىگە پارلاق يول ئاچىدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ھايات يولى—مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دولقۇنلۇق ئەزىم دەرياغا ئوخشايدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ھايات ئېقىمى ئۆمۈر مەنزىللىرىنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىرىدە تەرەققىيات قىرغاقلىرىنى سۆيۈپ ئېقىپ، ھەر بىر تامچىسىدا دەۋرنىڭ ئۈمىد كۆچەتلىرىنى سۇغۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ.

ئەنە قاراڭ! ئۇنىڭ يالقۇنلۇق ۋۇجۇدىدا ئەۋلاد تەربىيىلەش نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. جاپادىن قورقۇش، ئېرىنچەكلىكتىن ۋايساش ئۇنىڭ تەبىئىتىگە پۈتۈنلەي يات. ئۇنىڭ ئىرادىسى پولاتتىن مۇستەھكەم، كۆڭلى - كۆكسى ئاسماندىن كەڭ، مېھرى-مۇھەببىتى دېڭىزدىن چوڭقۇر، تۆھپىسى خانتەڭرىدىن يۈكسەكتۇر.

ئوقۇتقۇچى — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچى. جاھالەت ئۈستىدىن غەلىبە

قىلىپ، نادانلىقنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغۇچى. پۈتۈن دۇنياغا بىلىم، ھەقىقەت، ئۈمىد، ئىستىقبال، بەخت نۇرىنى تاراتقۇچى!

ئۇنىڭ ھاياتى — نۇرلۇق جاھاننامە، تەسىرلىك سىمفونىيە، يالقۇنلۇق قەسىدە!

## ئانا يەر سۆيگۈسى

ئېھ، يەر! سۆيۈملۈك ئانا يەر!

دۇنيادا سەندىن ئۇلۇغ، سەندىن مۇقەددەس، سەندىن سۆيۈملۈك، بۈيۈك مەۋجۇدات بارمىدۇ؟

ئالەم بىلەن تەڭ ياشلىق تاغلار سېنىڭ قوينۇڭدىن يۈكسىلىپ، بۈيۈكلۈك پىرامىدىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنىڭ ئىشەنچلىك شاھىدى بولغان قۇچاق يەتمەس گىگانت دەرەخلەر سېنىڭ تۇپرىقىڭدا يىلتىز تارتىپ، ئۆسۈپ، باراقسان بولۇپ، چەكسىز كەتكەن ئورمان دېڭىزىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

دولقۇنلۇق ئەزىم دەريالار سېنىڭ باغرىڭدىن يول ئېلىپ، گۈزەل ھايات ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، شاۋقۇنلاپ ئاقىدۇ.

تۇپرىقىڭ ئۈستىدە مەۋجۇتلۇق قىسمىتىگە مۇۋەپپەق بولالىغان ھەممە شەيئىلەر پەقەت سەن بىلەن قەد كۆتۈرۈپ كائىناتقا مەغرۇر باقىدۇ.

ئادەم ئۇرۇغى نىزمىدىكى قان تومۇرلاردەك، تەرەپ-تەرەپكە تۇتىشىپ كەتكەن ئۇزۇن يوللار سەن بىلەن راۋانلىشىپ، بارلىق جانلىقلار ۋە زامانىۋى ماشىنىلار تىنىمسىز قاتناپ ھاياتلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

مول ھوسۇللۇق ئېتىزلار، شېرىن مېۋىلىك باغلار، چارۋىغا باي يېشىل ياياقلار، يۇمران چىمەنلىك گۈزەل قىرغاقلار، كۆركەم، راۋاندار گۈللەر سېنىڭ قۇچىقىڭدا ئالەمگە بىنا بولۇپ، ھاياتقا ئوزۇق، تەبىئەتكە گۈزەللىك بېغىشلايدۇ.

ئېھ، يەر! سەن ھاياتلىقنىڭ مېھرىبان، چىداملىق، قەھرىمان، گۈزەل ئانىسى!

ئىنسان تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا سەندە تۆرۈلۈپ، سەندە ئۆسۈپ - يېتىلىپ، سەندە ھايات كۆچۈرىدۇ. ئاخىرى يەنە سەندە ئالەمدىن ئۆتۈپ، سېنىڭ باغرىڭدىن جاي ئالىدۇ. ئىنسانلار سەنسىز دەڭگۈ ياشىيالمايدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ئېسىل تەرىپ، ھەر قانداق يۈكسەك شان-شەرەپ، ھەر قانداق ئۇلۇغ مەدھىيە ساڭا ئازلىق قىلىدۇ.

ئېھ، يەر! سۆيۈملۈك ئانا!

مەن چىن پەرزەنتلىك بۇرچۇم بىلەن ساڭا بولغان چەكسىز مېھىر-مۇھەببىتىمنى كۆڭۈل خەزىنەمدىن سۆز ئۈنچىلىرىنى تىزىپ ساڭا تەقدىم قىلدىم. سېنىڭ بۇ ئاددىي سوۋغام ساڭا مۇناسىپ كەلسە ئىدى كاشكى، ئۇ ھالدا مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم!

ئېھ، يەر ئانا! سۆيۈملۈك ئانا!

ئەمەت دەرۋىش

# يالقۇن ئىچىدىكى يالقۇنلۇق تۇيغۇلار

( نەسىر )

مۇرۇۋۋەتلىك كۆزنىڭ ساخاۋەت داستىخانلىرى يىغىشتۇرۇلۇپ، زۇلمەت قىش تەبىئەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققان، كائىنات رەھىمسىز سوغۇقنىڭ نەشتەر ئۇرۇشلىرى بىلەن دۈگدەرىشىپ جانلىقلار تۈگەل ئوچەككە كىرىشكەن كۈنلەر ئىدى. يېزىدىچە شېرىن شەربەت بېرىپ تۇرغان دەل-دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچلانغان شاخلىرىغا زەرپ بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان سوغ شامال ئۇنىڭدىن ئاچچىق نالىنى ئەسلىتىدىغان يېقىمسىز بىر ئاۋازنى چىقىراتتى. ئۆز قېنىدا ئۇنچە چاچرىتىپ ئويناقلىتىپ سۇ ئاققۇزغان ئېرىق-ئۆستەڭلەر كۆك مۇز باغرىغا كۆمۈلگەن؛ سايىسى بىلەن مىڭ جانغا ھوزۇر بېغىشلىغان، مىڭلىغان قىز-يىگىتلەرنىڭ شېرىن پاراڭلىرى، ئوتلۇق ئەھدىلىرىگە گۇۋاھ بولغان؛ قەلبنى يايرىتىپ ۋۇجۇددا ئۈزۈلمەس مۇھەببەت ئېقىمىنى ھاسىل قىلىدىغان مەشرەپلەرگە سورۇن بەرگەن قۇچاق يەتمەس بەھەيۋەت دەرەخلەرنىڭ ئاستى چۆلدەرىگەنىدى. مەن قارىسىز دالىنىڭ كەڭ باغرىغا كۆز تىكىپ، ئۇنىڭدىن مۇڭلۇق قەلبىمگە بىرەر ئۈلپەت تېپىشقا زورۇققان بولسامۇ، ھاياتتىن بەزگەن گۇناھكاردەك، بۇ مەنزىرىدىن مۇھەببەتنى ئۈزۈلگەن ۋۇجۇدۇم ھامان بىر ھارارەتنىڭ قوينىنى ئىستەيتتى.

قەلبتە مۇھەببەت چېقىن چاقمىغان ئىكەن، ئىزلىگىنىڭ ئالقىنىدا نۇرلىنىپ تۇرسىمۇ ئۇنى پەرق قىلالمايدىغان ھالەت ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ دۆتلىكمۇ ئەمەس ۋە ياكى ئەقىلسىزلىقمۇ ئەمەس. مۇھەببەت ئويغانمىغان ئىكەن، گۈزەل مەنزىرە ئەمەس، كۆز ئالدىدا جىلۋىسى بىلەن مىڭ جاننى بىھۇش قىلىدىغان نازىنىنمۇ خۇددى جانسىز مۇردىدەك سېزىلىدۇ.

ئوچاقتا مىنگەشتۇرۇپ تىزىلغان قۇرۇق ئوتۇن چاراسلاپ كۆيۈپ، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان يالقۇن ئەلەڭلىمەكتە. مەن مۇزلىغان تەنلىرىمنى گۈلخاننىڭ تەپتىگە ياقتىم، مېنىڭ بۇ قىلغانلىرىم ۋۇجۇدۇمدىكى تۇيغۇلارغا مەنا بېرىش ئۈچۈن بولمىسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر يالقۇننىڭ ئەلەڭلىشىگە ئەگىشىپ يۈرىكىممۇ تەڭ كۆكرەك قەپەزلىرىمگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى.

پاھ، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇنداقمۇ تاسادىپەن ئۆزگىرىش، كۆز ئالدىدا شۇنداقمۇ خىيالەن كارتىنىلار مەۋجۇت بولىدىكەن. ئاتەشنى چوغنىڭ قىزىق تەپتى بەخش قىلغان ئاراملىقتىن ھېلىدىن بىرى سەزگۈسىنى يوقاتقان تەنلىرىمنىڭ خىيال ئەينىكىدە ياشلىقنىڭ توسۇن ئاتتەك چاپچىپ تۇرىدىغان قىزغىن چاغلىرى زاھىر بولدى. مەن ئۇنىڭدا مانا مۇشۇنداق زېمىستاننىڭ ئاپپاق قارغا پۈركەنگەن دالىلىرىدا بىر-بىرىمىزگە قار پومزەكلىرىنى ئېتىشىپ ئويناغان كۈنلىرىمىزنى، شوخلۇق بىلەن يۈگرۈشۈپ توشقان قوغلاپ يۈرگەن چاغلىرىمىزنى، قارلىق تاشلاپ تۇتۇلغان يىگىتنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە قار سۈرتۈلۈپ

يۈزلىگەن ياشلارنىڭ ئويۇن كۈلكىسىگە مىلىكە بولۇپ بەرگەن ۋاقىتلىرىنى، دىھقان ئەشرەبلەرنىڭ تەبىئەتنىڭ بۇ سىخىلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ، كېلەر يىللىق مول ھوسۇلغا ئىشەنچ بىلەن نەزەر تاشلاپ، رازىمەنلىك بىلەن ساقال سىلىغان ۋاقىتلىرىنى كۆرگەنـ دەك بولدۇم. لېكىن، تەسەۋۋۇرۇم تېنىمىنى مۇزلاتقان ھېلىقى دەھشەتلىك سوغۇقلۇق دالـ غا ئەنە شۇ كارتىنىلارنى نىسبەت قىلغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر ۋۇجۇدۇمدا ھامان بىر زەئىپلىك ھۆكۈمران ئىدى. مەن لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئاستا چوخچىلىدىم. قارا مورىدىكى كۆيىلەرنى كۆيدۈرگىنىچە يۇقىرىغا ئېتىلىۋاتقان يالقۇن تېخىمۇ لاۋۇلداشقا باشلىدى. ئۇ بىر – بىرىگە يۆگۈشۈپ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغىغىدەك ھالەت بىلەن بىرگەۋـ دىگە ئايلىنىپ بىر يالقۇن مۇنارىنى ھاسىل قىلاتتى. ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان ھېـلىقى كۆرۈمسىز مەنزىرىدىن مىڭ ھەسسە لەززەت بەرگەن بۇ نەرسىنىڭ ھارارەتلىك تەپتىگـە ئەگىشىپ سىرىنى بىلىشكە قىزىقتۇرىدىغان بىر گەۋدىلىك ھالىتى مەندە ئۆزگىچە بولغـان قىزىقىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. توۋا، بىر تەبىئەتنىڭ قوينىدىكى بىر پەسىلدە ئۆز قۇدـ رىتىنى ئۆز پەزىلىتىگە خاس ھالەتتە نامايەندە قىلىۋاتقان ئىككى خىل كارتىنا. بىرسى ئۆزىدىن ھەممە ۋە ھەممىنى زېرىكتۈرسە، بىرسى قوينىغا چىللايدۇ. مۇرۇۋۋىتى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ھېس – تۇيغۇ — جان بەخش قىلىدۇ. ئەشۇ جان ئارقىلىق ئۆز قۇدرىتىنى نامايەندە قىلالايدۇ...

ھارارەتلىك يالقۇننىڭ كۈچلۈك تەپتى ئاتا قىلغان ھېسلارغا ئەگىشىپ ئەشۇ يالـ قۇنغا مۇھەببىتىنى باغلىغان، ئۆمۈرىنىڭ مەنىسىنى شۇنىڭدىن ئىزلىشقا، ئۆز خىسلەتلىرىـ نى پەقەت ئەشۇ ئارقىلىق جەۋلان قىلىشقا ئادەتلەنگەن نەرسىلەر كۆڭۈل ئويۇمدىن تەـ پەككۇر قۇشلىرىمغا ئەگىشىپ ئۇچقىنىچە كۆز ئالدىمدىكى ئەشۇ يالقۇننىڭ باغرىغا ئۆزىـ نى ئېتىشقا باشلىدى. ئەنە، ئۇلارنىڭ قىسمەتلىرى، خىسلەتلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېـ كىن ۋۇجۇد تەختىدە مانا مۇشۇ يالقۇننى سۇلتان قىلغان ھايات مۇددىئالىرى زاھىر بوـ لۇشقا باشلىدى.

ئەنە، قىسپقىزىل ئاتەش چوغ ئىچىدىن ۋىچىرلاپ چىقىپ، يالقۇن مۇنارىغـا ياـ مىشىۋاتقان سەمەندەر! ئەقىدە ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن بـۇ نەرسە ھارارەتلىك يالقۇننى ھايا تلىق ماكانى، ئاتەشىن چوغنى كۆندىلىك روزانىسى سۈپىتىدە تونۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇشقا رازى بولغان ھالدا ئۇنىڭغا يـۆگەشـ مەكتە. گويا ۋىسال قۇچۇقىغا مۇيەسسەر بولغان ئاشىقتەك، ئۇنىڭ باغرىغا باغرىنى ياقـ ماقتا. كۈچلۈك يالقۇننىڭ ئەلەڭلەپ كۆيۈشى بىلەن تەڭ شادىيانىغا چۈشكەن ئۇسسۇلچىـ دەك ساما سالماقتا. گاھ ئېتىلىدۇ يېشىللىق بىلەن تەڭ قارا كۆيلەرگە؛ گاھ شـۇڭغۇيدۇ يالقۇن باغرىدىن ئاتەش چوغقا، گاھ ئىنتىلىدۇ يالقۇندىن تارىغان نۇر بىلەن قاراڭغۇـ لۇق ئىچىگە. ئۇ ئاتەش چوغنىڭ مۇز باغرىنى ئېرىتىپ ئۇنىڭدىن ھايا تلىقنىڭ ئاساسىنى يارىتىدىغان پەزىلىتى؛ شەيئىلەرنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن بەرپا بولغان گـۈزەللىكلىرىنـى، زوق لەززەتلىرىنى ۋە روھىنى مەڭگۈلۈك ئاسارەتكە چۈشۈرۈش ئـۈچۈن ئېچىقارلىق بىلەن ئۇنى ئىقا پلاپ تۇرغان قاراڭغۇلۇققا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كۆيدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ گۈزەلـ لىكلىرىنى نامايەن قىلىشقا ئادەتلەنگەن يالقۇننىڭ يۈكسەك خىسلەتلىرىگە مۇشتاق بولـ

غان. ئۇنىڭدا ئەقىدە بىلەن ساداقەت گويا ئۆزى ئاشىق بولغان يالقۇن بىلەن چوغدەك
ئاجرالماس گەۋدىگە ئايلانغان. ئۇ گەرچە ئەشۇ ھارارەتلىك يالقۇنىنىڭ، ئاتەشىن چوغـ
نىڭ خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە زاھىر قىلالمىسىمۇ، لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۇنىڭ ئەقىـ
دىگە بىرىككەن ياشاش ئىستىكى ھاياتلىق ئۇچۇن ئۇلگە ئەمەسمۇ؟! ئۇ ۋۇجۇدىنى ھاراـ
رەت قوينىدا ئېرىغدايدۇ، ياشاش يولىنى يالقۇن نۇرىدا يورۇتىدۇ. ھايات مەقسىتىنى
ئۇلۇغ ئارزۇلار بىلەن سۇغىرىدۇ، ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتى نۇر بىلەن ئاتەشكەسىما
بولسا، ھاياتلىق ماكانى بىلەن روزانىسى چىن ئەقىدە ۋە ساداقەتنىڭ تىمسالىدۇر.

ئاھ، ۋۇجۇدا ئاھ، ۋۇجۇد ئىچىدە تېپىرلاپ تۇرغان بىر لوقما گۆش! سېنىڭدە ئەشۇ
جانىۋارنىڭ ئاددىي نەرسىدىن ئالەمچە سۆيگۈ تاپىدىغان پەزىلىتىدىن ئۇچقۇن كۆرۈنسە،
مەن سېنى ئۆزۈمنىڭكىمنى بىلدۈرگۈچى ۋۇجۇد، ھاياتلىقىمنى مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلىدىغان
يۈرەك دەپ ئاتىيالىسام نېمە بولار؟...

ئۇچقۇن چاچرىتىپ چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت يېشىللىق بىلەن قىزىللىقنىڭ بىرىكـ
مىسىنى ھاسىل بولغان يالقۇن تۈۋرۈكىنى كۆچە يىتماقتا. ئۇ ئېگىزلىمەكتە. تىغ تېنىمىنى
قوينىغا ئېلىپ تۇرغان كۆلپەتكە شولا تارتىپ ئۇنىڭ بولۇك - پۈچقاقلىرىدىكى ئاداققى
قاراڭغۇلۇقنى يالماۋاتقان كۆچلۈك نۇر قەلب ئويۇمگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئۇنىڭ، ھەرـ
بىر قاتلاملىرىنى ئېنىق يورۇتماقتا. نەزەرىمدە نۇر ھاياتلىقتا، يورۇقلۇقسا ئادەتكە مەنا.
لېكىن، نۇر بىلەن يورۇقلۇقتىن ياشنى ھايات كەچۈرۈشكە تەگلەشتۈرۈۋەتكەن، سائادەتـ
نى بىر قېتىملىق بۇسلۇق كېكىرىشكە ئاتىۋەتكەن ئادەملەرگە ئوخشاش شەپەرەڭ بىلەن
ھۇقۇش قاچىدۇ. بۇ ھالەت ئۇلارنىڭ ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنىڭ سىماسىنى بېرىدىغان
ئەشۇ كۆچلۈك نۇر ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى يوشۇرۇشنى ئادەت قىلغانلىقىـ
دىن بولسا كېرەك. چۈنكى، ئۇ قاراڭغۇلۇقنى ھاياتلىق ماكانى، شۇملۇقنى ھايات مەقسەـ
تى قىلىپ تاللىۋالغان. شۇملۇق بىلەن سائادەت، رەزىللىك بىلەن شەجائەت، نۇر بىلەن
قاراڭغۇلۇق، قاباھەت بىلەن ئادالەت ھاياتتا ھەممىشە بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن ئەگىـ
شىپ يۈرىسىمۇ، لېكىن ئوت بىلەن سۇدەك پەقەتلا كېلىشەلمىگەن.

شەپەرەڭ بىلەن ھۇقۇشنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان، لېكىن ئاددىي
جىسمىدىكى يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن كىشىلەرگە ئۇلۇغ بىر مەقسەتنى ئۇلگە قىلىپ بەرـ
گەن ئاددىي جانىۋار باركى، ئۇ نۇر ئۇچۇنلا تۇغۇلغان. ئۆزىگە ھاياتلىق بەرگەن نۇرنى
قۇتلۇقلاپ، ئۇنىڭدىن ئالغان بەھرە ھېسابىغا ئاددىي جىسمىنىڭ تۇپراققا باش قويۇشىـ
غا رازى بولىدۇ.

ئەنە، ئۇ قەلب ئويۇمنى يورۇتۇۋاتقان نۇر مەنبەسىگە ھەۋەس بىلەن ئېتىلغىنىچە
قاناتلىرىنى ئەركىن زىرىلدىتىپ يالقۇن مۇنارىنى دەۋر قىلماقتا. خۇددا ئۇنى نۇر بىلەن
قوشماق يارىتقانىدەك، چاڭقاق باغرىنى نۇرغا يېقىپ ئۇنىڭدىن قانچە ھوزۇرلانسا، ئىنگاـ
رىغا تەلمۈرگەن گۈزەلنىڭ شوخ نازىنى ئەسلىتىپ كۆيۈۋاتقان يالقۇندىن تارىغان نۇر ئۇـ
نى غۇبارسىز قوينىدا ئەركىلەتمەكتە. ئۇنىڭ ھەر بىر قانات ئۇرۇشىدىن نۇرغا تەشەككۈر
مەدھىيە كۈيى ياڭرىسا، ھەر - بىر دەۋر قىلىشىدىن ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقنىڭ بۇزۇلماس
ئەھدى بىلىنىدۇ. يالقۇن كۆچەيسە، ئۇنىڭ دەۋر قىلىشى ئەۋجىگە چىقىدۇ. يالقۇن

پەسەيسە ئۇ باغرىنى ئاگا رازىمەنلىك بىلەن ياقىدۇ. ئەنە، يالقۇنسەللا پەسىيەۋىدى، ئۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. كىچىككىنە جىسمىدىن تارىغان كۈچلۈك چېقىن نۇرى بىلەن تەڭ، كۆلپەتكە شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان قاراڭغۇلۇقنىڭ ھەيۋىسى سۇنۇپ، يەر بىلەن يەكسان بولدى.

ئۇنىڭ ھەردانىلىقتا تولغان جىسمى پاك تۇپراققا باش قويدى! غايىۋانە سىردىشىم! نۇرغا قانماي، ئاگا باغرىنى يېقىپ ئەقىدە ئۇچۇن جان بەرگەن ئەشۇ نەرسە شۇنىڭ بىلەن ھاياتىنى خاتىملىدى، دەپ ئېيتىشقا بولامدۇ؟

تىلىم كۆيىدۇ!!

قەلبىمدە ئۇخچىغان روھىي دەرياسىغا شىجائەت بىلەن شۇڭغۇپ، ئۇنىڭ تەكتىدىن دۇردانىلارنى تېرىشكە ئىرادە باغلاپ تۈننى تاڭغا ئۇلىغان چاغلىرىمدا، ئوتلۇق ئارزۇلىرىمنىڭ ئۇچۇن ۋۇجۇدىنى سەرپ قىلىپ، تەپەككۇر يولىغا شولا بېرىۋاتقان ئاددىي شامدىن تارىغان نۇر بىلەن تەڭ ماگا ھەمراھ بولىدىغان، ھەتتا ئىرادە تۇقسى غەپلەت قايچىسى بىلەن كېسىلىپ، سەن ئۇيقۇ گىردابىغا كېلىپ ناخشىڭدا جىسمىنى ماگا ئۇرۇپ، بىدارلىق بەخش قىلىپ، سېنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان بۇ نەرسىنىڭ خىسلىتى ۋۇجۇدۇڭدا يانغان ئالىي غايە بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ ئىختىيارلىرىڭدىن قەلب قاراڭغۇلۇقى يورىسا، ئۇنىڭ جىسمىدا يانغان ئەشۇ چاقماق ئۇچقۇنىدىن قاراڭغۇلۇق ئاستىدا ئىلگىرىلەۋاتقان كائىنات ھاياتلىققا قۇچاق ئاچىدۇ. ئۇ كائىناتقا ھاياتلىقنىڭ مەناسىنى چاچقۇ قىلىپ چاچىدۇ. غەپلەت ھامان ئۇنىڭدىن قاچىدۇ.

خۇدا، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ تەپتى بولمىغان بەدەن بىلەن ئىشقۋاز يۈرەكنى ئىلغا قىلىپ، پۈتكۈل روھىنى ئالىي غايە ئۇچۇن سەرپ قىلىدىغان شىجائەت، جاسارەت مۇپەسسەل بولغان ئەشۇ كىچىككىنە جانىۋارنىڭ خىسلىتىنى ۋۇجۇدۇمغا كۆچۈرسەڭھە؟! مەنمۇ ئادەم ئىكەنمەن دېيەلىسەم!

ئۇ بىر ئاددىي پەرۋانە! قەلبىمدە يانغان ئەقىدە ئۇچۇن ھەيرانە. رازىمەنلىكى، كۆيدۈرسەڭمۇ، ئاقتۇرساڭمۇ پاسقىلىقنىڭ قۇلى قىلمىغىن. زېمىننىڭ تەھتى ئەسراتىغا چۈشۈپ كەتسەممۇ، ئۆمرۈمنىڭ ئاداقى چېكىگىچە ھىممەتنىڭ ئۇلى بولاي! قەلبىم ئەنە شۇ بىرلا ئىستەك ئۇچۇن بىگانە.

..................

لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان يالقۇننىڭ كۈچلۈك نۇرىغا يانداشىپ ۋۇجۇدۇم قىزىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. يالقۇنغا مۇناسىۋەتلىك يالقۇنلۇق خىياللار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئالدىمغا تىزىلماقتا. سەمەندەرنىڭ ئالىي خىسلىتى، ئاددىي جىسمىدىن تاغدەك پەزىلەت بىنا قىلغان پەرۋانىنىڭ يۈكسەك پەزىلەتلىرى گويا ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەپ، جىسمىمنى خاراب قىلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئالىي غايە ئۇچۇن ئۆزىنى ئەشۇ يالقۇندا كۆيدۈرۈپ پاكلاپ، پاكلانغان جىسمىدىن ئۇلۇغ مېھنەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يېڭىدىن قەلب ئىگىسى بولۇپ تۆرىلىدىغان بىر جانىۋار كۆز ئالدىمغا گەۋدىلەندى. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئاتەشكە مۇشتاق سەمەندەر بىلەن نۇرغا شەيدا پەرۋانىغا ئوخشىمىسىمۇ، ئۆمۈر

مەقسىتىنى ئۇممىدۋارلىق بىلەن شىجائەتنىڭ بىرىكمىسىدىن ئىزدەشكە ئادەتلەنگەن غەيۇرلۇقى يالقۇن ئاتا قىلىنىۋاتقان ھېسلىرىمغا قوشۇلۇپ، ۋۇجۇدۇمدا تېخى ھېس قىلىپمۇ يەتمىگەن ئىزگۇ بىر تۇيغۇنى ئويغاتتى.

ئەنە، ئاغزىدا زەيتۇن دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى مەھكەم چىشلىگىنىچە قىن - قىنىغا پاتماي خۇشاللىق بىلەن قانات قېقىپ كېلىۋاتقان بىر جۈپ ئەنقا! گويا ۋىسال قۇچىقىدا شاتلىق بەزمىسىنى قۇرۇپ، ھاياتنىڭ لەززەتلىك چاغلىرىغا تەرەننۇم قىلىۋاتقان جۈپ ئاشىقتەك بىر - بىرىنى خوشال ھالدا قوغلىشىپ يالقۇن مۇنارىغا قاراپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن رازىمەنلىك، ئۇزايىدىن ھاياتنىڭ زوق، لەززەتلىرىدىن قانائەتچە راھەتلەنگەن ئارمانسىزلىقى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇلار ئەركىن قانات قاققىنىچە يالقۇن مۇنارىنى دەۋر قىلدى - دە، ئاغزىدا ئېپلىپ كەلگەن زەيتۇن شاخلىرىنى ئوتقا تاشلىدى. ئارقا - ئارقىدىن دۆۋىلىنىۋاتقان زەيتۇن شاخلىرىغا تۇتۇشۇپ كۆيۈۋاتقان يالقۇن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىرلا ئارمانىنى ئىپادە قىلىۋاتقاندەك، كۈچىيىشكە باشلىدى، يالقۇن كۈچەيدى. جۈپ ئەنقا خۇشاللىق بىلەن ئۇنى بىر نەچچە قېتىم دەۋر قىلدى - دە، ئاتەشكە ئۆزىنى ئاتتى!

ئاھ، ئۇ ئۆزىنى رازىمەنلىك بىلەن ئوتقا ئاتتى! چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان يالقۇن ئۇلارنى ھېچبىر تارتىنماي يلا قوينىغا ئالدى!! ئېسىت! ئۇ ئەشۇ كۈچلۈك يالقۇننىڭ باغرىدا ۋىژژىدە قورۇلىدۇ! ئۆز ئاغزىدا نە - نەلەردىن بىر تال - تالدىن ئېلىپ كېلىپ يالقۇن ئۈستىگە تاشلىغان زەيتۇن شاخلىرىغا تۇتاشقان ئوتنى قاناتلىرى بىلەن يەلپۈپ ئۆلگىيىتقان يالقۇندا «پۇۋ!» دېسە ھېچيەردىن تاپقىلى بولمايدىغان كۆلگە ئايلىنىدۇ! نېمە دېگەن دەھشەت. نەزەرىمدە بۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ جەننەتتىن ئەنداز ئالغان گۈزەللىكىنىڭ ئەشۇ يالقۇندا خاراب بولۇشىغا چىداپ تۇرالمايتتىم. ئۇلارنى[1] توسۇۋېلىشقا مەنەۋى جەھەتتىن ھېچبىر ياردىمىم يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغىنىم بىلەن، شۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئامالىم يوق ئىدى!

شۇ ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن، كۆزۈمنى ئاچتىم. كۆز ئالدىمدا يەنىلا يېشىللىق بىلەن قىزىللىقنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان يالقۇن مۇنارى، مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن قانداق مەنالارنى ئىزدەشنىمۇ بىلمەيمەن. ئاجىز يۈرىكىمنىڭ ئۇنىڭ باغرىدا ئىزسىز يوقالغان بىر جۈپ ئەنقانىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىگە تەلمۈرگەن سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلمەيمەن. نۇرغا شەيدا پەرۋانە، ئاتەشكە مۇشتاق سەمەندەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتەشكە مۇناسىۋەتلىك ھايات پائالىيەتلىرى، تىراگېدىيىلىرى قوشۇلۇپ ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتەۋاتقان بولساممۇ، لېكىن يالقۇن مۇنارىغا تىكىلگەنسېرى، شۇنداق بىر تۇيغۇ كۆڭلۈمگە ئۇرۇق چاچىدۇ. ئوتقا ئۆزىنى رازىمەنلىك بىلەن ئاتقان ئەنقا شۇنىڭ بىلەن ئىزسىز يوقىلامدىكىنە؟!

مەن لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان يالقۇنغا پۈتكۈل دىققىتىم بىلەن تىكىلدىم. بىردىنلا يالقۇن چەمبىرىكى زورىيىپ، ئۇنىڭ يېشىللىق بىلەن قىزىللىق ئارىلاشقان قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئاۋۋالقىدىنمۇ گۈزەل بىر جۈپ ئەنقا پەيدا بولدى.

پاھ، بۇ نېمە ئىشتۇ؟ تىكىرقىغان ھالىتىم بىلەن ئەنقانىڭ ھەرىكەتلىرىگە سەپسالدىم، بىردىنلا ئەنقا زۇۋانغا كەلدى:

— ئەي ئىنسان بالىسى! بىزنى بۇ دۇنيادىن ئىزسىز يوقالدى دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟

مەن دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى ئەشۇ ھارارەتلىك يالقۇننىڭ قوينىدا ئۇلارنىڭ ۋىژژىدە قورۇلۇپ، تامامەن دېگۈدەك كۈلگە ئايلانغانلىقىنى كۆرگەن تۇرسام، ئۇلارنىڭ قايتىدىن مۇنداق گۈزەللىكتە ھاياتلىققا كۆز ئېچىشىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلالاي؟

ئەنقا كۆڭلۈمگە كەچكەنلەرنى بىلىپ يەتتى بولغاي، سۆزلەشكە باشلىدى:

— تەڭرى جانلىقلارنىڭ تېنىگە يارىلىش بىلەن تەڭلا بىر ئىشقنى ئاپىرىدە قىلغان. ئۇ (ئىشق) تەننى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ھەرىكەتكە سېلىپ، ئۇنىڭدىن ئەشۇ تەنگە شۆھرەت ۋە ھالاۋەت بەخش قىلىدۇ. ھەقىقىي ئىشق ئىگىسى ئىشق ئارقىلىق شۆھرەتنى ئىشقنىڭ مەنىسى، ھالاۋەتنى مېھنەتنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە تونىسا ۋە ئۆزى بارلىقى بىلەن مەقسەتكە سىڭىپ كەتسە، ئۇ ھالدا ئۇ ياشاش بىلەن ھايات كەچۈرۈشنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن بولىدۇ. يارىتىش ۋە يارالمىشنىڭ مەنىسىمۇ مانا شۇ! ئەگەر كىمدە - كىم ئۆزىدە يالغاندىن ئىشق پەيدا قىلىۋالسا ۋە كېچە - كۈندۈز زارلىنىپ، ئۆزىنى ئىشقۋاز قىلىپ كۆرسىتىدىغان ھالەتكە يەتسە، ئۇنداق ئىشقنىڭ سىرى ھامان ئاشكارىلىنىپ، رەسۋاچىلىققا قالىدۇ. كېپىنەككە قارا، ئۇنىڭ رەڭگى، ھەرىكەتلىرى قانچىكى ئۆز ۋە يېقىملىق بولۇپ، دىلنىڭ مەيلىنى تارتسىمۇ، لېكىن بەربىر پەرۋانىدەك ۋۇجۇدىنى ئېرىتكۈچى ئەمەس. ئەگەر پەرۋانىنى ئەشۇ نۇر ئىشقى مەس قىلمىسا، ئۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن نۇرغا تەشنا بولامدۇ؟ جان - جەھلى بىلەن يالقۇنغا ئۆزىنى ئۇرامدۇ؟ ئۇنىڭ قاناتلىرىدىكى خاللار ئىشق ئوتىنىڭ نىشانىدۇر. ئۇ ئىشق بىلەن تۆرىلىپ، ئىشق بىلەن جان بەرگەنلىكى ئۈچۈن يارىتىلىشىدىن بىنا بولغان ئەشۇ ئىشققا مەڭگۈلۈك سادىقلىقىنى ئىسپاتلىغان. سەمەندەرنىڭ ئىشق خۇمارىنى كۆردۈڭ. ئۇ پەقەت ئەشۇ ئاتەش يالقۇن بىلەن چوغنىڭ ھارارىتىدىن ئاراملىق ھېس قىلىدۇ. ئۆزىنى ئۇنىڭدا دائىم تاۋلاپ يېڭىدىن خىسلەت ئىگىسى بولۇشقا تىرىشىدۇ. لېكىن، شۇنىمۇ ئېسىڭدە ساقلىغىنكى، ئىشقنى ئەۋۋىلىسىدە ھەممىدە بار قىلىپ ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەممىگىلا باراۋەر نېسىپ بولغان ئەمەس. ئۇمۇ خۇددى زېمىنغا چېچىلغان ئۇرۇققا ئوخشاش، پەرۋىشچىنىڭ ئەجرىگە لايىق يىلتىز تارتقان ۋە مېۋە بەرگەن. ئىشقچانلىقنى يېڭىدىن - يېڭى مەقسەتلەرنى ئىختىرا قىلىشقا ۋە شۇ يولدا يېڭى ئارزۇلارنى تۇغدۇرۇشقا ۋە پۈتكۈلى بىلەن ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن جان بېرىشكە بېغىشلايدۇ. شۇندىلا ئۇ يېڭىدىن - يېڭى مەقسەتنىڭ ئۆرنىكى بولۇپ ياشايدۇ. بىزنىڭ قەلبىمىزدىمۇ ئەنە شۇ بىرلا ئارزۇ! سېنىڭ بىزنى دەسلەپىدە كۆرۈشۈڭ زاھىرەن تەرەپپى بولسا، ھازىرقى كۆرۈشۈڭ باتىنى تەرەپپىدۇر. ئەسلى ۋە شەكلى دېگەن شۇ! دېمەك، ئەشۇ ئىشق يولىدا پاكلانغان ئىكەنمىز، قەلبىمىزنى شەكلىمىزدە كۆرسەتكەن ئىكەنمىز، پاكلىقنىڭ ھەر قانداق تۇيغۇن يۈرەكنى مەھلىيا قىلىمىقى تەبىئىيدۇر! ئۇنىڭدا سۆيگۈ، مېھرى - مۇھەببەت، سەمىمىيەت، ئادىللىق، ۋاپادارلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياشاشنىڭ مىزان-ئۆلچەملىرى گۆھەردەك جۇلالايدۇ. ئەمدى بىزنى ئەشۇ ئاتەشتە — ئۆزىمىز ئېلىپ كەلگەن زەيتۇن شاخلىرىغا تۇتاشقان ئەشۇ يالقۇندا تامامەن دېگۈدەك كۈل بولۇپ تۈگەپتۇ، دەپ ئېيتالامسەن؟!

( ئاخىرى 21 - بەتتە )

رەھىم يۈسۈپ

## باغۋەن مۇھەببىتى

1

ئوقۇتقۇچىلار — ئۇلۇغ ئۇرۇقچاچقۇچىلاردۇر، ئۇلار ئىنسانلار قەلبىگە ئۈمىد ئۇرۇقىنى چاچىدۇ، بىلىم بىلەن قەلب ئېتىزىنى سۇغىرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا ئىختىساسلىقلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز ئەمگىكىدىن مول ھوسۇل ئالغانلىقى بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ مول ھوسۇلنى ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىنئام ۋە مۇكاپات دەپ قارايدۇ.

2

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جوزىسى ئۈستىدە ھەر خىل ئوقۇتۇش پىلانلىرى دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەڭ قىلىش لايىھىسىدۇر. ئوقۇتقۇچىلار ئەنە شۇ ئوقۇتۇش لايىھىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئۇلارغا بىلىم قورغىنىنى بىر - بىرلەپ ئىگىلىتىدۇ.

3

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدىكى ئاق بور خۇددى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان مەشئەلگە ئوخشاش ئوقۇغۇچىلار قەلبىدە ئەقىل - پاراسەت ئۇچقۇنىنى تۇتاشتۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىدە يېڭىچە بىر دۇنيا ھاسىل قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈستى - بېشىدىكى بور ئۇچقۇنلىرى خۇددى كەڭ ئېتىز - دالا ئۈستىگە چۈشكەن خاسىيەتلىك قارغا ئوخشاش بىلىمگە تەشنا چاڭقىغان قەلب ئېتىزلىرىنى سۇغىرىدۇ ھەمدە ئۈمىد بىخلىرىنى ئۆستۈرۈپ ئۇنى مېۋىگە كىرگۈزىدۇ.

4

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ ھاللاردىكى جەڭ مەيدانى — دەرس مۇنبىرى؛ ئۇلارنىڭ قورالى قەلەم ۋە بور، ئۇلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان خام ماتېرىيالى — كېيىنكى ئەۋلادلار؛ ئۇلاردىكى ئىلھام — قىزغىن سۆيۈش؛ ئۇلار يازغان بۈيۈك ئەسەر — ئۇلار تەربىيىلىگەن ئىختىساسلىقلاردۇر.

5

ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارىنى ۋەتىنىنىڭ گۈللىرىگە تەقدىم قىلىدۇ، گۈللەر ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل باھارىنى ئۇلۇغ ۋەتىنىگە تەقدىم قىلىدۇ. ۋەتەن — ئانا، ئۆزىگە سادىق پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

6

ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىگە «✓» بەلگىسىنى سىزىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ بەلگە خۇددى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەلبىدىن ئۇچۇپ چىققان قۇشقا ئوخشايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بۇ قۇشلارغا بىلىمدىن قانات چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن چوققىسىغا

چىقىشىغا، يىراق ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ ئۇچۇشىغا ئەمەلىي مەدەت بېرىدۇ.

7

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىدىكى ھەر بىر بېتىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىزىل قېنى بىلەن سۇغىرىلغان قەلەمنىڭ ئۆچمەس ئىزى بار. ئوقۇتقۇچىلار كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن، يۈرەك قېنى بىلەن يول سېلىشنى ھەقلىق ئىشىمىز، دەپ قارايدىغان قولى ئوچۇق مەردلەردۇر.

8

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر كۈنى بىردىم كىچىككىنە دەرس تەييارلىشىنى خۇددى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئۆچمەيدىغان نۇرلۇق چىراغقا ئوخشىتىش مۇمكىن. بۇ نۇرلۇق چىراغنىڭ مېيى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەتەنگە بولغان قىزىل قەلبىدىن كېلىدۇ.

9

ئوقۇتقۇچىلار بىلىم جەھەتتە ئەڭ شەخسىيەتسىز كېلىدۇ، يەنى ئۆزىنىڭ بارلىق بىلىملىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا قالدۇرماستىن ئۆگىتىپ قويۇشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ؛ ئۇلار ئىلمىي مۇھاكىمە جەھەتتە ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ، گۈل سۈپەت ئېچىلىپ، چېچەكلەپ، مېۋە بېرىشىنى ئارزۇ قىلغۇچىلاردۇر.

10

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمىتى — سەنئەت ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەنئەت. ئۇلار ئەنە شۇ سەنئەت شەكلى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى مەرىپەت گۈلزارىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار يۈرەك قېنىنى پىچاق، ئەقىل - پاراسىتىنى پالتا قىلىپ، دەۋرىمىزگە ئېھتىياجلىق بولغان بىلىم ئىگىلىرىنىڭ سۇنماس ھەيكىلىنى ياساپ چىققۇچىلاردۇر.

11

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىككى كۆزىدە بىرخىل ئالاھىدە سېھرىي كۈچ بولىدۇ، قەھرىتان سوغۇقلاردا ئۇ سىزگە ئىللىقلىق بېرىدۇ؛ قورقىسىڭىز، ئۇ سىزگە قورقماس جاسارەت بېرىدۇ؛ ئۈمىدلەنسىڭىز، ئۇ سىزگە ئىشەنچ ۋە مەدەت بېرىدۇ؛ ھەسرەت - نادامەت چەكسىڭىز، ئۇ سىزگە مېھرى - شەپقەت سالامىنى يەتكۈزىدۇ؛ شۇڭا مەن ھەرقېتىم مەكتىپىمىزنىڭ ئىچىدىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە يېنىپ تۇرغان چىراغلارنى كۆرگىنىمدە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شانلىق ئوبرازىغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىلار خۇددى ئەنە شۇ چىراغلارغا ئوخشاش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاغزىدا تۇرۇپ، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ھاياتلىق سەھنىسىگە نۇر چاچىدۇ.

12

ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ھەيكەلتاراشلارنىڭ ۋەزىپىسى ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى گۈزەل كىشىلىك تۇرمۇشنى ياراتقۇچىلاردۇر؛ گەرچە ئۇلار گۈزەل كىشىلىك تۇرمۇشنى يارىتىش يولىدا قاتتىق كۈچ سەرپ قىلسىمۇ، لېكىن بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ھەيكەلتاراشلار گۈزەل، نەپىس شەكىل تۈسى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناب قەلبىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىلار بولسا ئىچكى گۈزەللىك نۇرى بىلەن كىشىلەرنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئەختەم ئۆمەر

# مەن ئۇنى ئارانلا ئىككى قېتىم كۆرەلىگەن

( ئەسلىمە )

راست، مەن ئۇنى ئاران ئىككى قېتىم كۆرەلىدىم، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىغان تەلۋە كىتاب مەستانىسى چاغلىرىمدا ھەر بىر ئەسىرىنى بېشىمچىلاپ كىرىپ كەتكىنىمچە تەكرار ئوقۇپ تاڭغا يېقىن كىتاب بەتلىرىنى مىجىقلىغىنىچە چۈشەكەپ ئويغانغان چاغلىرىمدا، بۇ سۆيۈملۈك كىتابنى يۇرلەۋەتكىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ كەتكىنىم ۋە «بۇ ھۆرمەتلىك زات قانچىلىك ئادەمدۇ، بەستى يوغان، تازا كېلىشكەن، چىرايلىق ئادەم بولسا كېرەك، ئۆمرۈمدە ئۇنى بىرەر قېتىم كۆرەلەرمەنمۇ؟ ...» دەپ ئويلىغانلىرىم ... بۇ، بالىلىقتىكى سەبىي، پاك ھېسسىياتلىرىم ئىدى. بۇ — ئۇنىڭ مەن تويماي ئوقۇيدىغان ئەسەرلىرى سىڭدۈرگەن ھۆرمەت ھېسسىياتى ئىدى.

كۆتۈلمىگەن، تاسادىپىي چاغدا ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم. ئۆزىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئەسەرلىرىدىن سىڭگەن يازغۇچىغا — پىر ئۇستازغا بولغان ھۆرمەت، ئۆزىنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنىڭ يازغۇچىلىق كامالىتىدىن ئادەملىك كامالىتىنىڭ كۆپ ئۈستۈنلۈكى، بەلكى يازغۇچىلىق ئورنىدىن كۆپ يىراقلاپ — ئارتىپ كەتكەنلىكى مەندە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى.

1986 - يىلى، ئاۋغۇست، ساناقسىز ئۇنتۇلماس خاتىرىلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ سەرخىل خاتىرە. «تارىم» ژۇرنىلى غۇلجىدا چاقىرغان ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتنىشىش شەرىپى مېنى خۇشاللىقتىن گاڭگىرىتىپ قاتۇرۇپلا قويغانىدى. مەن كۆرىدىغان «تۇنجى» لار بۇ پۇرسەتتە ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئاۋۋال كىچىككىمىدىنلا تولا ئاڭلاپ نامى ياد بولۇپ كەتكەن سادىر پالۋان يۇرتى — «ئىلىخو» نى كۆرىمەن، ئاندىن كېيىن مەن ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنى كۆرىمەن، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئەشۇلارنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىمەن، ئۇلار قانداق ئادەملەر، ماڭا ئوخشايدىغان ئادەملەرمۇ ياكى باشقىچە تەقلىدتىكى ئادەملەرمۇ، بىر كۆرەي. مەن تېخىچە ئۆزۈمگە ئىشەنمەيتتىم.

تېڭىرقاپ يۈرۈپ، يىغىن ئورنىنى تەستە تاپتىم. غۇلجا شەھىرى شۇنداق چىرايلىق، ئازادە، باغچىغا ئوخشىسىمۇ مەن ئۈچۈن، شەھەر كۆرمىگەن سەھرا بالىسى ئۈچۈن ئۆي - چوقۇرى تولا بولۇپ كەتكەنىدى. مەن تىزىمغا ئالدۇرۇپ ياتاق بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ بولغىچە «ئۇھ» دېگۈدەك ھالىم قالمىدى. بىر مۇنچە ئادەملەرنى كۆردۈم. ئۇلار شۇنچە شوخ، پاراڭچى بولۇپ، خۇددى قەدىناسلاردەك ئەركىن پاراڭلىشاتتى. تەبىئىي سەزگۈم ھەم مەن كۆرگەن رەسىملەر ئۇلارنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىمىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. «ۋۇي، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشايدىكەنغۇ، مېنىڭ دادام مۇئەللىم، مەن كۆرگەن باشقا كىشىلەرگە، ھەتتا بەزىسىنىڭ تۇرقى، گەپ - سۆزى كوچىدىكى ئالاقاپلارنىڭ دەل ئۆزىگىلا ئوخشايدىكەنغۇ؟!» دېدىم. بىر قىسىملا بولۇپ قالدىم،

دېمەك، ئوخشايدىكەنمىز. تەسەۋۋۇرۇمدا ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەردىن پۈتۈنلەي ئۆزگىچە، بىزگە ئوخشىمايدىغان، گەپلىرى بىزگە چۈشىنىكسىز، ناھايىتى سۈرلۈك، قەيسەر ئادەملەر ئىدى. ھەممىسى ماڭا ياتسىراپ قاراۋاتقاندەك «بۇ بالا بىرەرسىنىڭ غۇلجىنى كۆرسەتكىلى ئالغاچ كەلگەن بالىسىمىدۇر ياكى بىزنى كۆرگىلى، ئويۇنغىلى كەلگەن بالىمىدۇر؟» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار ئۆز يولىغا كېتىۋاتسىمۇ، ئۆز كېپىنى قىلىۋاتسىمۇ، ئۆز خىيالى بىلەن بولسىمۇ، ماڭا شۇنداق تۇيۇلدى. شۇڭا تەرلەپ، بېشىمنى ئۈستۈن قىلالماي، ياتاققا ئۇلاشقىچە روھىي جەددىيلىكتىن ھېرىپ كەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى ياتاققا كىرىپلا ئابلىمىت ھاجى ئاكا بىلەن سېغىنىش ئىچىدە كۆرۈشتۇق. ئابلىز ئۆمەر ئاكىمۇ كىردى، ئۇلارمۇ مېنى تونۇيدۇ، مەنمۇ ئۇلارنى تونۇيمەن. «ھېرىپ ئۆلەي دېدىم!» دەپ، ھالىمنى دەپ بەرگەنىدىم، ئۇلار كۈلۈشۈپ كېتىشتى، يەڭگىللەپ قالدىم.

— ھەممىڭلار كارىدورغا چىقىڭلار!...

سىرتتىن قوپال توۋلانغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەپتىدىن سەپەر ھاردۇقى چىقىپ تۇرغان ئادەملەر ياتاقلاردىن چىقىپ، كۈلۈشۈپ تۇرغانىدى، ئېگىز بويلۇق، قارا قاش، ئورا كۆز بىر ئادەم:

— ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن يازغۇچى - شائىرلار ئۆزۈڭلارنى رۇسلاپ، رەتلىك تۇرۇڭلار! مەشھۇر شائىر روزى سايىت سىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، - دېدى. ئۇنىڭ قويۇق خوتەن شىۋىسىغا تولغان قىزىق چاقچىقى ھەممىمىزنى تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈرۈپ، ئارىدىكى ياتسىراش، سىپايىلىقنى تۈگىتىپ، ھاردۇقىمىزنى چىقىرىۋەتتى.

— ئالدىمغا قالايمىقان كېلىۋەرمەي، رەتلىك تىزىلىپ مېنىڭ قوبۇل قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مەن ئاۋۋال زۇنۇن قادىرنى قوبۇل قىلىشتىن باشلايمەن.

ھەممە يلەن پاراقلاپ كۈلۈشتى. يۈرۈكۈم سېلىپ، كۆزلىرىم چوڭ ئېچىلغانچە، ئادەملەر قارىغان تەرەپكە نەزەر ئاغدۇردۇم، ئەخەت تۇردى ئاكا بىلەن ئابدۇساتتار ناسىرى كۆز ئەينەكلىك، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، خۇشپىچىم بىر بوۋاينى قولتۇقلاپ كەلدى. ھەممە ئادەم بۇ ھۆرمەت ئېگىسىنىڭ قولىنى چەكسىز ئېپتىخار بىلەن تۇتاتتى. روزى سايىت ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:

— ئاكا، ئەمدى ئەدەبىيلىكىمنى كەچۈرۈڭ، سىزنىمۇ سېغىنىدىم، ھەممىنى سېغىنىدىم، ياتىقىڭىزغا كىرىپ كۆرۈشەي دېسەم، خوتەندىن كەلگىچە ھارغاندىنمۇ بەك ھېرىپ كەتكۈدەكمەن، شۇڭا سىزدىن باشلاپ ھەممەيلەن بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈشەي، قوبۇل قىلاي دېدىم... - ھەممىمىز يەنە كۈلۈشتۇق.

— مېنى راستىنلا قوبۇل قىلىدىغانمۇ گاداي! - دېدى زۇنۇن قادىرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىز ئادەتتىكى يازغۇچى بولسىڭىزمۇ، قوبۇل قىلماي بولمىدى، چۈنكى مەن مەشھۇر بولسامۇ كەمتەر ئادەممەن... — تولاكۈلۈپ، زۇنۇن ئاكىنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ بوۋايلارغا خاس يۇمشاق قوللىرىنى تۇتقىنىمدا پۈتۈن سەزگۈم يوقالغاندەك بولدى. دېمەك، مۇشۇ مىنۇتتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈۋرۈ-

كىمنىڭ قولىنى تۇتقانىمدىم!

يىغىن جەريانى مەن ئۈچۈن ھايانمەدىكى ئەڭ قىيىن مىنۇتلار بولدى. مەن ئوتتۇرىغا قويىغان، «زىيمىن، قارا ئادەملەردىگە» پوۋىستى مىنى بەس - مۇنازىرە تاش بورىنى ئاستىدا قويدى. مەيداندا يالغۇزلۇق ھېس قىلدىم، ھەممە ئادەم بىشىمغا تاش ئېتىۋاتقاندەك تەرلەپ، بىشىمنى كۆتۈرەلمەي، يىغلىغۇم كىلىپ كەتتى. خىلى كۆپ يىغىنغا قاتناشقان، لېكىن بۇنداق يىغىنغا قاتنىشىپ باقمىغانىدىم، بۇ يىغىنغا كەلگىنىمگە، «ئەسەر» دەپ ئوتتۇرىغا قويغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم.

—شامالدۇرغۇچنى ئەختەمگە توغرىلاڭلار، بولالمىدى،— ئابلىكىم باقى چاقچاق قىلدى. كۈلمەكچى بولۇۋېدىم، ئاغزىم تارتىشىپ قېلىپ كۈلەلمىدىم، شۇنچە قورقۇنچلۇق گەپلەر ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكا بومبا پارتلىغاندەك ۋارقىرىدى:

— نەدە بۇنداق ئىش يوقكەن؟ بار، بىزدە، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بار! ئاندىن ئەخەت تۇردى ئاكا ۋە سىدىق ھاجى روزىلار جانىسىزلىنىپ كەتكەن روھىمنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ - تارتىپ مىنى ئۆرە قىلدى، يۈرىكىمگە سۇ پۈركۈپ، ئىسىمگە كەلتۈردى، ئۇلار ئايىماستىن سۆزلەيتتى، ۋەزىيەت تىركىشىش ھالىتىدە ئىدى، دەم ئېلىش بولدى، شائىر نەسرۇللا ئابلەت ياتىقىمغا كىرىپ:

— سىزنى زۇنۇن ئاكام چاقىرىدۇ،— دېدى.

«نېمە دەر؟» — پۇت-قولۇمدا جان قالماي، ئورنۇمدىن تۇردۇم، قانداق مېڭىۋاتىمەن، قەيەردە ئۇچرىدى، نادەلۇم. زۇلپىقار ئۇچراپ:

— سىز ئۈچۈن دەشنام يەپ، ئىچىم ئۆرتىلىپ كېتىۋاتىدۇ. راستىنى دېسەم، ئاچچىقىمدا كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى، ئەمما تۈگىشىپ كەتمەڭ! ئۇلار دەيدۇ، ئاغزى كۆنۈپ كەتكەن، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ،— دېدى.

بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ھاۋالىق بىر چۆپلۈكتە زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ ئاكا، تېيىپجان ھادى ئاكا، مۇھەممەت ئىمىن ھوشۇرلار ئولتۇرغانىكەن، بۈككىدە دەرەخ سايىسى سالقىن چىقىرىپ ئادەمنى راھەتلەندۈرەتتى.

— كېلە، دولانلىق شا كىچىك، - دېدى تېيىپجان ئاكا چاقچاق قىلىپ.

— يېنىمغا يېقىن ئولتۇر،— دېدى زۇنۇن ئاكا مېنىڭ قورۇنۇپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ. مەن ئولتۇردۇم، ئۇنىڭ كۆز ئەينەك ئاستىدىكى ئولتۇرۇشۇپ، قىزارغان كۆزلىرىدىن سۇنماس بىر كۈچنى كۆردۈم ھەم تېخىمۇ قورۇندۇم، ئۇ ماڭا خېلى ئۇزاق تىكىلىپ قاردى، نەپەس ئېلىشلىرى تېز - تېز ھەم كۈچلۈك ئىدى، قولۇمدىن كاپپىدە تۇتتى، قورقۇپ كەتتىم.

— يا ئاللا، قېرى ئادەمنىڭ قولىمۇ شۇنداق قاتتىق بولامدۇ؟ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم كەپسىزلىكىم ئۈچۈن قولىقىمنى يېرىم غىمىرىچ سوزۇۋەتكەنىدىمۇ بۇنداق ئاغرىمىغانىدى.

— مەن سېنى ماڭا يېقىن ئولتۇر دېدىم،— دەپ تارتتى، بويىنۇم سوزۇلۇپ يېقىن سۈرۈلدۈم. كۈلۈشكە تىرىشتىم، لېكىن ئۈنۈم چىقمىدى. باشقىلار بولسا يارا قىلاپ كۈ-

لۇشۇۋاتاتتى.

ئۇ قولىقىمنى قويۇۋەتمەستىن:

— ئاڭلا دولانلىق، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، ئەسىرىڭنى تېيىپجان، روزى گادايلار ئوقۇپ بەردى. سەن يازغۇچى بولۇشتىن ئاۋۋال خەت ساۋادىڭنى چىقار.

— خېتىڭنى ھېچكىم ئوقۇيالمىدى، روزى گادايمۇ «مەن تەھرىر ھەر قانداق خەت بولسا شاما قىلىۋېتىمەن» دەپ ئوقۇيالماي چۆرۈۋەتتى . دولانلىق، دولان قويىنىڭ مۈگۈزىدەك خەت يازىدىكەنسەن، ــ دېدى تېيىپجان ئاكا سۆز قىستۇرۇپ.

خىجىل بولغىنىمدىن يەرگە كىرگىدەك بولۇپ كەتتىم.

— كونا يېزىقنى ئۆزىڭىز ئۆگەنگەنمۇ؟ــ سورىدى مەرھۇم ئۇستاز تېيىپجان ھادى ئاكا.

— ھەئە.

—قانچە ۋاقىت بولدى؟

— يېزىشنى ئۆگەنگىلى بىر يىل بولدى.

زۇنۇنكامنىڭ قولى يەنىلا قۇلىقىمدا ئىدى.

— ماڭا قارا، سەن قورقۇپ كەتتىڭمۇ؟

— .........

يەرگە قارىۋالدىم، كۆزۈمگە ياش كەلدى، كۆرسەتمەسلىككە تىرىشىپ، بېشىمنى ئۇستۇن قىلمىدىم.

— ھۇ، نان قېپى، تېخى يازغۇچى بولارمىش! سەن ئەرمۇ، ئايال؟

بېشىمنى شاپىدە كۆتەردىم، تىترەپ كەتتىم، ھەممىسى كۈلدى، زۇنۇنكام كۈلدى:

— ساڭا دەي، قورقما، ئېسىڭدە چىڭ تۇت، ئىت يېرىم يىلدا يەتتە ـ سەككىز نى كۈچۈكلايـ دۇ، ئىت بولىدۇ. يولۋاس ئون يىلدا بىر تۇغىدۇ، يولۋاس بولىدۇ. ئوبدان يېزىۋەسەن، بۇزۇلۇپ كەتمەي ياز، تىرىش، كۆپ كۆر، بىز تۈگىدۇق، ھەممە ئىش ئەمدى سىلەر ــ ياشـ لارغا قالدى...

— ئەكبەر غۇلام كېلىپ ھەممىمىزنى رەسىمگە تارتتى. ھەممەيلەن قوزغىلىپ ماڭـ دى، تېيىپجان ئېلىپ بىلەن يەنە بىرى زۇنۇنكامنى قولتۇقلاپ كىچىك ماشىنىغا چىقارـ دى. بوۋاينىڭ كەينىدىن تىكىلىپ قالدىم، ھازىر ئۆزۈمنى باشقىچە روھلۇق ھېس قىلماقتا ئىدىم.

— ھاي تېيىپجان ئاكا، بۇ ماشىنىنى مەركەزدىن مەخسۇس سىزگە بەردىمۇ؟

— ھە، نېمە دەيسەن، گاداي؟

روزى سايىت بىلەن تېيىپجان ئېلىيوپ ئاكا ئوتتۇرىسىدا چاقچاق باشلاندى.

— سىزدەك ئادەتتىكى شائىرغا پوبېدا بەرگەن بولسا، مەن روزى سايىتتەك مەشـ ھۇر شائىرغا ھۆكۈمەت مەخسۇس ئايروپىلان ياساۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟! ھەممىمىز پاراقـ لاپ كۈلۈشۈپ تېلىقىپ، كۆزىمىزدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— گەپ قىلە، گاداي! ــ دېدى زۇنۇنكام ساماقئولتۇرۇپ ــ سەن بولمىساڭ سورۇن قىزىمايدۇ، جۇمۇ! ــ دېدى زۇنۇنكام.

— بۇ ماشىنىغا مەنمۇ چىقىدىكەنمەن - دە، بوپتۇ، مەن مەشھۇر، سىلەر ئادەتتىكى-چە بولساڭلارمۇ كەلگۈسىدە بىز روزى سايىت بىلەن بىر ماشىنىدا بىرگە ئولتۇرۇۋالغان دەپ ئاغزىڭلارنى تاتلىق ئېتەرسىلەر.

— چىققا گاداي، كەلگۈسىدە ئايروپىلانىڭغا بىزنىمۇ ئولتۇرغۇزارسەن، - تېيىپجان ئېلىيوپ ئاكا روزىنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە كۈلۈشلەر ئىچىدە ماشىنا يۈرۈپ كەتتى.

نىلقا يايلىقىدا تۇرۇپلا:

— ھەي دولانلىق، دولان ئۇسۇلى ئويناپ بەر، - دېدى زۇنۇنكام.

— راست بىر كۆرەيلى، - دېدى تېيىپجان ئاكىمۇ خۇشال بولۇپ.

— يالغۇز ئادەم ئوينىغىلى بولمايدۇ، - دېدىم مەن.

— قورقماي ئوينا، مەن قېرى بار، ئېزىپ كەتسەڭ، تېپىلىپ كەتسەك بىز يۆلەۋالىمىز، يالغۇز ئەمەسسەن...

مەن ئۇلارغا ھاياجان بىلەن قارىدىم. ئۇلار چاقچاق قىلغانىدى ھەم چاقچاق قىلمىغانىدى. مەن ئۇلارنى دائىم ئەسلەپ تۇردۇم، ھەر بىر گېپىنى ئېسىمدىن قايتا-قايتا ئۆتكۈزدۇم.

ئىككىنچى قېتىم ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا ئۇنى كۆرگىنىمدە، مەرھۇم ئۇستاز تېيىپجان ئاكا بىزنى تاشلاپ كەتكىنىگە بىر قانچە كۈن بولغانىدى. مەن قايغۇ ھەم سېغىنىش ئىچىدە زۇنۇن ئاكىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتۇم. ئەپسۇس، ئۇنى تېيىپجان ئاكا ئەمەس، باشقا سەپداشلار قولتۇقلىغانىدى. بوۋاي ئۆزىنىڭ كۆنگەن قول - پۇتىدىن، يۈرىكىدىن ئايرىلغانىدەك بەكمۇ شۈكلاپ، جۈدەپ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

— ئاكا مېنى تونىدىڭىزمۇ؟ مەن — ئەختەم.

— ھە، تونۇدۇم، - مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن شۇنداق دېدى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن بىرسى ماڭا:

— ئەختەم، زۇنۇنكام ئىسمىڭنى ئاتاپ ئىزدەۋاتىدۇ، - دېدى. مەن يۈگۈرۈپ زۇنۇنكامنىڭ ياتىقىغا چىقىپ قولىنى تۇتتۇم.

— زۇنۇنكا مېنى ئىزدىدىڭىزمۇ؟

— ياق، - دېدى ئۇ، كۆڭلۈم يېرىم بولدى، كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

— بايا سورىغانىدى، - دېدى يېنىدىكىلەر.

زىياپەتتە تۆۋەن گىرادۇسلۇق بىر رومكا ئۈزۈم ھارىقىنى زۇنۇنكامغا تۇتتۇم:

— ئاكا، ئادەتتە مەن پەقەت ئىچمەيمەن، ئەمما مۇشۇ بىر رومكا ھاراقنى سىزبىلەن ئىچىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

بوۋاي ئورنىدىن تۇرماق بولدى، ئوغلى بەختىيار بىلەن يەنە بىرسى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— دادام ئىچمەيدۇ ...

زۇنۇنكام مەن ئۇزاتقان رومكىنى قولىغا ئېلىپ لېۋىگە تەگكۈزۈپ:

— ھازىر مېنىڭ ئاغزىم سەندە، سەن ئىچكىن، - دېدى.

مەن كۆتۈرۈۋەتتىم. بۇ ھاراق پۈتۈن تومۇرلىرىمغا قان بولۇپ سىڭىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

1990 - يىل 13 - ماي، لەنجۇ.

روزى سايىت

# سەپەردىكى تېز سىزىملار

## دەنجەك سىزىملىرى

(1)

قەدىمىم قەدىمكى دىيارغا يەتتى،
نەزەرىم مېھماندوست گۈلىيارغا يەتتى.
كەزگەندە يېشىل تون كەيگەن زېمىننى،
تىنىقىم خۇشپۇراق گۈلزارغا يەتتى.
گۈلزاركى رەڭ تۈزگەن شېھىت قېنىدىن،
(بەدەلسىز كىم، قاچان باھارغا يەتتى؟)
سەزگۈمدە شۇ خىتاب: «ئازاد زامانىدا،
ئەلگە تويى، دەرد ـ ئەلەم ئەغيارغا يەتتى...»
«دەنجەڭگە كەلدۇق!» دەپ پۇشقۇردى پويىز،
ئاشىق دىل تەلپۈنگەن دىدارغا يەتتى!

(2)

— ...دەنجەڭنىڭ كۆكىدە تۇمان كېزىدۇ،
دەنجەڭلىق سېپىلىنى تاغدا تىزىدۇ.
دەنجەڭنىڭ يولىدىن باغرى كەڭ چەندان،
دەنجەڭلىق ھۆسنىنى باغدا تۈزىدۇ.
دەنجەڭدە ئورمان كۆپ، ئورمان شەھىرى ئۇ،
ئۇ يېشىل قۇچاقتا لەيلەپ ئۈزىدۇ.
دەنجەڭگە كېلىدۇ ئامەتلىك سەيياھ،
(كۆز تىككەن يېرىدىن گۆھەر سۈزىدۇ) ...
دېيىدى بىر دوستۇم، راست چىقتى گېپى،
ھە، ئەمدى روزاخۇن سۈرەت سىزىدۇ!

(3)

ئەسلى شۇ، يەنە شۇ — ئەتىگەن كىردىم ...
دېدىم تاغ ھۆسنىگە چۈشۈپ نەزەرىم.
تۆگىنىڭ لوكىسى — تۇتاش چوققىلار،
بەرەر مىلىڭ چىقامدۇ پەشتاق، يا پىرىم!
«جۇڭسەن»گە نام ـ ئاتاق ئۆتىمىپ بەرگەن
زىجىڭسەن قىلغاندۇ قانچىلىك كىرىم؟①

چوققىغا يامىشىپ مەقبەرىگە كىردىم،
ئىچۇنكىن مۇجۇلدى يۈرەك بېغىرىم.
تاش تاۋۇت، تاش گەۋدە، سۈن جۇڭسەن نەدە،
جەسىتى باشىمىزمۇ ياكى بېجىرىم؟...②

(4)

ئېسىت، ئۇۋال، ئۈچيۈزمىڭ يۇرتداش —
بىگۇناھ،
ئۈچيۈزمىڭ ئىسكىلىت — گۈلىيۈزلۈك بەرنا.
ئاھ، ئېسىت ئۈچيۈزمىڭ مەردانە يىگىت،
ئۈچيۈزمىڭ مويسىپىت، ئۈچيۈزمىڭ ئانا.
ئاھ، ناھەق تۆكۈلگەن ئۈچيۈزمىڭ بۇلاق،
ئەي تەڭرى، سۈكۈتىڭ نەۋاقتا يانا؟
جاللاتلىق بولامدۇ بۇنىڭدىن ئۆتە،
جاھاندا نەدە بار بۇنداق قۇشخانا؟...
دەنجەڭدە يۈز بەرگەن چوڭ قىرغىنچىلىق،
شىكايەت قىلماقتا ئەۋزىدىن مانا!!!

## شاڭخەي سىزىملىرى

(1)

بىز شاڭخەيگە قەدەم باسقاندا،
كۆرۈنمەيتتى بۇلۇت ئاسماندا.

---

① قەدىمدىن زىجىڭسەن دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ تاغ ھازىر «جۇڭسەنلىڭ» نامى بىلەن مەشھۇر. چۈنكى ئۇ يەرگە سۈن جۇڭسەن مەقبەرىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كۈنىگە نەچچە مىڭلىغان تاۋاپچىلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ.

② زىجىڭسەننىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدىكى سۈن جۇڭسەن مەقبەرىسىدە ئۇنىڭ تاشتىن ئويۇلغان پۈتۈن ھەيكىلى تاش تاۋۇت ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇلغان. خەۋەرى بارلار «تاۋۇت ئىچىدە سۈن جۇڭسەننىڭ باشسىز گەۋدىسى بار. بېشىنى باشقىلار كېسىپ ئۇ تەرەپكە ئېلىپ كەتكەن...» دېيدى.

شۇنچە ئىسسىق، شۇنچىلا تىنجىق،
تەردىمىزنى ئېرىتىپ ئۆلگۈرمەي،
بۇسلىغانىدەك بولغان قاسقانىدا.

هايال ئۆتمىدى،
پۈتۈن ئەتىراپ چىلاشتى سۇغا،
تېشىلگەنىدەك ئاسمان گۈمبىزى،
يار پىچقانىدەك شاگخەي دېڭىزى،
چاقماق مۇئەككىلى كۆتەردى غوغا.

سۇ چېچىش بايرىمى ئۆتكۈزدىمۇ كۆك،
ئاقامدۇ ياكى ئەرش شارقىراتمىسى.
يا هۆرلەر مارجىنى ئاجراپ يىپىدىن،
تۆكۈلۈپ تۇرامدۇ زۇمرەت چاتمىسى؟

«يامغۇر دېگەن تەڭرى رەھمىتى» —
چاللار شۇنداق دېيىشىدىكەن،
شۇنداق تەبىر بېرىشىدىكەن،
راست بولسا گەر ئۇلارنىڭ سۆزى،
رەھمىتىگە تەڭرىنىڭ، گەپ يوق،
شاگخەيلىكلەر ئېرىشىدىكەن!
بىز تەرەپتە ئايدا، يىلدا بىر،
توختايدۇ ئۇ قىلىپلا «شىر - شىر»
تەڭرى دېگەنمۇ،
«رەھمىتى» نى تەڭشەپ تارقاتماي،
ئۇنى بېزار،
بۇنى زار قىلىپ،
مۇھتاج بىلەن قېرىشىدىكەن؟...

يامغۇرلۇق كەچ — شاگخەي كېچىسى،
سۇغا تولغان شاگخەي كوچىسى،
قولۇمدا كۈنلۈك،
قۇلىقىمدا يامغۇر شەپىسى.
يىراققا بېقىپ،
تەسەۋۋۇرۇم يامغۇردەك ئېقىپ،
كەڭ سەينادا تۇرىمەن دوستلار،

نەزەرىمدە جۇڭگولار، ئارىمىزنىڭ،
كېلەچىكى — يىراق ئەتىسى...

(2)

شاگخەي شەھىرى — يۇرتلارنىڭ گۈلى،
ئۇنىڭدا بار «ئۇرۇمچى يولى».
ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە،
قانچە كۆز تىك - كۆرۈنمەس غولى②.
ئېگىز - ئېگىز، رەت - رەت بىنالار،
خىيابانلىق ئوگى ھەم سولى،
«ئۇرۇمچى» نى كۆرۈپ بۇ يەردە،
يۇرت سېغىنچى ياسىدى قانات،
سۆيۈنۈشىنىڭ ئۇچتى دولدۇلى،
ناۋا قىلدى قەلبىم بۇلبۇلى:
شىنجاڭ بىلەن شاگخەينىڭ دوستلار،
تۇتۇشقۇقكەن قولىغا - قولى.
ئوخشايدىكەن كۆزلەيدىغىنى،
سۆزلەيدىغىنى،
تەڭگەش ئىكەن زەپەر مەرغۇلى!...

(3)

ئون ئۈچ تومەن پىگفاگلىق كۈلەم،
ئۈچ يۈز مىڭ جان قۇچىقىغا جەم.
بىر تەرىپى ئوت،
بىر تەرىپى غۇر - غۇر شامال، نەم①
لېكىن سەمەندەر③
ئويىنىشىدۇ ئوت بىلەن بىغەم.
نىسىپ بولدى ماڭا،
سىلەرگە —
كۆرۈش بۇنداق مۆجىزە - ھىكمەتنى،
ئۇدۇل كېلەر بەلكى كەمدىن - كەم؟!

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بالىلىق قىلىپ،
ئەقلى چولتا - چالىلىق قىلىپ.

---

① قولى — زادىلا، مۇتلەق.
② باكالى پۈلات زاۋۇتىنىڭ بىر تەرىپى چاڭ-جياڭ دەرياسىغا تۇتىشىدۇ.
③ رىۋايەتتىكى ئوتتا تۇغۇلۇپ، ئوت ئىچىدە ياشايدىغان ھايۋان.

ھەرە ئۇۋىسىغا ياغاچ تىققىنىم،
شۇ قېتىمدا نەشتەرلىك جانىۋار
چېقىپ مېنى، يىغلىتىپ «ۋار - ۋار»،
كۆپتەك ئىششىپ كەتكەنتى تېنىم.
شۇ قېتىمقى ئىشنى ئويلىسام،
غۇژژىدە قىلىپ،
چوقا مىغىچە ئۆرلەيدۇ قېنىم،
قاقشىيدۇ جېنىم...

«ئوت شەھىرى» دە ئەسلىدىم شۇنى،
بىر ئەنسىرەش چۇلغىدى مېنى.
ھەرە ئۇۋىسىدەك كۆرۈنۈپ ئوچاق،
يالقۇن تەپتى مىڭ گرادۇسچە.
چوقچىلانسا ئېرىش - ئوتلۇق چار،
چاچراندىلار ۋىشىلداپ ئۇچار.
ئۇ ھەرىدەك كۆتەرمەس چاقچاق؛
مادامىكى ماگما قۇترىسا،
تالاپەتتىن كىم نەگە قاچار؟
بولامدۇ ھال - ئەھۋالى ناچار؟...
شۇ ئوخشىتىش،
شۇ غىلپال خىيال
تەننى قورۇپ،
قۇرۇپ يۇتقۇنچاق،
تەرىم ئاقتى، ۋاھ، پۇرچاق - پۇرچاق...

رېئاللىققا قايتتى نەزەرىم،
ئوتنى يالماپ پۇرۇقلايدۇ داش،
نەيزىلىك پالۋان،
غېمىدە يوق ئوتقا «ئوت» ئاچار،
ھەر قوچۇشتا داشنىڭ كۆزىدىن،
سۆرەپ چىقار پولات قېتىشما،
يان - بېلىدە ئاتەشىن «ۋاش - ۋاش»،

ئاستاغىنە كەينىمگە قايتتىم.
(قاراپ تۇرسا ئۇيىلىدىكەن)،
بىلىۋالدىم بىر ھەقىقەتنى:
باگاڭدىكى پولات ئىشچىسى،
پولاتتىن بۇرۇن،
پولات بولۇپ قۇيۇلىدىكەن!
(ئۇنىڭ قەلبىگە،
شۇ ئىرادە ئويۇلىدىكەن).
ھەممە ئادەم بولسا شۇلاردەك،
نامراتلىقنىڭ كىرى - داغلىرى —
قىياستىن تېز يۇيۇلىدىكەن!...

**كېرىمجان سۇلايمان**

## شېئىرلار

### ئاھ، دىل سۆيگەن جەنۇب تاغلىرى

كىم سىلەرنى تاقىر باش دېگەن،
ئەل غېمىدا چۇشكەن چېچىڭلار.
قانلىق تارىخ مىسراسى ئىكەن،
خەنجەرسىمان قاتقان پېشىڭلار.

ئولتۇرساڭلار خىيالغا پېتىپ،
كىم ئۇ؟ دېگەن ئويقۇغا ئەسىر.
بۇركۇتىڭلار يۇرسە پەر قېقىپ،
تىلسىملارغا ئىزدىشىپ تەبىر.

توزىما يىسىلەر بوراندا زىنھار،
ئۇلۇغلۇق دەپ كۆيلەيمەن شۇنى.
ھايا تىمغا مەغرۇرلۇقۇم يار،
سىلەر بىرچاغ ئۆگەتكەن ئۇنى.

كۆك تىرىگەن چوققاڭلار ھەيۋەت،
ئاھ، دىل سۆيگەن جەنۇب تاغلىرى.
بەستىڭلارنى كۆرگەندە ھەر رەت،
شېئىر تۆكەر كۆڭلۈم باغلىرى.

## سەھرا كۆيى

ھەر سەھەردە ئوقۇپ باق تەكرار،
سەھرا دېگەن يېڭى بىر شېئىر.
مىسراسىدۇر گۆزەل ھەم رەڭدار،
ئۇيۇق سۆيۈپ ياتقان قىر - ئېدىر.

كەلگىنىنى لەرزان تولغىنىپ،
دەريا دېمە تاشلاپلا ئىگاھ.
يەر ئانىنىڭ كۆزىدىن ئوخچۇپ،
ئاققان ئۇ بىر ھارغىن لىرىكا.

داللاردا تەۋرەنسە قىزىل،
يۇلغۇنلارنىڭ چېچەكى دېمە.
(ئوقۇپ ئۇنى ئىچمەڭدىلا بىل،
شېھىتلارغا ئۇنگەن مەرسىيە).

بەرگىلەردە تۇرسا ياپىراپ،
شەبنەم دېمە ئالدىنىپ زېنھار.
ھا ياچاندا تۆككەن ئالدىراپ،
ئۇندا مېنىڭ كۆز ياشلىرىم بار.

ھەر سەھەردە ئوقۇپ باق تەكرار،
سەھرا دېگەن يېڭى بىر شېئىر.
مىسراسىدۇر گۆزەل ھەم رەڭدار،
ئۇيۇق سۆيۈپ ياتقان قىر - ئېدىر.

## سۇغا چىققان گۆزەل، شوخ جۇۋان...

سۇغا چىققان گۆزەل، شوخ جۇۋان،
ئاھ، ئىشقىڭنى قىلمىغىن ئىزھار.
ئالما ئاتساڭ تۇرسام بى زۇۋان،
چاچ ياپمىغىن ئۆكۈنۈپ زېنھار.

ئويىنغۇم بار ئالماڭنى، ئەمما،
ئازابلىماي سېنى، ئۆزۈمنى.
قالاي قۇملۇق ساھىلدا تەنھا،
يۇمۇپ ئاستا خىيال كۆزۈمنى.

لېپىپ ئاققان ئۇن - تىنسىز ئېقىن،
ئېيتىپ بەرسۇن ئەللەي ناخشىسى.
ئۇخلاپ قالاي، بىر پەستىن كېيىن،
سۆيۈپ قويۇپ كەتكىن ياخشىسى.

## يېتىم خامان

ئېرىپ كەتتى بۇلۇت پارچىسى،
بوشلۇقىدا تىنجىق ئاسمانىڭ.
قارىچۇقىمغا چۈشتى سايىسى،
سۆكۈت باسقان يېتىم خامانىڭ.

بىر قولىنى سايەۋەن قىلىپ،
كۆككە باققان ھەيكەلدەك گويا؛
ئارىسىغا تۇرار يۆلىنىپ،
شامال تىلەپ مىسكىن، تۇل ئانا.

## مەن ئاق بۇلۇت كىرسىز، بىغۇبار...

مەن ئاق بۇلۇت كىرسىز، بىغۇبار،
ئالدىراپلا سوزما قولۇڭنى.
باھار بولساڭ مۇبادا دىلدار،
يامغۇر بولۇپ سۆيەي گۈلۈڭنى.

مەن ئاق بۇلۇت كىرسىز، بىغۇبار،
لەيلەپ يۈرگەن بوشلۇقتا تەنھا.
سەن ياز بولساڭ مۇبادا دىلدار،
ئاقاي بولۇپ باغرىڭدا دەريا.

مەن ئاق بۇلۇت كىرسىز، بىغۇبار،
ئاسمىنىڭدىن قوغلايمەن دېمە.
سەن كۈز بولساڭ مۇبادا دىلدار،
يامغۇر بولۇپ يىغلارمەن يەنە.

سەن ئاق بۇلۇت كىرسىز، بىغۇبار،
ئاچ كۆكسۈڭنى چوققا دەپ قوناي.
سەن قىش بولساڭ مۇبادا دىلدار،
ئاق قار بولۇپ كېپەنلەپ قوياي.

ئابلىز ھەسەن

# قەشقەر خاتىرىلىرى

## شوپۇر شەنگە

شوپۇرنىڭ ئىش ئىزى چاقنار تاشيولدا،
دەيدۇ ئۇ: «رول بىلەن مەنىلىككۈنۈم.»
كۆرمىگ جان دىدارى رول تۇتقان قولدا،
ئايلانغان چاقلاردا بايلىق، زور ئۈنۈم.

ئەجرىدە تاغ يۆتكەر ھېكمەتلىك قوللار،
ھارمايدۇ تىنىمسىز توشۇپ يۈك راۋان.
شوپۇرغا بەش قولدەك تونۇش بۇيوللار،
ماھارەت سەھنىسى ئاچال، تاغ، داۋان.

يولۇچى قەلبىدە كۆرۈپ ئۆزىنى،
تۇرغۇزغان زور غەيرەت، ئىشەنچ ئۆزىدە.
نەقەدەر جىلۋىلىك كۆرسە يېزىنى...
خەتەرسىز ماڭغان ھەر شوپۇر كۆزىدە.

غۇر - غۇر شاماللارغا ياپراق مەلىكە،
ئۇزىتار قول سۇنۇپ تېرەكلەر قاتار.
نېئمەتتى مول ھەر يۇرت ئىچرە مەرىكە،
ھەر بېكەت، ھەر يېزا كۆڭلۈڭنى تارتار.

تۇتتى رول زېھنىنى بېرىپ يوللارغا،
تۇتتى يول زەپەرگە چۆمۈلۈپ ھامان.
ئۆرگىلەي ماي يۇقى چېۋەر قوللارغا،
ماڭماقتا بەخەتەر كېزىپ تاغ، داۋان.

## قەشقەرنى قۇچاقلاپ

كۈئېنلۇن يېقىنلاپ كەلدى يېنىمغا،
رۇجەكتىن قول بەرسەم يەتمىدى قولۇم.
رول تۇتقان شوپۇر زوق بەرگەچ دىلىمغا،
قىسقاردى تاغ ئىچرە كۆڭۈللۈك يولۇم.

قەشقەرنى قۇچاقلاپ شۇ تاغ كۆڭلۈمنى،
نەزمەمدەك نامايان قىلدى يېقىنلاپ.
ئەسسالام، كۆكسۈمگە ئالدىم قولۇمنى،
كۆيمەكتە چوغ ئىشقىم ساڭا يالقۇنلاپ.

## شېكەر كۆل قوغۇنى

تېتىپ بېقىڭ، دېدى سۇنۇپ بىر تىلىم،
ئېغىزىمغا تەگدى شېكەر قىياممى.
شېكەر كۆلگەن چۈشكەن بۇ ساي مەنزىلىم،
ھېسلىرىمنى دولقۇنلاتتى ئىلھامى.

تاتلىقىغا شۇ تۇرقىدا يەتمەس سۆز،
تەمى شىرنە ۋۇجۇدۇمغا تارىدى.
دىلى كۈندەك، قولى گۈل ياش تىكىپ كۆز،
شېكەرمىكەن، دېگەندەك قىپ قارىدى.

شېكەر يېمەي ئۆتمەيدىكەن نۇرغۇنى،
شېكەر يۇرتكەن ئۆز - ئۆزىنى كۆتەرگەچ.
داڭلىق ئىكەن شېكەر كۆلنىڭ قوغۇنى،
قولى تاتلىق، كۆڭلى يازلار تەم بەرگەچ.

## ئەسسالام، گۈل قەشقەر

نەققاشلار يۇرتىدا چۆمدۈم ھېممەتكە،
ئۇرغىدى مىسراغا ئايلىنىپ سۆزۈم.
تولۇپتۇ كەڭ قوينى نازۇ-نېمەتكە،
يەتمىدى كۆرۈشكە زوقمەن جۈپ كۆزۈم.

ئاڭلىدىم يېقىملىق ناۋاكۈيىنى،
ئۆتمەكتە قەلبى يازكۈندەك چىرايلار.
ئايلاندىم ھېيتگاھنى، ئۆستەڭ بويىنى،
نۇرلىنىپ تۇرۇپتۇ مۇقەددەس جايلار.

بۇيەردە قولى گۈل كۆرمىڭ ئۇستىكار،
ھەممىسى گۈلخۇمار، ئىشقا چېۋەركەن.
ھۈنىرى بەخش ئەتكەچ ئىشەنچ، ئىپتىخار،
تەرىدىن پارلاق نۇر، بەخت سېزەركەن.

بۇيەردە جۇشقۇن كۈي، ھايات قاينىمى،
خۇشپېئىل ئاي يۈزلەر ئەجەب يېقىملىق.
ھەركۈنى قىزلار ئۈم، دوستلۇق بايرىمى،
ئەكس ئېتەر قەلبلەردىن خۇشلۇق، يېقىنلىق.

كۆڭلى كەڭ ئاسماندەك ئاپتاپ چىرايلار،
ئۆتمەكتە غېمى يوق ياشلار، بوۋايلار.
مېۋىلىك باغلارنىڭ ھۆسنىدەك كۆركەم،
قوينىدا سايرىشار بۇلبۇل، تورغايلار.

ھېيتگاھ مەيدانىدا كۆردۈم چېھرىڭنى،
ئەسسالام گۈل ۋە نۇر، شان قۇچقان شەھەر.
بىر كېلىپ سەزدىم مەن ئىللىق مېھرىڭنى،
گۈل قەشقەر، ئىقبالىڭ پارلاق تاڭ سەھەر.

## كۆردۈم

ھېيتگاھنىڭ ئالدىدا بىر ئانار كۆردۈم،
نە ئانار، ئانار دەك گۈل دىيار كۆردۈم.
دىيارنى نەقىشلىگەن ئۇستىكاردەك،
كۆر مىڭلاپ ۋۇجۇدى ئوتيانار كۆردۈم.

سۆرەتكە چۈشتى ئەنەكۈلۈمسىرەپ،
قارايماس قۇياش يۈزلۈك نىگاركۆردۈم.
قەدىمي نەقىش يۇرتى نىگارىڭنىڭ،
كۆڭلىدەك ئىللىق ئاپتاپ باھاركۆردۈم.

1990 - يىل 9 - ئاي، كورلا - قەشقەر.

**مەھەممەت تۇراپ**

## غەزەللەر

I

قەدىرلىك ئىنسانغا ئەھلى چىن ساداقەت يارى دوست،
چىن ساداقەت ۋەسلى - ۋىجدان سۆيگۈدىن دىلدارى دوست.
شاد بۇ كۆڭلۈم پەسلى بوستان باغچىسىدا ئۈندى گۈل،
گۈلگە تەگسىزدۇر ۋاپادار سۇمبۇلى گۈلزارى دوست.
كىمكى قىسسا ئول چىمەننى بولغاي مىدالىيۇن كۆكسىدە،
نازىدىن دىل ياشنىغاي يوق ئەلەم دىشۋارى دوست.
دوست دېمەك گۈل تاجىدۇر بولسا ۋاپا خۇش زىننىتى،
ياشنىغاي سۈلماس ئەبەت، بولماس مىرادى خارى دوست.
ئۆزگە دىل بولسا كۆڭۈل پەيلى لەئىن پىنھان سىرى،
غەرق قىلىپ بەرھەم ئېتۇر بولغانغا ھەسرەت - زارى دوست.
ئۆملۈك ۋاپا بوستانىدىن كۈلگەي كۆڭۈل ئاستانىمىز،
دىل بىلەن تىل بىرلىكى بولسا نىيەت ئىقبالى دوست.
يوق بۇگۈن ئەلدە ۋابا، پىتنە - تاپا يولسىز جاپا،
مېھرىبان تاپتى تىلەكلەر سەپتە بۇگۈن خۇشتارى دوست.

قەدىرلە ئالتۇن زىبا دوستلۇق ئېزىز، قانداشلىرىڭ،
سەيرى قىل مەڭگۈ ھايات پەيزىدىن ھەمكارى دوست.
رەنجىگە ئېبنى سانا ۋە ياكى لوقمان ئەجرىدەك،
بول ئېلىڭنىڭ دەردىگە ـ دەرمان شىپالىق دارى دوست.
ئەي مۇھەممەت، ئەھدۇ قىلغىل مەقسىتىڭ شۇندىن كېلۇر،
قىل راپاۋەت ئۆز ئېلىڭگە جانىڭدا ھەربارى دوست.
بولما ھەمدەم ناپىسەنتلەر ئۇلپىتى ـ سۆھبەتدىشى،
ھاجىتى ئەل بەختىگە سادىق مۇلازىم چارى دوست.

II

«چوغ» مىكىن دەپ مەن لېۋىڭنى «پاھ!» دېدىم چىشلەپ لېۋەن،
چوغ ئەمەس ئاتەش ئىكەن باغرىڭ زىيادە، يوق ئېۋەن.
سۆيگۈنىڭ لەززەت قىيامى بىرلە جىسمىم بولدى مەي،
سەن كەبى ئاتەشنى تۇغقان قايسى ئاي يۈزلۈك سىمەن.
ئاينى تۇغقان ئايغا ئوخشاش گۈلگىنە ـ گۈلدەك ۋەتەن،
ئاپىرىن ئېيتاي ئەزىزىم ياشنا بولۇپ چۇغلۇق ـ چىمەن.
قاشلىرىڭ يايى ئىكەندۇر، ئەندازى ئوغاق ئۇستىغا،
كىرپىكىڭ خەنجەر مىسالى تۇرغان قاراۋۇل مىڭ تۈمەن.
جۇپ كۆزۈڭ فونتان بۇلاقتۇر تاڭدا چولپان كۈندىشىڭ،
يۈزلىرىڭ لەئلى بەدەخشان شەھلاسى قەھىت ياسىمەن.
چىشلىرىڭ، ھىنجى سانادۇر، خۇشبۇي ئىپار كەن بويلىرىڭ،
ئەقلىم تامان مەسخۇشت قولۇڭ سالساڭكى بويىنۇمغا كەمەن.
ئەي لەزىز شېرىن تىلى، مېھرى لاۋا ئۇيغۇر قىزى،
ئول ئىشىق دەرياسىدىن تاپقان سېنى غەۋۋاسىمەن.
ئاڭلىسۇن ـ پۇتسۇن جاھان ئەھدۇ ـ پەيمان ئەركىسى،
غۇنچە خەندان گۈلشىنىڭنىڭ بۇلبۇلى شەيداسىمەن.

III

باقتى تولۇن ئاي نازىدەك رۇخسارى رەنا كەچقۇرۇن،
ئالەمگە خىسلەت چاچقۇسى سۇلتانى دەنا كەچقۇرۇن.
دىلدا ھەۋەسلەر قوزغىتىپ، ئىلھامنى سەلدەك ئۇرغۇتۇپ،
ئۆمرۈمگە ھەمدەم جانىمدا مېھمانى ھەمرا كەچقۇرۇن.
كۈتتۇم كۆكۈللەر باغىدا، تاڭدا چىمەننىڭ شاخىدا،
يەتتۇق مىرادىڭ پەسلىگە كۈلگەندە بەرنا كەچقۇرۇن.
بولماس كىشىنىڭ خۇشلۇقى، شۇ چاغ تۈپەيلى شوخلۇقى،
شېرىن دىلىستان مېھرى پاك بولغاندا ھەمدا كەچقۇرۇن.

بولدۇق لەھەڭ بىز تەشنەئى ئىچمەك شارابى قەتردىن،
شۇڭغۇپ جاۋاھىر ئاختۇرۇپ ئىقبالى دەريا كەچقۇرۇن.
ئەجدادقا ۋارىس قەلبىمىز، مەزمۇت - مۇقەددەس ئەھدىمىز،
باققاندا بىزگە زاتى ئەل ھەيرانى دۇنيا كەچقۇرۇن.
كىمكى ئەقىدە باغلىماس غالىپ ۋەتەن - ئەل نەسلىگە،
قارغىشقا دۇچار قەدرى - خەس بولغايكى ئەما كەچقۇرۇن.
تۆزدۇق پىلاننى تاڭ بىلەن يۈكسەك شىجائەت ئاڭ بىلەن،
قۇللۇق پىدايى بىز ئۆچۈن ھەر ئىشتا مەنا كەچقۇرۇن.
ھەركىم «ۋىسال» دەپ تىكسە بەل، كۆتكەن تىلەكلەر شۇندا ھەل،
باشلار مۇبارەك توي - غەزەل ئەبىيامى سەينا كەچقۇرۇن.

**نىياز ئىمىن قۇربانى**

## ئاتەش پىراقلار

**شاپتۇللۇق باغ چىقماس ئېسىمدىن**

شاپتۇللۇق باغ چىقماس ئېسىمدىن،
چۈنكى يارنى شۇ باغدا سۆيگەن.
تۈنجى سۆيگۈ ئوتى يۈرەكتە،
گۈلخان بولۇپ لاۋۇلداپ كۆيگەن.

تەڭكەش بولغان بۇ سۆيۈشلەرگە،
قوش يۈرەكنىڭ رىتىمى شۇچاغ.
دالدا بولغان شاپتۇل ياپرىقى،
ئەستىن چىقماس شۇ كۈلاشقا بۇ باغ.

**«بىتاپ» بولۇپ ياتقاندا ئۆيدە**

«بىتاپ» بولۇپ ياتقاندا ئۆيدە،
يوقلاپ باردىم قېشىڭغا جانان.
كىرەلمىدىم ئەمما ئەيمىنىپ،
كۆزنىكىڭدىن ماراپلا شۇئان.

كىرەلمىدىم ئەمما ئەيمىنىپ،
تۇرغاچ ئاناڭ يېنىڭدا قاراپ.
ئۆتسە كۈنلەر شۇ تەرىقىدە،
بۇ يۈرەكمۇ بولامدۇ زەرداپ؟

**سەلكىن شامال چاچلىرىڭنى يەلپۈگەندە**

سەلكىن شامال چاچلىرىڭنى يەلپۈگەندە،
يۈرەكلىرىم ياپراق كەبى تىترەپ كېتەر.
ئاھۇكۆزلۈك ماڭا قىيا تەلمۈرگەندە،
ۋۇجۇدۇمنى بىر سېھىرلىك كۈچ ئەسىر ئېتەر.

مەپتۇن قىلىپ نازىكەرەشمەڭ سېھرى بىلەن،
قەلبىمنى ساپ ئىشقى ئوتۇڭ چۇلغاپ ئالار.
قىلغان شېرىن سۆزلىرىڭدىن ياير اپ بۇجان،
تەشۇ ىشلەنگەن كۆڭلۈم بىردەم ئارام تاپار.

**مەن سېغىنسام سېنى، ئەي نىگار**

مەن سېغىنسام سېنى، ئەي نىگار،
سۆزلۈڭگە قارايمەن ئۇزاق.
ئۆتۈلگەچكە قەدرىڭ شۇقەدەر،
كۆرۈنىسەن كۆزۈمگە ئوماق.

كۆرۈنىسەن كۆزۈمگە ئوماق،
يۈرىكىمنى ئۆرتەپ كۆيدۈرۈپ.
مۇنچە دەردكە سالغىچە مېنى،
جانىنى ئالغىن بىرنى سۆيدۈرۈپ.

## ئۇتۇڭ تۇتۇپ قالدىمۇ يا، بىلمىدىم

ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ چىقسالڭ ئەي جانان،
ساڭا ئوتلۇق كۆزۈم بىلەن قارايمەن.
تېڤىمىڭدا مەجنۇن تالدەك تولغانغان،
چاچلىرىڭنى سۆيگۈم بىلەن تارايمەن.

ئوتۇڭ تۇتۇپ قالدىمۇ يا، بىلمىدىم،
كۆرسەملا ئاھ... يۈرەك شۇئان ئېچىشار.
زادى قاچان ئېيتقىننا، ئەي دىلبىرىم،
كۆزلىرىمىز بىر نۇقتىدا ئۇچرىشار؟

## تاش يۈرەكلىك قىلمىغىن مۇنچە

دىلبەر ساڭا بولاتتىم ئەسىر،
ۋىسالىڭغا يەتكۈزسەڭ بىر رەت.
ئارزۇ يۇمغا يېتەتتىم شۇ چاغ،
شىپا تاپسا يۈرەكتىكى دەرد.

تاش يۈرەكلىك قىلمىغىن مۇنچە،
مېنى ئوتقا - ئاتەشكە تاشلاپ.
بۇ ھاياتتا سەرگەردان بولۇپ،
يۈرەمدىمەن كۆزۈمنى ياشلاپ؟!

## ماۋزۇسىز

ئەقىدەمنى چەيلەپ - ئېتىپ خار،
داغدا قويدۇڭ بىر ئۆمۈر مېنى.
ساداقەتلىك بابىدا، نىگار،
قىلغان شېرىن سۆزلىرىڭ قېنى؟

## قويما مېنى ھەسرەتتە - داغدا

قويما مېنى ھەسرەتتە - داغدا،
يىراقلارغا كېتىپ ئەي جانان.
يۈرىكىمنى قورىما ياغدا،
يىراقلارغا سېلىپ ئەي جانان.

مىسكىن دىلىم ئازاب - كۈلپەتتە،
ئۆرتەنمىسۇن كۆيۈپ كۈل بولۇپ.
ھىجرانلىق قىل مېنىڭ دەردىمگە،
ياشلىق گۈلۈم كەتمىسۇن سولۇپ.

## مېنى «ساراڭ» دېمىگىن، جانان

مېنى «ساراڭ» دېمىگىن، جانان،
كىرىۋالسام ئارقىڭغا دائىم.
بىر كېسەلگە بولدۇم گىرىپتار،
ئەرشكە يەتتى پەريادۇ - ئاھىم.

ساڭا ئېيتىش بىھاجەت ھازىر،
سورىمىغىن سەن مەندىن بۇنى.
قىلىپ قويدى ئىشقى - پىراقىڭ،
ئەس - ھۇشى يوق مەجنۇندەك مېنى.

## غۇنچە بولۇپ كۆرۈندۇڭ

كۆردۈم سېنى گۈلزاردا،
گۈل ئاشىقى، ئەي جانان.
گۈلنى پەرۋىش ئېتەمسەن،
بولۇپ دىلدىن پاسىبان.

غۇنچە بولۇپ كۆرۈندۈڭ،
چىمەنزارنىڭ ئىچىدىن.
كېتەلمىدىم مارىلاپ،
رىشاتىڭنىڭ يېنىدىن.

قويدۇڭمۇ يا، بىلمەيمەن،
يۈرىكىمنى سېھىرلەپ؟
ماڭسام پۇتۇم ئالماشار،
بېشىم قېيىپ، تەمتىرەپ.

ئۇنداق قىلماي ئەي جانان،
ھالىمغا بىر يەتسەڭچۇ.
مېھرىڭ بىلەن بىناۋا،
كۆڭلۈمنى شاد ئەتسەڭچۇ.

## ئابابەكرى توختى

# شېئىرلار

### ئارمىنىمسەن ئۈپۈق سىزىقى

قەدىمكى يول، قەدىمكى ئورمان،
يۇتۇپ بارار پىنھانلىرىمنى.
ئاتام روھى تۇغدۇرغان گۇمان،
كۆيلىرىمدە تىترەيدۇ يەككە،
كۆزلىرىمنى تىككەندە كۆككە،
باغاشلايمەن ئارمانلىرىمنى،
بىلمەيمەن ھېچ ھارغانلىقىمنى.

يىقىلغاندا قوپىمەن ھەڭدەپ،
قېقىلغاندا بولىمەن چوققا.
مىنۇتلارنى يىللارغا تەڭ دەپ،
ماڭسام – ماڭسام تۈگىمەس يوللار.
بىر مۆجىزە ئۇچۇ ۋە سوللار،
يەمچۈك بولۇپ ئۆمرۈم ئۇتۇقتا،
خىيالىلىرىم قونار ئۈپۈققا.

......................

ئارمىنىمسەن ئۈپۈق سىزىقى،
يېتەلمىدىم ۋىسالىڭغا ئاھ ...
ھىدلىرىڭنى پۇراپ بىر ياكى،
تۇتالمىدىم ئاپئاق قولۇڭنى،
لېكىن سەنسىز ئۇنتۇپ ئۆلۈمنى،
ئۈزەلمىدىم ئەبىدى نىگاھ،
بولۇپ كەلدىڭ سۆيگۈمگە ئىلاھ...

### تەكلىماكان ئۈستىدە قۇياش

ئەسىرلەرنى قېرىتقان ئۇدۇم،
يېشىل چۈشلەر قوينىدا غەرق.
تېرىدۇۋالار بالىلىقنى،
سۈزۈلگەندە لالىرەڭ ئۈپۈق.
باشلىنىدۇ يېڭى بىر ھايات،
شاۋقۇنلارنى يۇتۇپ سۈكۈنات.

بارخانلارنى ئەگسە شامال،
تىترەپ يۇمران سۆيگۈلەر ئارا.
جۆنەپ ماڭغان بۇلۇتلار ئاپئاق،
سۆيۈشلەرنى كۆرمەيدۇ راۋا،
يالتىرىسا ئاقارغان سۆڭەك.
كۈلۈمسىرەر ئۇيچان كېلىنچەك.

ئاھ كارۋاننىڭ كولدۇرمىسىدىن،
چۆچۈشلەرنى ئەيلىسە نىھان.
تىلىم – تىلىم بولغان لېۋىنى،
گۈل قوللارغا ئۈزىتار شۇئان.
تەكلىماكان ئۈستىدە قۇياش،
كەچمىشلەرگە تۆكىدۇ كۆز ياش...

## غەزەللەر

1

چېچەكنىڭ نەۋ باھار بولماي لېۋىنى ئاچقىنى نەدە ؟
لېۋىنى ئاچمىسا خۇشبۇي ھىدىنى چاچقىنى نەدە؟

ھىدىنى چاچمىسا بۇلبۇل پىراقتىن ئۆرتىنىپ ئاھ دەپ،
تىكەنگە كۆكسىنى باغ – باغ ئېتىپ ھەم ياققىنى نەدە ؟

تىكەنگە ياقىسا كۆكسىن، چېچەكنىڭ خەيرىخاھ ئەيلەپ،
كى بۇلبۇل راھىغا مەسخۇش، خىرامان ياقىنى نەدە؟

خىرامان ياقىسا تۇنلەر بېشىدا ئولتۇرۇپ بىدار،
ۋىسالگاھ ئىنتىزارىنى كۆيگە قاتقىنى نەدە؟

كۆيىگە قاتىسا ئۆلمەس مۇھەببەت بىرلە جانانى،
بۇ ئۇيغۇن قەلبىنىڭ بۇنچە خىيالغا پاتقىنى نەدە؟

2

سېنىڭ سۆيگۈ يولۇڭ مەڭگۇ ماڭا پۇتمەس راۋان بولدى،
چېچىمغا قار يېغىپ ماڭماق ئەجەب مۇشكۇل ـ يامان بولدى.

خىياللار بەرگىدە لەيلەپ ئەقىدەم تامچىسى ئۇنسىز،
ۋىسال ئارزۇسىدا مارجان بولالماي بەلكى قان بولدى.

كۆزۈڭدىن يالتىراپ تۇرغان قۇياشنىڭ پارچىسى رىزۋان،
كۆرۈپ مىسكىن بۇ ھالىمنى ئازاب نە شادىمان بولدى.

خىيالچان كۆيلىرىم رەت ـ رەت مەھەللەڭ باغرىنى كەزسە،
دېرىزەڭ پەردىسىنى ياپقىنىڭ ھەسرەت ـ پىغان بولدى.

بىرى ئۆتتەك كۆيۈپ بىرسى بولۇپ مۇز ئېرىمەي تۇرسا،
نادامەتتە دېگەي ئۇيغۇن، بۇ قانداق بىر جاھان بولدى؟

3

باھار سۇمبۇللىرى ئاشىق كۆيىگە باقىدى ھەي، ھەي،
شۇڭا بۇلبۇل گۇلىستاندا تىنىچ بىر ياتىدى ھەي، ھەي.

خىيالچان كۆك يۈزى ئۆزرە بىھېساب پارقىراق يۇلتۇز،
تولۇن ئاي كۆلكىسى پۈتمەي يېڭى تاڭ ئاتىدى ھەي، ھەي.

ئۇپۇقتا لەۋ يېقىپ ئاققان تارامлار رىشتىسى دەريا،
ئانا يەر باغرىدا ئويناپ قېنىغا باتىدى ھەي، ھەي.

ھاياجان قاينىغان چۆللەر دىلىدا بەرق ئۇرۇپ شادلىق،
قۇياشنىڭ ئىختىراسىدىن پورەكلەپ ياشنىدى ھەي، ھەي.

باھار شۇنداق گۈزەل تەڭرى ۋە لېكىن بىل بۇ ئۇيغۇنىنىڭ،
نىگاردىن رەنجىگەن كۆڭلى خۇشاللىق تاپىدى ھەي، ھەي.

4

مېنى يالغان سالامىڭدىن خۇشاللىق بىرلە مەست قىلما،
ئىلاھىم بەزلىگەن كۆڭلۈم بېغىنى خارۇ - خەس قىلما.

قاچان كۆردۈم سېنى ئالۋۇن شۇ كۈندىن بىر ساياق بولدۇم،
دېيىشسە ئۆزگىلەر پۈتمەي سۆزىگە سەن ھەۋەس قىلما.

گويا سۇ كۆرمىگەن قاخشال دەرەختەك چاڭقىدىم، ھاردىم،
يولۇڭدا توختىماي يۈگرەپ، تىلەپ ۋەسلىڭنى تەس قىلما.

مۇرادىم قالدى تاشلاندۇق بولۇپ ئالدىڭدا بى قىممەت،
تىلەيتىم... ئېتىقادىمنى ساماندەك ئەرزىمەس قىلما.

تېپىپسەن ئەقلۇ - پەمىڭنى يېشىڭ ئوتتۇزغا يەتكەندە،
دېگەي ئاھ ئەمدى بۇ ئۈيغۇن يېڭى سۆيگۈمگە قەست قىلما.

**ئابدۇرېھىم مۇھەممەت**

## ئايدىڭ كېچە لىرىكىلىرى

1

ئانام كۆكسى ماڭا بەرگەن سۈت،
ئايدىڭ كېچە، ئوخشايدۇ ساڭا.
مەن نۇرىڭنى ئەمگەن دىلبەر چاغ،
بۆشۈك بولۇپ تەۋرەيدۇ دۇنيا.

سەلكىنىڭ قۇت، چاچلىرىم ئەركەك،
(يەلپۈشلىرىڭ يوللايدۇ ھوزۇر).
سەن يارىمنىڭ مېھرىگە ئەنداز،
ھەر بەختىمدىن سەيلەڭكى مەغرۇر.

ئاق تورانداك ئاقار ئايدىن نۇر،
مىڭ - مىڭ قىلىچ يۇلتۇزدىن سانجاق.
ئېيخ، ئەشۇنداق بەھرىڭ چىرايلىق،
ئايدىڭ كېچەم، ئېچىۋەر قۇچاق!...

2

شەۋىرلايدۇ نەمخۇش ئورمانلار،
نەمخۇش دولقۇن ياسايدۇ سەلكىن.
تۈن بوشلۇقىنى قىلغان بەلگىسىز،
چەيلىگەندەك باغلارنى كەلكۈن.

ياپراقلاردا ئايىنىڭ شولىسى،
جىلۋە قىلىپ ئوينايدۇ كۆركەم.
شەبنەملەردە ئوماق يۇلتۇزلار،
ئۆز شەكلىگە قاتۇرغان سەنەم.

جۈپ - جۈپ ئىزنى كۈتىدۇ باغلار،
سۆيۈشلەرنى چۈشەيدۇ پىنھان.
ئاھ، سۈبھىدىن ئەنسىرەر كېچە،
تىۋىش بەرمەس نېمىشقا چانان؟...

3

بىز ئويناغان يۇلغۇنلۇق دالا،
بورانلاردا كۆتۈرسە شاۋقۇن.
كۆرۈنەتتى گويا قاچقاندەك —
قان ئىچىدە تۈمەنمىڭ قاچقۇن.

بىز ئويناغان يۇلغۇنلۇق دالا،
ئۈستىدىن ئاي ئۆتكەندە ئەگىپ.
شوخ شاماللار يوللايدۇ ئۇچۇر،
ئۆز قوينىدا كەتمەككە سەگىپ...

ئاي — ھاي دالا، يۇلغۇنلۇق دالا،
مەن خۇشتارمەن ئايدىڭ كېچىگە.
توشقانلارنىڭ تىۋىشلىرىنى،
مەزمۇن قىلغۇم كېلەر كۈلكەمگە.

4

ئەگىم ئاينى لەيلەتكەن ئۇپۇق،
مەن سايەڭدە ئولتۇرغان كېچە.
كىرپىكلەرگە قونۇپ يۇلتۇزلار،
سىر ئۇۋلايتتى ھېسلاردىن خىرە.

قاخشال قومۇش كۈيلەپ ئۆگزەڭدە،
موزايلارغا سالغان ئىشتىھا.
بويناقلىرىڭ تىڭشاپ ئىزدىمنى،
زەنجىر سىلكىپ كۆتەرگەن غەۋغا.

بەك چىرايلىق ئايدىڭ كېچىلەر،
سېنىڭ ئاشۇ قىشلاقلىرىڭدا.
گۈزەل بولۇپ كۆرۈنگەن دۇنيا،
ھەر سۆيۈشتە مۇشتا قىلغىنىمدا.

5

تاسقالغاندەك كۆمۈش تەڭگىلەر،
ئاي نۇرىدا قىمىرلار دەريا.
كۆكرەك سوزۇپ بىزگە دولقۇنلار،
سۆيگۈمىزدىن كۆرسەتكەن سىما.

چىرماش ياتقان پۇتلارغا بەزەن،
سوغۇق زۇمرەت قىلىدۇ چاقچاق.
شۇنچە راھەت — ئوماق ئەندىكىش،
ئۆز خۇلقىڭنى تۇغىندۇ — خۇشۋاق.

«كۆكتە بىر ئاي، ئاستىڭدا بىر ئاي،
مۆجىزەك بۇ قانداقچە، دەريا؟...»
دېسەم،
دەيدۇ ئۆكسۈپ دولقۇنلار:
«بىزمۇ سەندەك ئاي سۆيگەن دۇنيا...»

6

گۈل سايىسى (گۈزەل بىر دۇنيا)،
يوپۇرماقلار سېنى يوشۇرغان.
بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۈزەر ئاي،
كۆتەرگەندەك ئورمانىدا گۈلخان.

مەھەللەڭنى تىڭشاپ بىتاقەت،
ئايغا قاراپ قۇچىمەن تاقەت.
خورازلارنىڭ يارقىن چىللىشى،
سۈبھىدەمدىن بېرەر بىشارەت.

قوغلاپ كەلمەس ئەمدى ئاتاك، جان،
تاڭ ئاتقاندا ئىزدىشەر بەلكىم.
جىمجىت ئاخشام — بەلەن چىمىلدىق.
سۆيۈشەيلى قانماي گۈزىلىم...

7

پەنجىرەمدىن ئەگىپ ئۆتەر ئاي،
ھەر ئاخشىمى ئاشۇ ھال تەكرار.
كىرپىك تاشلاپ ئوماق يۇلتۇزلار،
تۇيغۇلارنى بوشلۇققا چىللار.

تەسۋىرلەيمەن شۇندا ئامرىقىم،
سۈرىتىڭنى سىزغاندا خىيال:
چوققىلارنى دېسەم قۇچمىقىم،
سەن چوققىدا ئولتۇرغان ھىلال.

زەر ھالقا دەپ قۇلاقلىرىڭغا،
سۆيەندىكى ھۆكەرنى ئاستىم.
«دۈشمەن» خوراز قويغانىدا چىللاپ،
ھېسلىرىمىدىن سېنى يوقاتتىم.

8

بۇ شاۋقۇنلۇق كەچ كۆز كېچىسى،
تال - تېرەكلەر تاشلار يوپۇرماق.
ئاچچىق - ئاچچىق ئۆتىدۇ شامال،
سۆيلەنگۈنچە ئۇيقۇغا قىشلاق.

كۆك سۈزۈلگەن تىنىق دېڭىزدەك،
ئاي تۇپراقنى سۆيگەن غۇبارسىز.
سۆيۈشلەرگە ئەپلىك ھەممە جاي،
ئىللىق تۈسنى بەرگەن باھارسىز.

كېلىدۇ دەپ كۈتىمەن دىلبەر،
كەل، تىڭشايمەن ئەشۇ پىنھانىدا.
بىزنى سوغىدىن ساقلايدۇ ئامان،
سۆيگۈمىزگە ھامىلە دۇنيا...

9

چىرايلىقسەن باھار ئاخشىمى،
ئىشرەتلەرگە تولغان گۈلىستان.
قالغاچلارغا راسلايدۇ ئورۇن،
بىزنىڭ ئەشۇ يورۇق پېشايۋان.

كەل ئامىرىقىم، تۈتىمىز ئاينى،
بۇلاقلاردىن، كۆلچەك - كۆللەردىن.
«مۆك - مۆك...» ئويناپ كېتىمىز يولسىز،
سىر ئاقتۇرۇپ ئۆزۈك چۆللەردىن.

ئاينى قوغلاپ بارىمىز دىلبەر،
ئورمانلارغا سوزۇپ يۆكسەك قول.
ئۆگەي ئەمەس سۆيگۈگە دۇنيا،
ئايدىڭ تۈنمۇ تىلەيدۇ ئاقيول...

**ياسىن ئوسمان**

## شېئىرلار

### سۆيگۈ قىسسىسى

تۆكۈۋالسا يامغۇرنى بۇلۇتلار،
ئالتۇن نۇردا جۇلالايدۇ كائىنات.
ئاقسا ھېجران چۆللىرىگە سەلدەك ياش،
ئۆتەر سۆيگۈ گۈلشىنىدە چىن ھايات.

ئۆتەر سۆيگۈ گۈلشىنىدەچىن ھايات،
دىلغا سۇلتان بولسا ۋاپا - ساداقەت.
تۇرسا پارلاپ چىن ئەقىدە چىرىغى،
قۇياش بولۇپ قۇچاق ئاچار سائادەت.

قۇياش بولۇپ قۇچاق ئاچار سائادەت،
ۋىسال ئۈچۈن تەلمۈرۈپ كۆز تالمىسا.
ھېجران سوۋغا قىلغان ھەسرەت-نادامەت،
تۇمان بولۇپ دىللارغا چاڭ سالمىسا.

تۇمان بولۇپ دىللارغا چاڭ سالمىسا،
شۇم رەقىبنىڭ پىتنە - ئىغۋا سۆزلىرى.
ئاتەش دىللار ۋىسال تېپىپ شادىمان،
خۇمالىشارچىن بەختتىن كۆزلىرى.

خۇمالىشار چىن بەختتىن كۆزلىرى،
ئازابلىنىپ زارلانمىغان كەۋدىنىڭ.
كەلسە ھېجران ئېگىرىمىدۇق ئاھ ئۇرۇپ،
تېگى راھەت بولغاچ جاپا - جەۋرىنىڭ.

تېگى راھەت بولغاچ جاپا - جەۋرىنىڭ،
كۆتۈپ ۋىسال ئەتىسىنى ياشىدۇق.
تاڭ قالدۇرۇپ ئۇيقۇتىكى قۇياشنى،
چىن سۆيگۈدىن ئالتۇن قەسىر ياسىدۇق.

چىن سۆيگۈدىن ئالتۇن قەسىر ياسىدۇق،
يېمىرىلمەس چىقسا بوران، سوقسا جۇت.
كۆزلەردىمۇ ئاقماس ئەمدى تامچە ياش،
قۇچاق ئاچقاچ بىزگە پارلاق بەخت قۇت.

## مۇساۋىيات تەرەپەيىنلەر

### باھار كۈيى

باھار كېلىپ باغلار ئارا، بۇلبۇل راسا قىلدى ناۋا،
باغلار ئارا قۇشلارمۇ ھەم ياڭراتتى كۈي خەندان ئۇرۇپ.
بۇلبۇل راسا ياڭراتتىكۈي، چىن ئاشىقى گۈللەر ئۈچۈن،
قىلدى ناۋا خەندان ئۇرۇپ، گۈللەر ئۈچۈن بەزمە قۇرۇپ.

### مۇھەببەت

مۇھەببەت زەمزەم مۇھەببەت زەھەر
زەمزەم كۈلدۈرەر، زەھەر ئۆلتۈرەر،
مۇھەببەت زەھەر يوقالسا ۋىجدان
زەھەر ئۆلتۈرەر، ۋىجدان كۈلدۈرەر.

### ھەسەتخورغا

ئىنسان دېسەڭ ئۆزۈڭنى سەن، قىلماي ھەسەت قوزغات ھەسەت،
ئۆزۈڭنى سەن ئىنسان دېسەڭ، تۆھپە يارات، سۆيۈپ ئىجاد.
قىلماي ھەسەت تۆھپە يارات، يەڭنى تۈرۈپ ئىنسانغا خاس،
قوزغات ھەسەت سۆيۈپ ئىجاد، ئىنسانغا خاس ئۆتكۈز ھايات.

**تۆمۈر قادىرى**

## شېئىرلار

### قىزلارغا سوئال

قىزلار، قىزلار، ئايچىراي قىزلار،
ھۆسنىڭلارنى توغقانمۇ ئاق ئاي؟
ئالدىڭلاردا پەرىزاتلارمۇ،
ئەيمىنىشىپ ئاچالماس چىراي،
ھۆسنىڭلەرنى توغقانمۇ ئاق ئاي؟

قىزلار، قىزلار، ئەي ئوماق قىزلار،
خۇلقىڭلارنى توغقانمۇ شامال؟
يىگىتلەرنى سەگىتىپ قويۇپ،
ئەيلەيسىلەر كۆڭلىنى قامال،
خۇلقۇڭلارنى توغقانمۇ شامال؟

قىزلار، قىزلار، ئويماق ئېغىزلار،
ئاغزىڭلارغا ناۋات سالغانمۇ؟

گەپ ـ سۆزۈڭلار نېمانچە تاتلىق،
ياكى ھەسەل يالاپ ئالغانمۇ؟
ئاغزىڭلارغا ناۋات سالغانمۇ؟!...

### ئىلتىجا

يوپۇرماقلار پىچىرلىماڭلار،
پىچىرلاشتىن بولمەن بىزار.
ئەسكە سېلىپ قۇتلۇق كۈنلەرنى،
يۈرىكىمنى تىلماڭلار بىكار.

ئارامىمنى بۇزماڭلار بۈگۈن،
يۈرىكىمدە ھېسلار ئويغىتىپ.
پىچىرلاشنى قويۇڭلار ئەمدى،
چۈنكى، ئۇنى كەتكەنمەن ئۇنتۇپ.

### ...غا

ئۆزۈڭچىلار «يارىم» دەپ مېنى،
قەسىرىڭگە چىللاپ كېلىسەن.
مۇئەككىلىم تۇرسا يېنىمدا،
يۈرىكىمگە قانداق سىغىسەن؟

### سەھەردىكى چۈش

خىيالىم قىلىپ ئايقىزنى،
تاتلىق ـ تاتلىق كۈلۈشلەر،
جەمجەت تۈننى بۇزغانتى،
شىۋىرلاشلار، تىۋىشلەر.

غۇنچە پورەك ئاچالماي،
يارىمنىڭ گۈل ـ يۈزىدىن؛
ئەپقاچقانتى ئۆزىنى،
چولپان ئۇنىڭ كۆزىدىن.

يارىنىڭ ئاپئاق قولىنى،
تۇتماق بولۇپ ئاۋايلاپ؛
قول بەرگەنتىم، بوشلۇقتا —
قالدى لەيلەپ، پۇلاڭلاپ.

سەھەر كۆرگەن ئاشۇ چۈش،
بۇزۇۋەتتى ئۇيقۇمنى.
ئالدى بىراق ئىلكىمگە،
بىر شېرىن ھېس تۇيغۇمنى.

### جازا

(بىر شائىرغا تەقلىد)

قىلىچ ئۇردۇم، مىسرالىرىم بېشىغا،
لاۋزا پىكرىم بويالدى ئۆز قېنىدا.

**ئابدۇكېرىم ئابباس**

## شېئىرلار

### گۈل ۋە چىراي

ئاقۇش تۇمان قاپلىغان سەھەر،
گۈل تۈۋىدە كۆردۈممەن سېنى.
چىرايىڭدىن يامرىغان كۈلكە،
ئەسلىتىدۇ تۆكۈلگەن نۇرنى.

سېپيا چېچەك ئۈستىدە بىر گۈل،
تۇرار ئىندى چوغدەك ئېچىلىپ.
شاماللاردا يەلپۈنۈپ لەرزان،
تولغىناتتى ئەترە چېچىلىپ.

تەئەججۇپتا قاراپ مەن ئاڭا،
سېلىشتۇردۇم گۈزەل ھۆسنىڭنى.
شۇندا بىلدىم گۈلدىن چىرايلىق،
چاڭ قونمىغان سۆيگۈ مېھرىڭنى.

## تۈندىكى ھىجران

مەھەللىگە ئۆچسا خىيالىم،
تومۇرۇمدا دولقۇنلايدۇ قان.
ئىزگۈ شامال ئەپكەلگەن ناخشاڭ،
قۇلىقىمغا كىرەر شۇ ھامان.

ئەشۇ شامال ئەپكەلگەن ناخشاڭ،
دىل تارىمنى چېكىپ ئوينىتار.
كۆزلىرىمنى ئالسامۇ يۇمۇپ،
كىرپىكىمنى تارتىپ ئويغىتار.

ئاڭلاپ يېتىپ مۇڭلۇق كۈيۈڭنى —
لەۋلىرىڭنى قالىمەن ئەسلەپ.
ئازابلارغا بولۇنۇپ ئويچان،
تىنىشلىرىم تىترەيدۇ پەسلەپ.

خىياللاردىن بولىمەن مەسخۇش،
كۆز ئالدىمدا خىلۋەت گۈلىستان.
بىز يۈرىمىز ئۇندا قوغلىشىپ،
بەختىمىزنى سۆيەر كۆك ئاسمان.

## لىرىكىلار

I

كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ تەنھا،
يىراقلارغا سالىمەن نەزەر.
نىگاھىمنى ئەپقاچقان بىر كۈي،
ۋۇجۇدۇمنى نازۇك تىترىتەر.
جىلۋىلىنىپ ئايىنىڭ شولىسى،
سۇ بېتىدە ئوينايدۇ ئەركىن.
قايىقتىندۇر كەلمەكتە سەرسان،
قارا بولۇت ئۆكسۈنۈپ غەمكىن.

II

جىمجىتلىقنى بۇزماقتا بۇ دەم،
چېكەتكىنىڭ چىرىلداشلىرى.
ئاڭلىنىدۇ يىراقلاردىن ھەم،
ئاي بولاقنىڭ پىچىرلاشلىرى.
مۇڭلىنىدۇ سەن قالدۇرغان «نۇھ»
قىلىپ مىسكىن كۆڭلۈمنى قامال.
سۆكۈتلىرىم قىلىندى قەتلى،
ھىدلىرىڭنى ئەپكەلگەچ شامال.

III

لەيلەپ ـ لەيلەپ كۈمۈشرەڭ تۇمان،
ۋۇجۇدلارنى ئالغاندا ئوراپ.
كەچمىشلەردىن توقۇلغان ئارزۇ
تەشۋىش بىلەن چېكەر ئىزتىراپ.
ئۈنى بىلمەي سۆكۈتچان ئورمان،
تىڭشار چالىنىڭ مۇڭلۇق كۈيىنى.
سۆيۈشىدۇ تېخى ياپراقلار،
بىر ـ بىرىگە يېقىپ لېۋىنى.

**ئەمەت يولداش**

## دوستلۇق قەسىدىسى

1

رەنجىشلەرنى سۈرەيلى يىراق،
ئامراقلىقتىن تاپايلى كامال.
يۈرەكلەردىن ئۆرغىسۇن ناخشا،
پاك كېلىنچەك ئاچماقتا جامال.

بەدنىيەتلەر تۈگىسۇن تامام،
ياخشىلاردىن كۈلسۇن ئانا يەر.
بىزلەردىكى كۈيلەرنى تولۇق،
جاراڭلاتسۇن قۇشلار قېقىپ پەر.

سەپەرلەرگە تىلەيلى ئاق يول،
چىدام بىلەن باسايلى ئالغا!

AltunOq

ئاجرىمىسۇن قوللاردىن، قوللار،
چاچا يىلى نۇر، يېتىپ ئىقىبا لىغا.

چوققىلاردا تۇرا يىلى مەغرۇر،
قەلبىمىزنى كۆرسۇن كائىنات.
بىر تىلەكتە ياشا يىلى ئەبەد،
چىن دوستلۇقتىن ياشنىسۇن ھايات!

2

ئالدىمىزدا داۋانلار قات ـ قات،
توسا قلارغا مەھكۇمدۇر يوللار.
زور ئۇمىدتە تىلىشىپ ئۇتتۇق،
پۇلاتلا يدۇ مېھرىبان قوللار.

تۆكەر بىغەم دەستە نۇرلارنى،
ھا ياجا ندا نەملەنگەن كۆزلەر.
قەدەملەردىن ئۇنۇپ چىقار گۈل،
بۇلار ما ياك ئۇتقا شتەك سۆزلەر.

غەلبىمىزگە ما يىلدۇر چاۋاك،
كۆرسەتمەكتە قەلبىنى مەنزىل.
بىر كۈي ياڭرار دىللار قېتىدا،
بۇ كۈي شۇنچە يېقىملىق، بەك زىل.

ئارمانلارنى يەشمەكتە تولۇق،
تىلىسىما تىنىك سىرلىرى يورۇپ.

دوستلىقىمىز ئاتما قتا چېچەك،
كۆندىن ـ كۈنگە پورەكلەپ، زوررۇپ.

3

سۆزلىمەكتە شۇ گۈزەل تاغلار،
دوستلىقىمىز ھەققىدە چۆچەك.
قىچا رما قتا قوينىغا باغلار،
كەل بۇرادەر، كەلگىنە تېزرەك.

قۇچا قلاشسۇن كۆلكىمىز بۇ دەم،
ئەلەملەرنى ئۇنتا يلى زىنھار.
باشلىرىنى ئەگمەكتە تاللار،
يۇر بارا يلى!
بولسۇن سىر ئاشكار.

ئۆلمەس قىلىپ توقۇيلى قوشاق،
بۇ مىنۇتلار شېرىن شۇنچىلىك.
ياڭراپ تۇرسۇن ئۇزۇلمەي كۆكتە،
بىز تونۇلغان مۇقەددەس بىرلىك.

نۇرلىرىنى چېچىپ يۇلتۇزلار،
پاكلاپ تۇرسۇن شۇ ئىزىز نامنى.
يەڭلىرىمىز تۇرۇلسۇن مەھكەم،
ئاتاش ئۇچۇن دوستلۇققا جاننى.

**ئابدۇرېھىم يۇنۇس**

## رۇبائىيلار

پۇلۇڭغا ئىشەنمەي، ئەقلىڭگە ئىشەن،
ھىممەتىڭ، تىرىشچانلىق بىرىپ يەت ـ چۈشەن.
يېتىپ يەپ ئۇخلىساڭ تا غمۇ توشماس،
بىر كۈنى پۇتۇڭغا چۈشىدۇ كىشەن.

×

نۇ قويماي سۇ ئاچما لاي چۈشەر كۆلگە،
تۇپ ـ توزلەك بولسىمۇ ئولتۇرما ھۆلگە.

ئەجرى قىل بىلەكنى راسا چىڭ تۇرۇپ،
ئىزىڭدىن مەخمەلدەك گۈل ئۈنەر چۆلگە.

×

كۆسەينى ئۇزۇن قىل، قولۇڭ كۆيمەيدۇ،
ئىجاد قىل توختىما، نامىڭ ئۆلمەيدۇ.
سۇ باشلا غېرىبتەك چۆللەرگە تاغدىن،
بولمىسا يا قتۇرۇپ سەنەم سۆيمەيدۇ.

ھەدىسە زەي سالماي پاختىنى ئاتما،
ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپ غەپلەتتە ياتما.
زەر ـ ئالتۇن ئالدىدا سىما بىتەك ئېرىپ،
نەپ ئۈچۈن ئار-نومۇس—ۋىجدانىنى ساتما.

×

ياز كۈنى سۆگەتنىڭ سايىسى ياخشى،
خاماندا دېھقاننىڭ ئارىسى ياخشى.
ئاقىلغا قولۇڭ بەر، پېشىنى تۇت مەھكەم،
ئۇنىڭكى ئامالى-چارىسى ياخشى.

قويلارنى قاسساپنىڭ سويغىنى تۈزۈك،
نەقىشنى ئۇستامنىڭ ئويغىنى تۈزۈك.
بىلمىگەن ئىشلارنى بىلمەن دېمەي،
جايىدا ئۆز پېتى قويغىنى تۈزۈك.

×

قوشناڭغا يېقىن بول، سىناق بولسەن،
ھەم يەنە بىر تۇغقان ئىناق بولسەن.
مۇبادا تەكلىپىم بولسا ئىجاۋەت،
قەلبىدە چاقنىغان چىراغ بولسەن.

**مۇھەممەتقادىر ئىسمايىل**

## بۈگۈن يەنە تۇغۇلدى قۇياش

بۈگۈن يەنە تۇغۇلدى قۇياش،
يەر ئانامنى سۆيۈپ باشلاپ.
كېتىپ قالغاچ ئايمۇ بىر ياقا،
تۈن پەردىسى يىرتىلدى قاخشاپ.

بۈگۈن يەنە تۇغۇلدى قۇياش،
سۈكۈناتتىن ئويغاندى زېمىن.
نۇر سېغىنغان يالقۇنلۇق يۈرەك،
تېپىرلاشتىن تاپمايدۇ ئىمىن ...

بۈگۈن يەنە تۇغۇلدى قۇياش،
چۈشتى نۇرى زېمىنگە تال ـ تال.
ئۆپۆق بويلاپ ئۇچۇدۇ جۇشقۇن،
سۈبھىدەمدە بىر كەپسىز شامال.

بۈگۈن يەنە تۇغۇلدى قۇياش،
مۇزلۇق ئېقىن ئاقتى شىلدىرلاپ.
ئىنجا دالىقتىن چېچىلىپ ئۈنچە،
ھايات شامى ياندى پىلدىرلاپ.

**پولات ئەزىموپ**

## غەزەللەر

### ئىشەنمەسەن

ۋاپا ئىزدەپ جاپا چەكسەم، يەنە دىلدار ئىشەنمەسەن؟
پەقەت بىرلا سېنى سۆيدۈم، دېسەم زىنھار ئىشەنمەسەن؟
كېچەلەر ئۇيقىدىن بىدار بولۇپ ھەر تۈندە مۇڭ بىرلە،
سەھەر بۇلبۇل كەبى يىغلاپ يۈرەك سەكپار ئىشەنمەسەن؟
ھىلال بىرلە مۇڭداشسام، تۇتامدۇ سېنى كۈندەشلىك،
سۆيۈشكە بەرمىدىڭ ئىمكان، دېدىڭ ھەييار، ئىشەنمەسەن؟
دىلىمنىڭ ئەلچىسى تىلدۇر، مۇھۆر ھەر بىر سۆزۈم بىلسەڭ،
مۇھەببەتكە ئىشەنچ بىرلە، ئۈمىد دەركار، ئىشەنمەسەن؟

ئىشەنمىسەڭ سۆيەلمەيمەن، بىزار بۇنداق مۇھەببەتتىن،
شۇڭا يازدى ئەزىموپەمۇ بۇدەم ئەشئار، ئىشەنمەمسەن؟

## ئىشق سەۋداسى

قاچانكى بىر زامان چۈشتى، بېشىمغا ئىشقى سەۋداسى،
شۇنىڭدىن بىرى ئاقماقتا يۈرەكتە سۆيگۈ دەرياسى.
كۆرۈندى مەنزىلىم روشەن، يانار گوياكى مەشئەلدەك،
يېتەر باتۇر ئاڭا شەكسىز، يېتەلمەس قەلبى ئەماسى.
ھىلال ئاي ناز بىلەن باقسا، نىگارنى ئەسلىتىپ تۈندە،
سەھەردە سايرىدى بۇلبۇل ئۇنىڭمۇ ئىشقى غەۋغاسى.
مۇرادىم بولمىغاي ھاسىل، جاپا دەشتىنى كەزمەستىن،
قۇچاق ئاچقاي ماڭا شۇندا مۇھەببەت گۈلى - رەناسى.
ئىلىم قەلبىمگە نۇر چاچقاچ پەقىر شۇ يولدا بىر مەجنۇن،
ئۇنىڭدىن ئۆزگە يار تۇتسام، ھاياتىمنىڭ نېمە مەناسى؟

## ئەمەس

كەلمىسە شائىرغا ئىلھام يازغىنى ئەشئار ئەمەس،
كاپقا - لاپنى كەلتۈرۈپ تىزغانغا ئەل خۇشتار ئەمەس.
كەلمىسە ئىلھام زورۇقما، سەن ئۆگەن تۇرمۇشنى كۆپ،
ئۇ، ئەجەب بىر كاتتا كان، زىنھار قۇچاغى تار ئەمەس.
ئەي سەنئەتكار سازلا سازىڭنى ۋەتەننىڭ ئىشقىدا،
ئەل - ۋەتەننى كۈيلىمەي چالغان دۇتار - دۇتار ئەمەس.
تەڭ بولالماس مىڭ سەنەم ئىشقى ۋەتەننىڭ ئىشقىغا،
تەگلىمە ساقى شاراب، مەيگە كۆڭۈل خۇشتار ئەمەس.
ئوتتا كۆي ھەم سۇدا ئاق سەن ئەل ئۈچۈن جاننى ئاتا،
ئەل - ۋەتەنگە ئىشلىمەك ئۇ، بىر قۇرۇق شوئار ئەمەس.
ئايرىلىپ قالغان قوزا بۆرىگە يەم بولغاي ھامان،
«مەن»نى يار تۇتساڭ بۇرادەر ئەلگە سەن دەركار ئەمەس.

## سورا

ئىزلىسەڭ دىلبەر مېنى تاغ - دالىدىن - چۆلدىن سورا،
ئىز بېسىپ ئەجدادلىرىم ئۆتكەن ئەشۇ يولدىن سورا.
بولسا تەشنا يۈرىكىڭ، چۆللەردە مەجنۇندەك يۈرۈپ،
ئەنە بۇغدا، سەن بېرىپ كەۋسەرنى شۇ كۆلدىن سورا.
گەر قېنىپ تەشنالىقىڭ كۆكلەردە پەرۋاز ئەيلىسەڭ،
بىر ناۋاكەش بۇلبۇلۇڭمەن، باغدىكى گۈلدىن سورا.
كۆز يېتىپ، سۇلسا گۈلۈم، قالساڭ مېنىڭدىن بىخەۋەر،
گۈكىرەپ كۆيگەن ئىشق گۈلخانىدىن - كۈلدىن سورا.

## كېچەي

بولمىسا شەرمى ـ ھاياسى ئول پەرى بولسۇن كېچەي،
يورۇتۇپ ئۇ، تۈننى كۆكتە ئاي بولۇپ تۇرسۇن كېچەي.
قىزغا زىننەت، چىن گۈزەللىك، كەلتۈرەر ئەخلاق ـ ئەدەپ،
بولمىسا ئۇندىن خەۋەر، بۇلبۇل بولۇپ قونسۇن كېچەي.
چىن ساداقەت، بولسا ۋىجدان، ئۇ مۇھەببەتكە مىزان،
ئايرىلىپ ئۇندىن، ئۆزىنى خونچىلاپ تۇتسۇن كېچەي.
گۈل بولۇپ گەر خۇش پۇراقلار چاچسا ئۇ، گۈلزار ئارا،
لەۋزى يالغان بولسا ئۇ، كۆڭلۈمنى مىڭ ئۇتسۇن كېچەي.
ئۇ، تېگىشسە چىن مۇھەببەتنى چىراي ھەم ئاقچىغا،
بولدى بەس، تەنھا ياشايمەن مىڭ سەنەم بولسۇن كېچەي.

**قۇربانجان تاش**

# ئىككى غەزەل

### چىقمىدى

ئەي بۇرادەر، بۇ ئويۇندىن بىرمۇ مەنپەت چىقمىدى،
ئىشىكنى قاقسام، ئاتا ـ ئانام خۇشال تەلەت چىقمىدى.
ئويىنماستا مەن ئويۇننىدوستلىرىممۇ كۆپ ئىدى،
باشلىغاندا بۇ ئويۇننى بىرمۇ ئۇلپەت چىقمىدى.
ئوقۇدۇم مەن شۇنچە يىللار ئىمتىھاندىن ئۆتمىدىم،
بولمىغاچقا دېپلومۇم ھەم ماڭا خىزمەت چىقمىدى.
تىللىدىم ھەتتاكى ئۇردۇم چوڭ ـ كىچىكنى ئايرىماي،
شۇ سەۋەب ھېچبىر كىشىدىن ماڭا ھۆرمەت چىقمىدى.
سەت كۆرۈندۈم قىزلارغىمۇ قىلغىنىم بولغاچقا سەت،
تەلمۈرۈپ تۇرسام كېيىكتەك قىزدىن مۇھەببەت چىقمىدى.
تۈگىمەس ئويۇن بۇگۈن ھەتتاكى سەن بولساڭمۇ چال،
ئويىنما قۇربان ئويۇننى بىرەر نۇسرەت چىقمىدى.

### توختا

ئېلىپ قاچتىڭ ھاياتىمنىڭ تېگىنى ئەي ۋاقىت توختا!
ۋاقىت توختا، قېچىپ كەتسەڭ سالالمىدىم ساڭا نوقتا.
قېچىۋەرسەڭ ئەگەر مەنمۇ تاپارمەن باشقىچە چارە،
ئىلىمنىڭ كانىدىن گۆھەر قېزىپ سالغاچ ئاساس پۇختا.
ئىجادىيدىن بېرىپ ئەلگە شېرىن ـ شەربەت، ھەسەل، بال، قەنت،
ئۆلۈپ كەتسەم رىزادۇر مەن شۇ چاغدا بۇ گۈزەل باغدا.
بىلىم ئوكيانىغا شۇڭغۇپ گۆھەر قازچىڭ تۇتۇپ ۋاقىتنى،
ئەي قۇربان قويۇۋەتمە ۋاقىت ئوخشايدۇ بىر ئوقتا.

زۇلپىيە

# كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى تۇمان

( پوۋېست )

1

— ۋايجان، نېمە دېگەن شەرمەندىچى-
لىك بۇ ؟! ... ئادەم بارمۇ!...
تۇساتتىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز پۈتۈن
بىنادىكى ئائىلىلىكلەرنى پاتىپاراق قىلى-
ۋەتتى. ھەممەيلەن چالا - پۇچۇق كىيىنىپ-
لا ئالدىراپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە چېپىش-
تى. بىنانىڭ 2- قەۋەت سول تەرەپتىكى
7- نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئالدى بىر دەمدىلا
ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ئىشىكى ئوچۇق
تۇرغان ئۆي ئىچىدە قارا چاچلىرىنى بۇدرە
قىلىۋالغان، پۈزۈر كىيىنگەن يىگىرمە بەش
ياشلار چامىسىدىكى بىرچوكان كىملەرنىڭدۇر
ئۈستىدىن شىكايەت قىلغاچ، قولىغا چىققانلىكى
نەرسىلەرنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتاتتى.
كىمدۇر بىرى ئۇ ئەمدىلا قولىغا ئېلىپ بې-
شىدىن ئېگىز كۆتەرگەن تويلۇق رەسىم جا-
زىسىغا ئېسىلىۋالغاندىلا، ئايال نەرسىلەر-
نى چېقىشتىن توختىدى.
— گۆھەر، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، مۇن-
چە قىلىپ كەتكۈدەك نېمە ئىش بولدى زادى؟
— ئەمدى بۇ رەسىملەرنىڭ ماڭا نېمە
كېرىكى؟ ھازىرلا كۆرىسىلەر، مەن بۇ شەر-
مەندىلەرنى ئەق ئۈستىدىن تۇتۇۋالدىم!...
— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، — دېدى گۆ-
ھەر بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر ئايال ئوت-



تۇرىغا چىقىپ، —
تېخى ئىشىكلىرى-
ڭىزنىمۇ ئېچىشقا
ئۈلگۈرەلمەپ-
سىزغۇ؟
— ئۆيۈمدىن
چىقىپ كەتكىنىمگە يېرىم سائەت-
مۇ بولمىغان تۇرسا، — دېدى ئارىدىن
يەنە بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ.
— ئالدىرىماڭلار، ئالدى بىلەن قاي-
سىڭلار ساقچىغا بارىسىلەر؟ — دېدى گۆھەر.
— ئەتراپتىكىلەر ھەيران بولۇشۇپ بىر-
بىرىگە قاراشقىلى تۇردى.
— ساقچىغا نېمىگە بارىمىز؟ — دېدى ئا-
رىدىن بىر ياش ئوتتۇرىغا چىقىپ، — ئۆيد
يا سىزدىن باشقا كىشى بولمىسا، سىز... ە
— مانا، ئالدىمدا خالايىق تۇرۇپتۇ، يال-
غان سۆزلىگەن بولسام ئىت بوپ كېتەي! —
دېدى گۆھەر ئۆزىنى كاچاتلاپ، — سەلىمە،
مەن ساڭا « يالقۇن بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە
پاراڭلىشىپ كېلىمەن دەپ كەتتى » دېمە-
گەنمىدىم. ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇۋېرىشتىن
زېرىكىپ، بالىنى بالا باققۇچىغا تاپشۇرۇپ،
سەن بىلەن بىغىرامان كىنو كۆرۈشكە مې-
ڭىپتىمەن، لېكىن بۇ شەرمەندىلەر ئانى-
نى ئاپىلىغانىغا، يولنى سارىغا نىغا سېلىپ،
مېنى يولغا سېلىپلا ئىپلاس كۆڭلىنى قاندۇ-

رۇشۇپتۇ ئەمەسمۇ...

— گۆھەر ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كىشىلەرگە بىر قۇر سەپ سېلىپ چىققاندىن كېيىن، يوغان قولۇپ سېلىنغان يان ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— بەزىلەر خۇددى مەن بىر يېرىنى چىشلىۋالغاندەك، پۇرسەت تاپسىلا «ئۇنداق ئەخلاقسىز، مۇنداق ئەخلاقسىز» دەپ غەيۋىتىمنى قىلىشىدۇ. مانا، ھازىرلا كىمنىڭ ئەخلاقلىق، كىمنىڭ ئەخلاقسىز ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ، خەق ياۋاش دەپ قاراپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە قانداق مۆكۈگۈزنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز! — گۆھەر شۇنداق دېگىنىچە قولۇپقا ئاچقۇچنى سېلىپ، ئىشىكنى يوغان ئېچىۋەتتى. باياتىن بىرى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تۇرغان كىشىلەر خۇددى بىرەر مۆجىزە چىقىدىغاندەك، قولىپى ئېچىلغان ئىشىككە قاراپ ئىنتىلىشتى. ئالدىدا كەلگەن بىر نەچچەيلەن ئۆي ئىچىگە كىردى - يۇ، ئارقىدىنلا بۆرىدىن قاچقان قوزىدەك ئارقىغا داجىشتى.

— ۋاي ئانام، نېمە دېگەن سەتچىلىك بۇ؟ ...

— ئەسلىدە ئۇ مۇنداق ئادەمكەنىدە ...

— بىر بالىنىڭ يۈزىنى قىلىسىچۇ ...

— بۇ شەرمەندىچىلىككە ئەمدى نېمە دېگۇلۇك!...

ياشانغانلار ياقىلىرىنى چىشلەپ تۆۋە ئوقۇشتى. ياش قىزلار يۈزلىرىنى ئەتكىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ياتاق ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان تاماق شىرەسىدە بىر شىشە ئاغزى ئېچىلمىغان ئاق ھاراق، بىر نەچچە قۇرۇق بوتۇلكىلار چېچىلىپ ياتاتتى. ئۆينىڭ ئىچىدىن قاڭسىق ھاراق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. تام تەرەپكە قويۇلغان قوش كىشىلىك سىم كارىۋاتتا بىر جۈپ ئەر - ئايال ئىچ كىيىملىرى بىلەن ياتاتتى. ئەر مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى، گۆھەرنىڭ يولدىشى يالقۇن، يېنىدىكى قىز بولسا مۇشۇ ئۆينىڭ بالا باققۇچىسى — سەمەندەر ئىدى.

2

گۆھەر كىچىكىدىنلا شوخ، سۆزمەن قىز ئىدى. ئائىلىسىدىكىلەرمۇ بىر تاللا قىز بولغاچقا، ئالاھىدە ئەتىۋارلايتتى. ئۇ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن بولسىمۇ، ھەممىدىن بۇرۇن خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، چۈنكى، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايتتى. گۆھەر خىزمەتكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەھەرنىڭ مودىچى قىزلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان قىز - ئوغۇل دوستلىرىمۇ كۆپەيدى. ھەر قانداق توي - تۆكۈن، زىياپەت دېگەنلەر گۆھەرسىز ئۆتكۈزۈلمەيتتى. ئۇنىڭ دوستلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەشۇنداق بىر «بازارلىق» قىز بىلەن يېقىن ئۆتەلىگەنلىكىدىن خۇشال بولسا، ئاتا - ئانىسى قاراپ ئولتۇرغىدەك چىرايلىق بىر قىزنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى.

گۆھەر بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدى. يىگىتنىڭ چالغان گىتارلىرى بىلەن ئوقۇغان ناخشىسىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنىڭغا مەھلىيا بولماي قالمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئوت چاقناپ تۇرىدىغان يوغان كۆزلىرى، قوشۇما قاشلىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلاتتى. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى. خېلى - خېلى يىگىتلەرنى نەزىرىگە ئالمايدىغان گۆھەرمۇ يىگىتكە مەپتۇن بولۇپ قالدى.

— گىتارنى كارامەت پەيزى چالىدىكەنە،

كاساپەت! ـ گۆھەر بۇ سۆزنىڭ ئېغىزىدىن قانداقلارچە سىرتقا چىقىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى.

— نېمە دەۋاتىسەن، گۆھەر؟ ـ دەپ سورىدى يېنىدا ئولتۇرغان بىر قىز.

— ھېچنېمە، ـ دېدى گۆھەر چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ.

— ئۇنىڭغا كۆزۈڭ چۈشتىمۇ دەيمەن، ـ دېدى ھېلىقى قىز گۆھەرگە مەنىلىك بېقىپ، ـ بىراق تېزھەرىكەتلەنمىسەڭ قۇرۇق قالىسەن.

— قانداقسىگە؟

— سېنىڭسىز مۇئۇنى پايلاپ يۈرگەن قىزلار كۆپ، ئۇغۇ بولىدىغان يىگىت، بىراق سېنىڭ خىلىڭ ئەمەس.

گۆھەر «نېمىشقا؟» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا ئىتتىك قارىدى.

— ئۇنىڭ دادىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، ھازىر يېنىدا قېرى ئانىسىلا بارمىش ...

— بۇنىڭ نەرى يامان؟

— قارىغاندا بىر قارارغا كېلىپ بولغان ئوخشىمامسەن؟ ـ دېدى ھېلىقى قىز سىرلىق كۈلۈپ، ـ لېكىن ئائىلەڭدىكىلەر ...

شۇ ئارىلىقتا بىرسى گۆھەرنى تانسىغا تارتىپ، سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويدى. گۆھەر تانسا ئوينىغاچ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ناخشىچى يىگىتكە سەپ سېلىپ قاراشقا باشلىدى. يىگىت خۇددى گۆھەر ئۈچۈنلا يارالغاندەك، ھېچقانداق ئەيىبسىز كۆرۈنەتتى. شۇ بىر مەيدان تانسىدىن كېيىن داستىخان سېلىندى. گۆھەر ناخشىچى يىگىتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بايىقى قىزغا مەنىلىك كۈلۈپ قويدى ـ دە، قارشىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. «ئەجەبمۇ كېلىشكەن يىگىتكەنا، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلساممۇ ئەرزىگۈدەك» گۆھەر قارشىسىدىكى قىزغا قاراپ كۆز قىسىپ قويدى ـ دە، قولىغا قىپقىزىل بىر تال ئالمىنى ئالدى.

— ئاسىدە، بۇ ئالمىغا مەيلىڭ بارمۇ؟ ـ ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئالمىنى قارشىسى تەرەپكە قارىتىپ ئاتتى. ئالما ئۇدۇل بارغىنىچە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن چاي ئىچىۋاتقان ناخشىچى يىگىتنىڭ چىنىسىگە چۈشتى. ئۆي ئىچىنى بىردىنلا قاتتىق كۈلكە ئاۋازى قاپلىدى. گۆھەرنىڭ كۈتكىنى گەرچە شۇ بولسىمۇ، لېكىن يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

— ئالمىنىڭ مەيلى ئەسلى يالقۇندىكەن ـ دە ...

«يالقۇن» دېگەن ئىسىم چىقىشى بىلەن تەڭلا گۆھەر يىگىتكە قارىدى. تۇساتتىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى ـ دە، ھەر ئىككىلىسى تەڭلا يەرگە قارىۋېلىشتى. گۆھەرنىڭ بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كەتتى. ئېھتىمال بۇ يالقۇننىڭ ئەشۇ بىر ئوتلۇق قارىشىنىڭ تەپتىدىن بولسا كېرەك. گۆھەر ئەشۇنداق بىر قاراشقا قانداق تەشنا بولغان، ھە؟ ...

داستىخان يىغىلىپ، تانسا قايتا باشلانغاندا، كۆزلەر پات ـ پات ئۇچرىشىپ قالاتتى. گۆھەرنى ئىللىق بىر سېزىم چىرماشقا باشلىدى. ئۇ، يىگىتتىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئېيتقان ھەر بىر ناخشىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

كىچىككىنە قارا كۆز،
نېمە ئۇنچە قارايسەن؟
راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ،
سەنمۇ ماڭا يارايسەن ...

ئولتۇرۇش سائەت ئون بىرگە يېقىنلاشـ

قا ندا تا رقىدى. گۆھەر دوستلىرىنى ئـا رقىدا
قا لدۇرۇپ، ئۇلاردىن ئۇن قەدەمچە نېرىدا ئۆ-
زى يا لغۇز ما ڭدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئا رقىدىنلا
ۋېلسىپىت بىلەن كېلىۋا تقا ن ئىككى كىشىنى
كۆرۈپ، گۆھەرنىڭ يۈرىكى قا تتىق سوقۇپ
كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى گۆھەرنىڭ تەلمۈ-
رۈپ كۈتۈۋا تقا ن كىشىسى — يا لقۇن ئىدى،
تېخى گۆھەرگە يېقىنلاشما ي تۇرۇپلا يا لقۇ-
نىنىڭ يېنىدىكى يىگىت چا قچا ق قىلدى:

— يا لقۇن، ئا لدىڭىزغۇ يېڭىدىڭ، ئەمدى
رەھمىتىنى ئېيتا رسەن؟ — ئۇ شۇنداق دەپلا
ۋېلسىپىتىنىچا پتۇرۇپ كېتىپ قا لدى. گۆھەر
مۇشۇنـداق بولۇشىنـى كۈتـكەن بولسىمۇ،
لېكىن نېمىشقىدۇر تىتـرەپ كېتىۋا تا تـتى.

— يا لغۇزلا مېڭىپسىزغۇ؟-دېدى يا لقۇن
گۆھەرگە قا راپ.

— دوستـلـىرىمـىنىڭ بىر نەچچىسى با لـ
دۇرلا كېتىپ قېلىشقا ن، قا لغا نلىرى ئا رقا مـ
دىـن كېلىپ قا لار، — گۆھەر شۇ سـۆزنـى
ئا را ئىلا دېيەلىدى.

— خا لىسىڭىز مېنىڭ ئا رقا مـغا چىقىۋېـ
لىڭ، مەن ئا پىرىپ قويا ي.

— سىزنى ئا ۋا رە قىلارمەنمۇ ؟ — گۆھەر
شۇنداق دەپلا خۇددى ئۇنىڭ قېچىپ كېتىـ
شىدىن قورقـقا ندەك ، تېزلا ۋېلىـسىپىتكە
مىنگەشتى .

— با يا ئا لدىنى دوستۇمغا ئا تسام، سىزـ
گە تېگىپ كەتتى ، كەچۈرۈڭ .

— كەچۈرمىگەن بولسا م ، سىزنى ۋېلىـ
سىپىتىڭگە مىندۈرەتتىممۇ ؟ — دېدى يا لـ
قۇن كۈلۈپ .

— سىز بەكمۇ تۈز كۆڭۈل ئىكەنسىز ، —
گۆھەر تۇيۇقسىز ئا غزىدىن چىقىپ كەتكەن
بۇ سۆزدىن ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى .

— سىزمۇ بەكلا نا زاكەتلىك...

تۇيۇقسىز ۋېلىسىپىت كا تاڭ يەرگە كىـ
رىپ قېلىپ ، ئۇلار يىقىلىپ كېتىشكە تاس
قا لدى ، گۆھەر قورقـقىنىدىن يا لقـۇنىنىڭ
چا پىنىغا چىڭ ئېسىلىۋا لدى.

— چىڭراق ئولتۇرۇڭ ، چۈشۈپ قا لسىـ
ڭىز تۆلەپ بېرىدىغا ن ئا دىمىم يوقـجۇمۇ،-
دېدى يا لقۇن چا قچا ق قىلىپ .

— ھېچبـولمىغا ندا كۆڭلىڭىزگە پۈككەن
بىـرەرسى باردۇر، — دېدى گـۆھەر گەپـنى
ئەگىتـىپ .

— يا قەي ، نېمىـلەرنى دەيدىغا نسىز ،
بۇنداق ئىشلارنى ئەمـدىرەك ئويلاشـسا قىمۇ
كېچىكمەيمىز ، — يا لـقۇن ئا رقىغا « لاپ »
قىلىپ قا راپ قويدى .

— ھا زىردىن باشلاپلىما ؟ ! ...

ئۇلار خېـلى ئۇزۇنغـىچە پا راڭلىشـىپ،
ئۆيگە قا نداق كېلىپ قا لغا نلىقىنى سەز-
مەي قېلىشتى . شۇ ئۇچرىشىشـتىن كېـيىن
ئۇلار پات - پات ئۇچرىشىپ تۇردى . گۆ-
ھەر ئۆز ئۆيىدە ئۆتكـۈزۈلگەن ئولتۇرۇشتا
يا لقۇنـنى ئا تا - ئا نىسـىنىڭ سـىنىقىدىن
ئۆتـكۈزدى ۋە ئا رىـدىن ئۇزۇن ئۆتـمەيلا
ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋا لدى. ئۇلار يې -
ڭىچە تۇرمۇشنىڭ قىزىقىدا بىر يىلنى ئۆتـ
كۈزدى ۋە چىرا يـلىق بىر ئوغـۇلغا ئا تا -
ئا نا بولۇشتى . گۆھەر يا لقۇننى ھۆرمەتـ
لىگەچكە ، يا لقۇنمۇ گۆھەرنىڭ دېگەن يې-
رىدىن چىقىپ ، بىر - بىرىگە تېخىمۇ ئىـ
جىل بولۇپ كېتىـشتى .

### 3

يا لقۇن ئىشتىن سىرتقى نا خشىچى ئىدى.
ئۇ ، گۆھەر بىلەن توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتـ
مەيلا قېرى ئا نىسى ئۆيىنى ئۇلارغا بېرىپ،
يېزىدىكى سىڭلىسىنىڭ يېنىغا كەتتى . ئۇ-
لار با لىسىنى ئەتىگەنى يەسلىگە ئا پىرىپ ،
كەچتە قا يتۇرۇپ كېلەتـتى . گۆھەر تا ماق
ئەتكىچە يا لـقۇن با لىنى با قـقاچ ئۇنىڭغا

ياردەملىشەتتى. تاماقتىن كېيىن بالىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، باشقا ئۆيگە چىقىپ كېتەتتى - دە، كىتاب بىلەن ئاخشىمىنىڭ پەيزىنى سۈرەتتى. گۆھەر ئاخشىمى شۇنداق بېرىلىپ ئاڭلايتتىكى، ئەتىگەندىن بۇيانقى ھارغىنلىقىنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ كېتەتتى.

بىر كۈنى يالقۇن ئارتىستلار بىلەن سەييارە ئويۇن قويۇشقا بارماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. گۆھەر باشتا خۇشال بولغان بولسىمۇ، كېيىن سەل جىمىپ قالدى.

— قانچە ۋاقىت تۇرارسىز؟ - دېدى ئۇ بىچارىلەرچە قىياپەتتە يالقۇنغا مۆلدۈرلەپ قاراپ.

— بۇنىسى ئېنىق ئەمەس، - دېدى گۆھەرنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىپ تۇرغان يالقۇن، - ئەگەر خالىمىسىڭىز بارمايلا قوياي...

گۆھەر ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتتى - دە، ئارقىدىنلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، تالانتىڭىزنى نامايەن قىلىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلگەندە، سىزنى قانداقمۇ توسۇپ قالاي؟ بىردۇردىك ...



— سىز نېمىدېگەن ياخشى - ھە؟ - يالقۇن گۆھەرنى باغرىغا باستى ۋە تاتلىقىدىنا بىرنى سۆيۈپ قويدى.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يالقۇن يولغا چىقتى. گۆھەر ھەر قانچە چاندۇرماسلىققا تىرىشسىمۇ، ئىچىنى بىر نەرسە تاتلاۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى. ئۇنىڭ يالقۇندىن زادىلا ئايرىلغۇسى يوق ئىدى.

— گۆھەر، سالامەتلىكىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ، مەنمۇ ئىلاج بار تېزراق قايتىپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن.

يالقۇن كېتىپ بىر ھەپتە ئۆتەر - ئۆتمەيلا گۆھەر يالغۇزسىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى. «يالقۇن ھازىر قايسى شەھەردىدۇر؟ ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقان تاماشىبىنلار نېمە دېگەن بەختلىك - ھە!». ئۆزى بىر جانغا تاماق ئەتكىچە كۆزى تويۇپ قېلىپ، بەزىدە ئەتكەن تاماقلىرى قول تەگمەي قالاتتى. كېيىنچە ئۇ، ئاشخانىدىن تاماق يېيىشكە ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭ بىر كۈنىنى كەچ قىلمىقى ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى، كېچىلىرى قارا بېسىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى، مۇنداق ۋاقىتلاردا يالقۇننىڭ قەدرى تېخىمۇ ئۆتۈلەتتى. «بۇندىن كېيىن يېنىمدىن بىر قەدەم ئايرىلىشقا يول قويىدىغان بولسام...» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئۇيقۇسىز ئۆتكەن كېچىلەردە.

ئارىدىن ئون بەش كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، يالقۇننىڭ ھېچقانداق خەۋىرى بولمىدى. گۆھەر سەنئەت ئۆمىكىگە ئىككى قېتىم بېرىپ كەلدى. چۈنكى يالقۇن مېڭىش ئالدىدا خەت يازىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. تاقىتى تاق بولغان گۆھەر ئۈچىنچى قېتىم بارغىنىدا، ئۆمەك باشلىقى غولامدىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. غولامدىن تاقىر باش، يوغان قورساق، سالاپەتلىك كىشى بولۇپ، كۆك چېقىر كۆزلىرى مۇشۇكنىڭكىدەك

دەك ھەرىكەتچان ئىدى. ئۇ، ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن گۆھەرگە باشتىن-ئاياغ بىر قۇر سەپ سېلىپ چىقتى-دە، ئۇنىڭ بىلەن خۇددى كونا تونۇشلاردەك سۆزلىشىپ كەتتى.

— قېنى، سىڭلىم، سافاغا كېلىڭ، نېمە ئىشىڭىز بارتى؟ — دېدى غولامىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تارتىنىپ تۇرغان گۆھەرگە قاراپ ھېجىيىپ.

— مەن يالقۇنىنىڭ ئايىلى، — دېدى گۆھەر كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ باقاي دەپ كېلىۋىدىم.

— ئايالى؟ يالقۇنىنىڭ؟ قايسى يالقۇن ئۇ؟ — دېدى غولامىدىن ئۇنىڭ باشقا بىرسىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىگە چىدىمىغاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— ناخشىچى يالقۇنىنىڭ...، — گۆھەر سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى.

— ھە، تاپتىم، بۇرۇنراق شۇنداق دېسىڭىز بولمامدۇ؟ ھېلىقى بۇدرە چاچ يالقۇنىنىڭ دەڭ، خېلى كۆزىڭىز باركەن، ئۇ دېگەن ئۆمىكىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ناخشىچىلىرىدىن بىرى، مەن ھەجەپ ئۇنىڭ قاچان توي قىلغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدىم يا؟!

— توي قىلغىنىمىزغا بىر يىلدىن ئاشتى، بىر ئوغلىمىزمۇ بار...

— ھە مۇنداق دەڭ، ئوغلىمىز باردەك، — دېدى غولامىدىن گۆھەرگە قاراپ سىرلىق ھېجىيىپ، — يالقۇن سىزلەرنى قانچە سېغىنغاندۇر، ھە، — غولامىدىن «سىز» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە سوزۇپ ئېيتتى.

— مەن قايتاي، — دېدى گۆھەر ئورنىدىن تۇرۇپ.

— نېمانچە ئالدىرايسىز؟ — دېدى غولامىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ، — ھازىرچە ھېچقانداق خەۋەر يوق، بولمىسا مەن باشقىلاردىن ئۇقۇشۇپ باقاي، ياش ئەمەسمۇ، بىر-بىرىڭلارغا چىداشمايسىلەر-دە...

— رەھمەت! — دېدى گۆھەر ئىشىككە قاراپ مېڭىپ.

— ئەمىسە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر كېلىڭ، — غولامىدىن گۆھەرنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىققاندىن كېيىن، خوشلىشىپ كىرىپ كەتتى.

گۆھەر شۇ ئاخشىمى زادىلا ئۇخلىيالمىدى. بالىسى بولسا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. «دادىسىنىڭ يوقلىقى بۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ، — دېدى گۆھەر بالىسىنى ئەيىپلىگەندەك، — ئۇنى سېغىنمامدىكىن؟».

گۆھەر چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندە سائەت دەل ئۈچ بولغانىدى. ئۇ، چىراغنى يورۇتۇپ ئۆيگە بىر قۇر سەپ سېلىپ چىققاندىن كېيىنلا ئۆزىنى قارا بېسىپ قالغانلىقىنى بىلدى. قەيەردىندۇ سوزۇلۇپ ئۇنىڭ گېلىنى بوغقىلى تۇرغان قارا قولنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىردەم ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى-دە، ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ سوغۇق تۇرۇبا سۈيى بىلەن باش-كۆزىنى ئۇزاققىچە يۇدى ۋە شۇ ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى.

گۆھەر ئۆمەككە قايتا بارغانىدا، غولامىدىن ئۇنىڭ كېلىشىدىن خەۋىرى باردەكلا ئىشخانا ئىشىكىنى ئوچۇق قويۇپ چاي ئىچكىنىچە ئىشىككە قاراپ ئولتۇراتتى.

— ھە، كەلدىڭىزمۇ، ياخشى تۇرغانسىز؟ — دېدى غولامىدىن گۆھەر ئىشىكتىن كىرىشىگىلا قىزغىن قارشى ئېلىپ.

— خۇداغا شۈكرى، ئۆزلىرىمۇ سىيالامەت تۇرغانلا؟ — دېدى گۆھەر ئۇنىڭ سۆزىگە يارىشا.

AltunOq

— قېنى ئولتۇرۇڭ، چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، — غولامىدىن بىر ئىستاكان چاينى گۆھەرنىڭ ئالدىغا ئىككى قوللاپ قويغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۆمىكىمىزدىن ئويۇن قويۇشقا چىققانلار خۇددى سەييارىلەردەكلا بىر جايدا تۇرمايدىكەن. سىز ئۈچۈن كۆپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپمۇ ئەستە ئۇلارنىڭ ئاقسۇدا ئويۇن قويۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ھازىرچە بىلگەنلىرىم پەقەت شۇلا...

— ئۇلارنىڭ قاچانلاردا قايتىپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىڭىزمۇ؟ — دېدى گۆھەر يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— ئۇنى تازا سېغىنىپسىز — دە، — دېدى غولامىدىن گۆھەرگە مىختەك قادالغىنىچە سەت ھېجىيىپ، — ئەگەر مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدىغان مۇھ. ئىشىڭىز بولسا ئۇنى چاقىرتىپ ئەكىلىپ بېرەي...

— ھاجىتى يوق، — دېيەلىدى گۆھەر ئارانلا، غولامىدىننىڭ گەپنى باشقا ياققا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ بۇ يەردىن تېزراق چىقىپ كېتىشنىڭ ئامالىنى ئىزلىدى.

— مەن قايتاي، — دېدى گۆھەر ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — سىزنى كۆپ ئاۋارە قىپتىمەن.

— بىردەم ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ قايتىڭ، — دېدى غولامىدىن گۆھەردىن كۆزىنى ئۈزمەي، — ئىچ پۇشقىڭىزمۇ چىقىپ قالار...

گۆھەرنىڭ تەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى. ئالدىدىكى دادىسى دېمەتلىك بۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئېتىقسىز سۆزلەر ئۇنى يىرگىندۈرۈۋەتتى. ئۇ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى ئاتلاپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇ، يالقۇندىن ئاغرىنىشقا باشلىدى، «سەندەكمۇ ئەر بولارمۇ، بىر ئايغىچە قاراڭنىمۇ كۆرسەتمىسەڭ، ياكى بىرەر پارچە خېتىڭمۇ بولمىسا...»

گۆھەر بۇ كېچىمۇ كىرپىك قاقمىدى. «سۈنىڭ بېشى لاي بولسا، ئاخىرىمۇ لاي، دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۆمەك باشلىقىنىڭ ئەھۋالى بۇ تۇرسا، قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ئەھۋالى نېمە بولماقچى. يالقۇننىڭ بىر ئايغىچە ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوتۇپ كېتىشىدىمۇ گەپ باركەن — دە، ئارتىسلار ئىچىدە سەتەڭ قىزلار ئازمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرمۇ — شەھەر يۈرۈپ...» گۆھەر خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇ، ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ھەرگىزمۇ ھازىر خىيال قىلغىنىدەك بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر شۇ خىيال بىلەن تەڭلا ئۇنى بولمىغۇر گۇمانلار چىرمىۋالدى.

گۆھەر ئەتىسى كۈن نەيزى بويى ئۆرلىگەندە ئورنىدىن تۇردى — دە، ئىچ كىيىمى بىلەنلا لوقۇلداپ تۇرغان بېشىنى قامالىغىنىچە تۇرۇۋا ئالدىغا كەلدى. ئۇ، ئەمدىلا جۈمەكنى ئېچىپ بېشىنى تۇتاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك يەڭگىل چېكىلىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا قاتتىق سوقۇپ كەتتى، ئۇنىڭغا خۇددى ھازىرلا يالقۇن كىرىپ كېلىدىغاندەك سېزىلەتتى. «نەدە ياتساڭ يات، ساڭا ئۆيىنىڭ كېرىكى بارمىتى». گۆھەر خۇددى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك، يۈزىنى يۇيۇشقا باشلىدى. ئىشىك يەنە بۇرۇنقىدەكلا يەڭگىل چېكىلدى. «نېمىشقا ئىشىكنى چاقىرمايدىغاندۇ؟ باشقا بىرسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە» گۆھەر ئالدىراپ قالدى — دە، يۈزلىرىنى چالا — پۇچۇق سۈرتۈپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئىشىكنى ئېچىپلا كۈتۈلمىگەن مېھماندىن ھەيران قالدى.

— ۋۇي سىزمىدىڭىز، قېنى ئۆيگە كىرىڭ... مەن...

— ئۆيىڭىزنى تەستە سۈرۈشتۈرۈپ تاپتىم، — دېدى غولاممىدىن گۆھەرگە سىرلىق بىر نەزەردە قاداپ، — يەكشەنبە بولغاچقا تازا قېنىپ ئۇخلىۋالاي دەپسىز-دە.

گۆھەر شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئىچ كۆڭلەك بىلەن تۇرغانلىقىنى سېزىپ، ئۇيالغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى.

— قېنى، بىر ئاز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، — گۆھەر شۇنداق دەپلا ئۆزىنى يان ئۆيگە ئېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى.

گۆھەرنىڭ تۈنۈگۈنكى ھالىتىدە غولاممىدىننى قايتا كۆرۈشكىمۇ رايى يوق ئىدى، بىراق، ئاخشامدىن بۇيانقى گۇمانلىق خىياللار ئۇنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتتى.

— بۇيا قىلارغا قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتىغۇ؟ — دېدى گۆھەر تولۇق كىيىنىپ چىققاندىن كېيىن غولاممىدىنغا چاي قۇيغاچ.

— سىزنى راسا بىر خۇش قىلىۋېتەي دەپ قاق سەھەردىلا مۇشۇ ياققا كېلىشىم...

— قانداق خۇشخەۋەر؟ — دېدى گۆھەر باشقىچە جانلىنىپ.

— ئەمىسە سۆيۈنچە بېرىسىز جۇمۇ، — دېدى غولاممىدىن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — بولمىسا كۆرسەتمەيلا ئېلىپ كېتىمەن.

— قېنى ئېيتىڭە، — دېدى گۆھەر ئالدىراپ، — دېگىنىڭىزنى بېرىمەن...

— گېپىڭىزدە تۇرۇڭ ھە، — غولاممىدىن يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى چىقاردى-دە، بىر قولىنى گۆھەرگە سۇندى، — قېنى سۆيۈنچىسىنى بېرىڭ.

— يالقۇندىن كەپتۇ-دە! — گۆھەرنى بىر خىل ئىللىق سېزىم چىرماشقا باشلىدى، ئۇ بىر ئامال بىلەن خەتنى ئالدى-دە، ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«قەدىرلىكىم گۆھەر!

قانداق ئەھۋالىڭىز، شۇ تاپتا سىزنى ۋە ئوماق ئوغلۇمنى بەكمۇ سېغىندىم، سىلەرنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى. گۆھەر، مېنى كەچۈرۈڭ، سىرتتا ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بۇرۇن يازغان ئىككى پارچە خېتىمدىن بىلگەنسىز، ئۆينىڭ قەدرى تالادا قالغاندا بىلىنىدىكەن، شۇ تاپتا يېنىڭىزغا تېزرەك قايتىشقا ئالدىراۋاتىمەن، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ بېرىشىم مۇمكىن، ئەگەر مۇمكىن بولسا ھازىرلا قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ يېنىڭىزغا بېرىۋالغۇم بار، ئوغلىمىز ئەزىمەتنى مەن ئۈچۈن سۆيۈپ قويۇڭ، قالغان گەپلەرنى يېنىڭىزغا بارغاندا دېيىشەرمىز، خەير، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ. سىزنى سېغىنىپ:

يالقۇن.»

— مېنى ئۇنتۇپلا كەتتىڭىزغۇ، — دېدى غولاممىدىن تېخىچە خەتتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان گۆھەرگە يېقىنلىشىپ، — نەدىمۇ ئۆيگە كەلگەن مېھماننى قۇرۇق ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىغان ئادەت باركەن؟

— مانا، ھازىرلا، — دېدى گۆھەر خەتنى قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — ھەقىچان ئەتىگەنلىك تاماقمۇ يېمىگەنسىز، شاققىدا بىر پىيالىدىن ھالۋا ئېتەي...

— مانا، ئەمدى ساھىپخانىغا ئوخشىدىڭىز، — دېدى غولاممىدىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا گۆھەر پەتنۇستا ئىككى پىيالە ھالۋىنى كۆتۈرۈپ چىقتى-دە، ئۆزىمۇ سافاغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم، قېنى تاماققا بېقىڭ.

— ناھايىتى چاققانىكەنسىز، — دېدى غولاممىدىن ئۇنى ماختاپ، — سىز بىلەن بىللە ئۆتكەن ئادەم قېرىمىغۇدەك.

غولاممىدىن گۆھەرنىڭ ئۆيىدە بىرسائەتتىن

كۆپرەك مېھمان بولدى. پەقەت گۆھەر بالىسىغا سۈت ئەكىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كىرىشنى ئېيتقاندىلا بىرسى دۈمبىسىدىن مەجبۇرىي ئىتتىرگەندەك تەستە خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. گۆھەر غولامىدىننىڭ قاتماللىقىدىن رەنجىش ئورنىغا خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇ بىر كۈننى بىر يىلدەك ئۆتكۈزۈۋاتقان زېرىكىشلىك ھاياتنى ئۆتكۈزۈشكە ھەمراھ بولغاندىن سىرت، ئۆزى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك كىشىسىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

## 4

گۆھەر يالقۇننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىككى-ئۈچ كۈندىن بۇيان خىيالاتىتكىلىشىپ قالدى. ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئۆيلىرىنى تۈزەشتۈرىدىغان، ئاندىن پەدىزىنى بۇرۇنقىدەك قاتۇرۇپ قىلىپ ئىشىغا بارىدىغان بولدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن غولامىدىن سەتەڭ بىر قىزنى باشلىغىنىچە گۆھەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى.

— گۆھەر، بۇياققا چىقىڭ، مېھمان كەلدى.

ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان گۆھەر مېھمانلار بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

— بۇ، ئۆمىكىمىزنىڭ داڭلىق ناخشىچىسى رەشىدە، يالقۇن بىلەن قوش ئاۋازلىق ناخشا ئېيتىدۇ، — دەپ يېنىدىكى قىزنى تونۇشتۇردى غولامىدىن، — ئۇنىڭ يالقۇن بىلەن ئېيتقان «قارا كۆز» ناملىق ناخشىسىنى ئاڭلىسىڭىز قۇلاقلىرىڭىزغا ئىشەنمەي قالىسىز...

گۆھەرنىڭ يۈرىكى قارتىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ، بىر نېمىنى ھالە قىلىپ ئاشخانا ئۆيگە ئاران ئۈلگۈردى-دە، تامغا يۆلەنگىنىچە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. گۆھەر يالقۇننىڭ ناخشىلىرى ئىچىدە «قارا كۆز» نى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى ئۇ يالقۇن بىلەن تونۇشقان ئاشۇ ئولتۇرۇشتا يالقۇننىڭ ئاشۇ ناخشىسىغا ئاشىق بولغان-دە!

كىچىككىنە قارا كۆز،
نېمە ئۇنچە قارا يەسەن؟
راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ،
سەنمۇ ماڭا يارايسەن...

«ئەمدى ئۇ بۇ قاراكۆزنىمۇ يارىتىپ قاپتۇ-دە». گۆھەر قىزنىڭ تەققى-تۇرقىنى كۆز ئالدىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ كۆردى. بۇدرە چاچ، قاڭشارلىق، قاشلىرىنى ئىنچىكە قىلىپ تىرىپ، لېۋىنى قىپقىزىل بوياۋالغان، يېڭى مودىدا كېيىنگەن قىز چىراي جەھەتتە گۆھەردىن قېلىشمايتتى. «مېنىڭ ئېيتقىنىمنى پوق قىلىپ قويۇپ، ئۆز سەنىڭگە دەسسەپتۇ-دە، قېنى، ئەمدى مېنىڭ ئويىنىغىنىمنى كۆرسۇن...»

گۆھەر يۈزىنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن، بىلىندۈرمەي مېھمانلارنىڭ يېنىغا چىقتى.

— كۆڭلۈڭلار نېمە تاماقنى خالايدىكىن؟ دېدى ئۇ قىزغا سەپسالغاچ.

— مېنىڭ يەنە ئازراق ئىشىم بار ئىدى، — دېدى رەشىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىزگە يالقۇننىڭ خالتىسىنى ئالغاچ كەلگەنىدىم، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سومكىسىدىن بىر بولاق نەرسىنى چىقىرىپ شىرە ئۈستىگە قويدى.

— مەنمۇ قايتاي، — دېدى غولامىدىنمۇ گۆھەردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئورنىدىن تۇرۇپ.

— سىز بولسىڭىزمۇ كەچلىك تاماقنى يەپ كېتىڭ، — گۆھەر غولامىدىننى تۇتۇپ قالغاندىن كېيىن، رەشىدەنى ئۇزىتىپ قويدى.

گۆھەر بولاقنى غولامىدىننىڭ ئالدىدىلا يېشىپ كۆردى. بولاقتىن بىر جۈپ ھالقا-

ئۈزۈك، بىر تو يوپكا ـ كوپتا چىقتى. بۇ دەل ھازىر چىقىپ كەتكەن رەشىدەنىڭ ئۇچىسىدىكى نەرسىلەر بىلەن ئوپ ـ ئوخشاش ئىدى. «ھوي ۋاپاسىز، بىر چىنىڭغا ئىككى ئادەمنى كولدۇرلاتقىنىڭ ئاز كېلىپ، كېيەلىرىمىزنىمۇ ئوخشاش قىپسەندە، كۆتەر بۇ لاتىلىرىڭنى، كېيىشكە چۈشۈپ قالغان ئادەم يوق!» گۆھەر شىرە ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى پۇرلاپلا ئالدى ـ دە، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا قارىتىپ ئېتىۋەتتى.

— گۆھەر، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ ـ دېدى غولامىدىن گۆھەرنىڭ قىلغىنىنى ياقتۇرغاندەك ئۆسكىلەك قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ.

— ئۆزىڭىز گۆرگەنسىز؟!...

گۆھەر بىردەمدىلا ئىككى تەخسە گاكپەن تەييارلىدى. ئۇلار ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك خۇشال ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى. بولۇپمۇ گۆھەرنىڭ ئىندەككە كېلىۋاتقانلىقىدىن غولامىدىن تېخىمۇ خۇشال بولدى.

— بىر ئاز سىرتنى ئايلىنىپ، مېڭىڭىزنى سەگىتىپ كىرمەمسىز؟ ـ دېدى غولامىدىن تاماقتىن كېيىن.

گۆھەر ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا كېيىنىشكە باشلىدى، پەدازنى بولۇشىغا قىلدى. ئۇ شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتىكى، غولامىدىن ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قالدى. ئۇنىڭ كۆزى گۆھەرنىڭ ھەممە يېرىگە شەھۋانىلارچە تىكىلەتتى. ئۇلار ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا تۇساتتىن ياتاق ئۆيىدىن بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. گۆھەر توپتەك توختاپ قالدى. ئۇ شۇتاپتا بالىسىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى بىر كۈن ئىلگىرىلا جېنىدىن ئېزىز كۆرۈپ كېلىۋاتقان بالىسىنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئۇنتۇپ كەت-كۈدەك ھالغا كېلىپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدى.

— كەچۈرۈڭ، سىرتقا چىقالمىغۇدەكمەن، ـ دېدى گۆھەر ۋە روھسىز ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ماڭغىنىچە بالىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى...

ئەتىسى ئەتىگەندىلا غولامىدىن بىر قىزنى باشلاپ كەلدى.

— سىزگە تازا ئوبدان ياردەمچىدىن بىرنى تېپىپ كەلدىم، ـ دېدى غولامىدىن قىزنى گۆھەرگە تونۇشتۇرۇپ، ـ ئىسمى سەمەندەر.

— قىزنىڭ كېيىنىشىدىلا يېزىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ خېلىلا قائىدىلىك كۆرۈنەتتى.

— ياخشىمۇ سىز، ھەدە!؟

نېمە ئىشلىگىنى تېخىچە بىلەلمىگەن گۆھەر غولامىدىنغا قارىدى.

— بىز تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى ئىدى، ئۆتكەن يىلى دادىسى ئۆلۈپ كەتكەچكە، مەكتەپتىن چېكىنىپ چىققان، سىزگە ئوبدانلا ياردەمچى بولالايدۇ.

گۆھەر شۇندىلا ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى ۋە قىزغا قاراپ:

— خۇش كەپسىز، سىڭلىم، ـ دېدى.

— رەھمەت! ـ دېدى قىز سەل تارتىنىپراق.

— ئىش ھەققىنى قانچىگە توختاتساق بولار؟ ـ دېدى گۆھەر غولامىدىنغا بۇرۇلۇپ.

— نېمە دېدىڭىز؟ ئەگەر مۇشۇ گېپىڭىز راست بولسا، بۇ قىزنى ھازىرلا كەلگەن جايىغا يولغا سالىمەن، مەن ئۇنى سىزدىن پۇل ئېلىشقا ئەمەس، بەلكى سىزگە...، ـ دېدى غولامىدىن ئاچچىقلانغان قىياپەتتە، ـ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى زادىلا ئايىمايدىكەنسىز.

— كەچۈرۈڭ، بۇ گەپنى مۇندا قىلادىمىسەم بوپتىكەن، سىزنى رەنجىتىپ قويۇپتىمەن.

— كېرەك يوق، بىر نەچچە كۈن ئىشلىتىپ كۆرۈڭ، دىتىڭىزغا ئەرزىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، مەن كەچلىك تاماقتىن كېيىن كېلەي،— غولامىدىن شۇنداق دېدى ۋە گۆھەرگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

— ئۆيىڭىز قەيەردە؟— دەپ سورىدى گۆھەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي كارىۋاتنىڭ بىر بۇرجىكىدە تىرناق تاتىلاپ ئولتۇرغان سەمەندەردىن.

— ئايبۇلاق يېزىسىدا.

— ئاڭلاپ باقما پتىكەنمەن، سىلەر غولامىدىنكام بىلەن قانداق تۇغقان كېلىسىلەر؟— كوچىلاپ سوراشقا باشلىدى گۆھەر.

— دادام تەرەپتىن تۇغقان بولسا كېرەك،— دېدى سەمەندەر خۇددى ئەيىبكار بالىدەك دۇدۇقلاپ،— دادام هايات بولغان بولسا مەنمۇ ئوقۇشۇمنى تاماملىغان بولاتتىم، ئەمدى ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئانامغا ياردەملەشمىسەم بولمايدۇ.

ئۇلار تاماقنى قولمۇ قول ئېتىپ بىردەمدىلا پىشۇردى، ئاخىرچە غولامىدىنمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا گېزىتكە ئورالغان بىر كىلودىن كۆپرەك گۆش تۇراتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز،— دېدى گۆھەر ئۇنىڭ قولىدىكى گۆشنى ئېلىۋېتىپ،— ئۆيىڭىزدىن يامانلاپ چىقمىغانسىز؟

— تاپتىڭىز!— دېدى غولامىدىن گۆھەرنىڭ كۆزىگە قادىلىپ قاراپ،— شۇڭا بىراقلا مۇشۇ ئۆيگە كەلدىم.

تاماقتىن كېيىن بالىنى سەمەندەرگە قالدۇرۇپ، گۆھەر غولامىدىن بىلەن سىرتقا چىقتى. غولامىدىن ئۇنى خېلىغىچە كوچا ئايلاندۇردى. ئۇلار سوغۇق ئىچىملىكدۇكىنىدا ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغاندىن كېيىن قايتىشتى. شۇندىن باشلاپ گۆھەر ئۆزى سەزمىگەن هالدا غەيرىي تۇرمۇش يولىغا كىرىپ قالدى.

## 5

گۆھەرنىڭ تۇرمۇشى ناهايىتى خۇشال ئۆتۈۋاتاتتى. غولامىدىن گەرچە دادىسى دېمەتلىك كىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى بىلەن گۆھەرنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. شۇڭا ئۇ گۆھەرنىڭ كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى ئېزىز مېھمىنىغا ئايلىنىپ قالدى.

غولامىدىن هەر كۈنكى ئادىتى بويىچە بۈگۈنمۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى-دە، تاماق جوزىسىغا تىزىلغان نازۇ-نېمەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن هەيران قالدى. داستىخاندا هەر خىل سەيلەر، مېۋە-چىۋىلەر ۋە بىر نەچچە شېشە هاراق تىزىقلىق تۇراتتى. غولامىدىن سىرلىق هېچىيىپ، لەۋلىرىنى تامشىپ قويدى.

— قاچانلاردا كېلىۋالدىڭىز؟— دېدى ئۆيىدىن داس كۆتۈرۈپ چىققان گۆھەر داستىخان ئالدىدا ئۆرە تۇرغان غولامىدىنغا قاراپ.

— بۈگۈن مېھمىنىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟ مەن...

— هەر قانچە مېھمىنىم بولغان تەقدىردىمۇ سىزدىن ئارتۇق بولمايدۇ-دە!

— مۇنداق دەڭ،— خۇشاللىقتىن غولامىدىننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى،— مېنى بۈگۈن راسا بىر خۇش قىلىۋېتەي دەپسىز-دە.

— خۇشلۇقنى كېيىن كۆرىسىز، قېنى ئالدى بىلەن غىزالىنايلى،— گۆھەر شۇنداق دېگىنىچە ساقاغا كېلىپ ئولتۇردى.

— هېلىلا تاماق يەۋالغان ئىدىكەنمەن،

بۇلارنى قەيەردىن كۆرمۇيەرمەن، — دېگىنىچە غۇلامىدىن گۆھەرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بۈگۈن داستىخاندىكى نەرسىلەرنى تۈگەتمەي تۇرۇپ ئۆيۈمدىن چىقىپ كېتەمەن دەپ خام خىيال قىلماڭ.

ئۇلار خۇشال ئولتۇرۇپ غىزالىنىشقا باشلىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— قېنى بۇ قەدەھنى كۆتۈرۈۋېتىڭ، — دېدى گۆھەر بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان ھاراقنى غۇلامىدىنغا تەڭلەپ.

— خۇشاللىق كۈنلىرىمىزنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشى ئۈچۈن! — غۇلامىدىن شۇنداق دەپلا قەدەھنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.

— قېنى، ئەمدى نۆۋەت سىزگە.

— ياق، مەن قىزلاردىن ئىچەي، — دېدى گۆھەر غۇلامىدىننىڭ قولىدىكى ھاراقنى ياندۇرۇپ.

— نېمە، مېنى يالقۇنغا ئوخشىتىۋاتامسىز؟ — غۇلامىدىن شۇنداق دېگىنىچە قىزىرىشقا باشلىغان كۆزلىرىنى گۆھەرگە تىكتى.

— ئۇنىڭ ئىسمىنى ھازىر ئېغىزغا ئالماڭ، — گۆھەر شۇ گەپ بىلەن تەڭ قەدەھنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى — دە، قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى.

— ھەببەللى، ئوغۇلبالىدەك ئىش قىلدىڭىز!

قەدەھ ئالمىشىپ كۆتۈرۈلۈپ تۇردى، ئۇلار خېلىلا تەڭشىلىپ قالدى. غۇلامىدىن چاپىنىنى سېلىپ تاشلاپ، كۆڭلەك بىلەنلا قالدى. گۆھەرمۇ كەيپىدىكى ئۈچىسىغا چاپلىشىپ تۇرغان ھاۋارەڭ چېكەن كۆينىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتتى. ئۇنىڭ ھاراق تەپتى بىلەن قىزارغان يۈزى، خۇمارلىشىپ كەتكەن يوغان كۆزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى. ئالدىغا تورتۇلغان ئىچ كۆينىكىدىن كۆكسى سەل - پەل كۆرۈنۈپ تۇراتتى. غۇلامىدىن ئۇنىڭغا يەۋەتكۈدەك بىر ھالەتتە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— گۆ... گۆھەر، بۇنى كۆتۈرۈۋېتىڭا، — غۇلامىدىن دەلدەڭشىپ مېڭىپ، گۆھەرنىڭ يېنىغا كەلدى — دە، قولىدىكى ھاراقنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا تەڭلىدى.

— ئۆزىڭىز ئىچىڭ، — گۆھەر ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— بۇ... بوپتۇ، ئەمسە يېرىمىنى بولسىمۇ ئىچىڭ، قالغىنىنى مە... مەن... — غۇلامىدىن شۇنداق دېگىنىچە، گۆھەرگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇۋالدى ۋە قولىدىكى قەدەھنى گۆھەرنىڭ ئېغىزىغا يېقىنلاشتۇردى. ئۇ بىر قولىدا قەدەھنى گۆھەرنىڭ ئېغىزىغا ئاپارغاچ، يەنە بىر قولىنى گۆھەرنىڭ بويىنىغا ئۇزاتتى. گۆھەر بويىنىدىن ئېشىپ، سول كۆكسى ئۈستىدە توختىماي مىدىرلاۋاتقان سوغۇق قولدىن بىردىنلا شۈركىنىپ كەتتى — دە، غۇلامىدىننى ئىتتىرىۋەتتى.

— قايتىپ كېتىڭ! — گۆھەر بىردىنلا بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

— بولىدۇ، — دېدى غۇلامىدىن دۇدۇقلاپ، — مەنمۇ كېتىمەن، لېكىن كېتىشتىن ئىلگىرى شۇنى ئېيتىپ قوياي، — يالقۇنىڭىزغا ئۇنچىۋالا ئىشىنىپ كەتمەڭ، ئۇ تازا بىر ۋاپاسىز نەرسىكەن، سىزدەك چىرايلىق ئايالى تۇرۇپ، يەنە باشقىلار بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلىپ يۈرۈيدۇ. سىز ئۇنىڭغا شۇنچە سادىقكەنسىز، بىراق ئۇچۇ؟ ئۆز كۆزىڭىز بىلەنمۇ كۆردىڭىز، ئەشۇنداق گۈزەل قىزلار بار يەردە ئۇ سىزنى ئەسلەپ قويارمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرمۇ — شەھەر قاتراپ

يۇرسە، بىرەر قىزغا كۆزى چۈشمەي قالارمۇ؟ ھېلىغۇ يالقۇنكەن، مەن جېنىمدىمۇ... بۇنداق دېسەم مېنى تازا ئىپلاس ئادەمكەن دەپ ئويلاپ قالماڭ. باشقا شەھەرلەرنىڭ ئەھۋالىنىغۇ چۈشەنمەيسىز، ھېچبولمىغاندا ئۆز شەھىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى بولسىمۇ چۈشىنىپ قويۇشىڭىز كېرەكتە. مەن سىزنى بىر نەچچە كۈندىن بۇيان بىكار كوچا ئايلاندۇرمىدىم، ئەشۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ قويسۇن دېدىم. ھازىر شەھەرنىڭ كېچىسى بىلەن كۈندۈزى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار، ئىككىسى ئىككى دۇنيا، سىزمۇ كۆرۈپ تۇرىدىغانسىز، ھەر ماگىدامدا بىردىن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مېھمان كۈتۈشلەر كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؟ سىزنىڭ ئۆيىڭىز تۇرۇپ ئۇ يەرگە بېرىپ ياتمايسىز-دە، ئۇنداقتا كىملەر ياتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ياش قىزلار، ئاياللار، سىز تاسادىپى ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا بېرىپ قالسىڭىز، مۇشۇ ھالىتىڭىزدە تېرىك تۇرۇپلا ئۆلەر ئوخشايسىز.

غولامىدىن شۇنداق سۆزلەپ كەتتىكى ئۇنى كۆرگەن ئادەم گەپ سارىڭى بولۇپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئۇ ئەمدىلا سۆزىنى توختىتىشىغا گۆھەر تېخى يېرىملاشمىغان ھاراقنى قولىغا ئالدى-دە، شېشىسى بىلەن بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە قانداقتۇر بىر ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. رەشىدەنىڭ گۈزەل چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا ئۇ ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا سافاغا تاشلىنىپ تۇرغان غولامىدىننىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

غولامىدىن، مېنى... كە... كەچۈرۈڭ...

تۇساتتىن ئىشىكنىڭ تاراقشىپ ئېچىلىشى ئۇلارنى چۆچۈتىۋەتتى. سەمەندەر ئۆيە

قۇلۇق كۆزىنى چىمچىتلاتقىنىچە ئىچ كىيىمى بىلەنلا ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى.



— سەن... سەن...، — گۆھەر غۇدۇرغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— مەن ھاجەتكە كىرمەكچى بولۇپ...

سەمەندەر قانداق تېز كىرگەن بولسا، ئىشىكنى يېپىپ شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى.

— بىز... بىزمۇ ئۇخلايلى، — غولامىدىن شۇنداق دېگىنىچە گۆھەرنى كۆتۈرۈۋالدى-دە، سەندىرەكلىگەن ھالدا چىرايلىق بېزەلگەن قوش كىشىلىك كارىۋاتقا قاراپ ماڭدى...

6

گۆھەر ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، ئىشىك تۈۋىدىلا تۇرۇپ قالدى. يالقۇن ئوغلىنى ئەركىلەتكىنىچە ئىشىككە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. گۆھەرنىڭ يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كەتتى. «ئاھ، مەن ئاخشام نېمىلەرنى قىلىپ قويدۇم ھە؟!» گۆھەرنىڭ تېنى شۈركىنىپ، پۇت-قولى بوشىشىپ لەسسىدە بولۇپ قالدى. «ئەگەر بىر كۈن بۇرۇن كېلىپ قالغان بولسا ... ۋاي خۇدايىمەي، بۇ نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق! ياق، ياق نېمانچىلا بوشاپ كېتىمەن، ئۇ يۈزسىزلىك قىلسا بولىدىكەنۇ، مەن قىلسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟...».

گۆھەر ئاستا مېڭىپ ئۆيگە كىردى-دە،

تېخىچىلا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، ئوغلىنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرغان يالقۇننىڭ كۆزىنى ئېتىۋالدى.

— گۆھەر!— يالقۇن شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. گۆھەر ئۇنىڭ كۆزىنى بىردىنلا قويۇپ بەردى — دە، كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. كۆزلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلار خۇددى يېڭى تونۇشقانلاردەك، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئاھ، كۆزلەرمۇ غەلىتە بولىدىكەن ھە، بىرسىدىن سېغىنىش، خۇشاللىق، مۇھەببەت چاقناپ تۇرىدۇ، بۇ يالقۇننىڭ كۆزى. يەنە بىرسىدىن تىنگىرقاش، رەشك، گۇمان ئارىلاش سوغۇق نۇر يېغىپ تۇرىدۇ، بۇ — گۆھەرنىڭ كۆزى. ھەي، بۇ كۆزلەردىكى ئوخشىمىغان ئىپادىلەرگە نېمە دېگۈلۈك!...

يالقۇن قولىدىكى بالىسىنىمۇ قويۇشقا ئۇلگۈرمەي، گۆھەرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— گۆھەر، مەن قايتىپ كەلدىم،— ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، گۆھەرنى ئۆزىگە تارتتى — دە، ئوتلۇق لەۋلىرىگە چاڭقاپ كەتكەن لەۋلىرىنى ياقتى،— قەدىرلىكىم، سىزنى شۇنداق سېغىندىمكى...،— ئۇ، گۆھەرنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى، كۆزلىرى گۆھەرگە تويماي قارايتتى. گۆھەر ئاستا - ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ «ئۇنى ئۆيىگە كىرگۈزمەيمەن، كەلسىلا ياقىسىغا ئېسىلىپ، چاۋىسىنى چىتقا يايىمەن ...» دەپ ئويلىغان خىياللىرى نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى.

— سۆزلىگە گۆھەر، مېنى سېغىندىڭىزمۇ، ئاغرىپ قالمىغانسىز؟— دېدى يالقۇن گۆھەردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— ياخشى تۇردۇم،— دېدى گۆھەر يالقۇنغا يېقىنلىشىپ، سېغىنمىغان بولسام سىزنى ئۆيگە كىرگۈزەتتىممۇ،— ئۇ شۇنداق دېگىنىچە يالقۇننىڭ بوينىغا گىرە سالدى — دە، ئۇنى سۆيۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا سىرتتىن سەي سومكىسىنى كۆتەرگىنىچە كىرىپ كەلگەن سەمەندەر ئۇلار ئۆزىنى ئوڭشىۋالغىچە تېز - تېز مېڭىپلا ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— گۆھەر، بۇ قىزنى يېنىڭىزغا ئەكېلىۋېلىپ ياخشى قىپسىز،— دېدى يالقۇن ئاشخانىنى كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ،— خېلى ياخشى قىزدەك كۆرۈنىدۇ.

— سىز تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ھەمراھ تاپماي بولمىدى — دە،— گۆھەر بۇ سۆزنىڭ ئېغىزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز؟ سىزنى كۆرگىچە تاقىتىم تاق بولۇپ ئۆلەيلا دېدىم. «تاشلىۋەتتى» دېگەننىمۇ گەپمۇ، مەن خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغان سۆزلەرنى قىلىۋاتىسىز.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم،— دېدى گۆھەر يالقۇنغا ئەركىلەپ، قانداق قىلىدىكىن دېسەم، بۆرە تېرىڭىزنى كىيىۋاتىسىزغۇ؟

— ئادەمگە ئۇۋال بولىدۇ — دە! — دېدى يالقۇن گۆھەرگە تويماي قاراپ،— مېنى ئۇنداق قىيىنىسىڭىز چىدىيالمايمەن.

— مەن ئازراق تاماق ئېتەي،— دېدى گۆھەر پەشتامىنىنى قولىغا ئېلىپ،— كەچلىك تاماقمۇ يېمىگەنسىز ھە قىچان.

— بولدى قىلىڭ،— دېدى يالقۇن ئۇنىڭ قولىدىن پەشتامىنىنى ئېلىپ تاشلاپ،— يېنىمدىن بىر قەدەم ئايرىلىپ بېقىڭچۇ قېنى...

ئەتىسى گۆھەرنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئورنىدىن تۇرالمىدى. يالقۇن ئەنسىرەپ ئورنىدا تۇرالماي قالدى، بىردەم دورا

ئىچۇرسە، بىردەم لۆڭگىنىھۆللەپ كېلىپ پېـشا نىسىغا قويا تتى. لېكىن بۇنەرسىلەرگۆھەرـگە تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— دوختۇرغا كۆرسىـتىپ باقـساق قانـداق؟ - دېدى يالقۇن گۆھەرگە قـاراپ، - بۇنداق ياتسىڭىز مەن ئەنـسىرەپ كېتىدىـكەنمەن.

— ئاۋارە بولماڭ، بىردەمـدىلا ساقىـيىپ كېتىمەن،ـدېدى گۆھەر كۆزىنى ئارانلا ئېچىپ.

— ئۇنداقتا دوختۇرنى ئـۆيگىـلا باشلاپ كېلەيمۇ - يا؟ - دېـدى يالقۇن گۆھەرنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن.

— دوختۇرغا زادىلا كـۆرۈنـگۈم يوق،ـ دېدى گۆھەر يالقۇننىڭ قولىنى ئىتتىرىپ،ـ قاراپ تۇرۇڭ، چۈشكىچـىـلا ساقـىيىپ كېـتىمەن.

چۈشتىن كېيىن گۆھـەرنىڭ قىزىتمىسى تېخىمۇ ئۆرلـەپ كەتـتى، ئۇنـىڭغا ئەمدى دوختۇرغا كۆرۈنمـەكتىن باشـقا چارە يوق ئىدى.

— ماقۇل دەڭ، گۆھەر، دوختـۇرنى ئۆيـگىلا باشلاپكېلەي، - يالقۇنشۇنداق دېگىـنىچە ئالدىراپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. «بۇ نەس كېسەل قاچان ساقلاپ تۇرغانىكەنە، - دېدى گۆھەر ئېغىر تىنىپ، - ئەگەردوختۇر ئومۇميۈزلۈك تەكشـۈرۈپ قـالـسا... خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن...»

يالقۇن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاق خالات كىيـىۋالغان بىر كىشىنى باشلاپ كىردى.

— قىزىتمىسىقاچان باشلاندى؟ - دېدى دوختۇرگۆھەرنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپكۆرۈپ.

— تاڭ سەھەردىن باشلاپ...

— ئۇنداقتا ئەنسىرىگـۈدەك ئىش يوق، بىر ئاز دورا يېزىپ بېرەي، ئۆزۈڭلار دورىنى ئىچىپ بەرسىلا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

دوختۇردىن بۇنچە تېز قۇتۇلۇپ كېتىشـنى خىيال قىلمىغان گۆھەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا ياشقىچە يېنىكلەپ قالدى. ئۇ، بىرىنچى «ئۆتكەل» دىن خەتەرسىز ئۆتـتۈپ كەتتى.

## 7

گۆھەر ساقايغاندىن كېيىن يـالقۇن ئۇنـىڭغا تېخىمۇ مېھرىلىك كۆرۈنۈشكە باشلىـدى. ئۆتكەن ئىشلار بىر قاباھەتلىك چۈشـتەك سېزىلەتتى، ئۇ راستىنلا بۇ ئىشلارنىڭ چۈشى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. يالـقۇننىڭ قىزغىن مۇھەببىتى ئـۇنى بويسۇنـدۇردى. گۆھەر ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇشقا باشلىدى. ئۇ، ئىشتىن قـايتىپ كەلـگىچە يالقۇن ئۇنى ئىشىك تۈۋىدە ئوغـلى بىلەن قارشى ئالاتتى. گۆھەرنىڭ ھېرىش-چارچاشـلىرىمۇ بىردەمدىلا غايىپ بولاتـتى. ئانا - بالا ئۈچى خۇشال ئولتـۇرۇپ تامـاق يېيىـشەتتى. تاماقتىن كېيىن بولسا، تېلېۋىزور كۆرەتتى. بەزىدە كىنوغا بـاراتتـى. بىرەر دوستلىرى كېلىپقالغۇدەك بولسا، تۈن نىسـپىغىچە گېتار چېلىپ، ناخشـىنىڭ پەيـزىنى سۈرىشەتتى.

بىر كۈنى گۆھەر ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنى قارشى ئالغۇچىلارنىڭ يوقلـۇقىدىن ھەيران قالدى. ئۇ، ئۆيگە كىرىپلا سـافاغا ئۆزىنى تاشلىدى- دە، خىيال سۈرۈشكە باشـلىدى. «خۇدا، ھەرقانداق بەندەڭنىڭكۆڭـلىگە ئىنساپ بەرگىن، ئاشۇنداق كۆيۈمچان يولدىشىم بـار يـەردە يىـركىنىشلىك بىر قىلىقى بىلەن... خۇدا، مېنى كەچۈر!... »

گۆھەر يالقۇننىڭ سېزىپ قالمىغىنىدىن، سەـمەندەرنىڭمۇ لام - جىم دېمەي،خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا باشتىن - ئاخىرىبىرخىل ھالەتتە يۈرۈۋاتقانلىقىدىن ناھايىتىخۇشال بولدى. ئۇ،سەل ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ

ئورنىدىن تۇردى - دە، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇشقا كىرىشتى.

— ھە، ئاللىبۇرۇن كەپ بوپتىكەنسىز - دە، - دېدى ئىشىكتىن ئوغلى ئەزىمەتنى كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان يالقۇن.

— دادىڭىز سىزنى نەلەرگە ئاپاردى قوزام؟ - گۆھەر ئوغلىنى قولىغا ئالدى - دە، توختىماي سۆيۈپ كەتتى. گۆھەرنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرغان يالقۇن بىر نېمىنى ئويلىغاندەك قىلدى - دە، گۆھەرنىڭ بېلىكىدىن تارتتى.

— گۆھەر، خۇشخەۋەر!

— نېمە خۇشخەۋەركەن ئۇ؟ - دېدى گۆھەر بالىسىنى سۆيۈشتىن توختاپ.

— ئوغلىمىز بايا ماڭا بىر گەپ قىلدى.

— ساراڭ! - دەۋەتتى گۆھەر ئۇنىڭغا ئەركىلەپ.

— كېلىڭە ئەمىسە، قۇلىقىڭىزغا دەي، - يالقۇن ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئېغىزىنى يېقىنلاشتۇرۇپ ئاستا پىچىرلىدى، - ئوغلىمىز بايا ئاپام سىزنىمۇ سۆيۈپ قويسۇن، دېدى.

— توختاپ تۇرۇڭ جۇمۇ، - گۆھەر بالىسىنى يەرگە قويدى - دە، يالقۇننى قوغلىدى. يالقۇن شۇ سۆزنى دەپلا ياتاق ئۆيگە كىرىۋالغانىدى. گۆھەر ئىتتىك ئۆيگە كىردى - دە، ھەيران قالدى. ئۆيدە يالقۇن كۆرۈنمەيتتى.

— قەيەرگە مۆكۈۋالدىڭىز؟ قاراپ تۇرۇڭ، چوقۇم تاپىمەن! - گۆھەر ئەمدىلا بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىشىغا، ئىشىك ئارقىسىغا مۆكۈۋالغان يالقۇن ئۇنىڭ كۆزىنى مەھكەم ئېتىۋالدى.

— ئەمدى قانداق قىلىسىزكىن، ئويىمۇ، قوي؟

— قوي! قويۇۋېتىڭە يالقۇن، كۆزۈم ئاغرىپ كەتتى.

— ئەمىسە گېپىمگە ئۇنايسىز، ھە؟

— بولىدۇ.

— قولۇمنى قويۇۋەتكەن ھامان ئارقىڭىزغا ئۆرۈلمىسىز، - يالقۇن گۆھەرنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىپلا بېلىدىن مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— سىزمۇ مېنىڭ بىر شەرتىمگە كۆنىسىز، - دېدى گۆھەر ئېچىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— جېنىم بىلەن...

— ئەمىسە بۈگۈن كېچە ھېچيەرگە چىقماي، ناخشا ئېيتىسىز، لېنتىغا ئالىمىز.

— خوپ! - يالقۇن شۇنداق دېدى - دە، گۆھەرنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن ئۇنى سۆيۈپ، كەتتى.

— جېنىم گۆھەر، سىزگە چىداشمايمەن، ئىمكان بولسا سىزدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىسام، كۆرمەمسىز، بۈگۈن بەش مىنۇت كېچىكىپتىڭىز، ئوغلۇم بىلەن ئىدارىڭىزنى بىر قېتىم يوقلاپ كەلدۇق.

— مەنمۇ شۇ، يالقۇن، لېكىن بۇلارغىمۇ كۆنمەي ئامالىمىز يوقتە، - دېدى گۆھەر يالقۇننى بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، - ئەمدى بولدى قىلايلى، خۇددى كىچىك بالىلاردەك مۆكۈشمەك ئويناپ كېتىپتىمىزغۇ، يۈرۈڭ، تاماقمۇ پىشىپ قالدى.

تاماقتىن كېيىن ئۇلار كۆڭۈل ئېچىشنى باشلىۋەتتى.

— ئالدى بىلەن قايسى ناخشىنى باشلىسام بولار گۆھەر؟!

— «قارا كۆز»نى، - دېدى گۆھەر قەلبى لەرزىگە كەلگەندەك خۇشال بولۇپ.

— بولىدۇ، ھە راست، ئىككىمىز تەڭ ئوقۇيلى بولمىسا.

— نېمە دەيدىغانسىز؟ مەن قانداقمۇ...

گۆھەرنىڭ ئېسىگە بىردىنلا غولامىدىن «يالقۇن بىلەن بىللە ناخشا ئوقۇيدۇ» دەپ

تونۇشتۇرغان رەشىدە كەلدى-دە، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. «مەن ئەشۇ رەشىدەچىلىك بولالماسمەنما؟»

— يالقۇن، مەن بۇ ناخشىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى گۆھەر چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — شۇڭا ناخشىنى بۇزۇپ قويۇشتىن قورقىمەن.

— بۇ يەردە ياكى يات كىشى بولمىسا، بۇزۇلسا قايتىدىن ئالساق بولىدىغۇ؟ — دېدى يالقۇن گۆھەرنى بىللە ئېيتىشقا زورلاپ.

— بولىدۇ ئەمىسە، سىناپ كۆرەي.

كىچىككىنە قارا كۆز،
نېمە ئۇنچە قارايسەن؟
راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ،
سەنمۇ ماڭا يارايسەن...

— ۋاھ، گۆھەر، قالتىس ئېيتتىڭىزغۇ، بەزى ناخشىچىلار سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يىسىپ ئىشىپ قالغۇدەك.

گۆھەر شۇ ئاخشىمى يالقۇن بىلەن تونۇشقان چاغلىرىنى ئەسلىگەچ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

8

يالقۇن بىلەن گۆھەر ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتى. ئۇلارنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ ھەۋىسى كېلەتتى. خۇشاللىقنىڭ قايغۇسى بار دېگەندەك، ئەمدىلا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان گۆھەرنىڭ تۇرمۇشىدا يەنە داۋالغۇش يۈز بەردى. غولامىدىننىڭ سايىدەك ئەگىشىپ يۈرۈشلىرى ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزاتتى. ئۇ، بىر مەزگىل سۇغا چۆككەن تاشتەكلا ئۈنسىز غايىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە يالقۇننى ئىزلىگەن بولۇپ پات - پات كېلىدىغان بولۇۋالدى. يالقۇنمۇ ئۇنى بەكلا ھۆرمەتلەيتتى.

— غولامىدىنكام ياخشى ئادەم، مەن ئۇنى ئۆز دادامدەكلا ھۆرمەتلەيمەن، — دەيتتى يالقۇن ئۇ كېلىپ كەتكەندىن كېيىن گۆھەرگە چۈشەندۈرۈپ.

بىر يەكشەنبە كۈنى يالقۇن سەھەردىلا ئۇن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇن ماگىزىنىغا كەتتى. سەمەندەر بولسا ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا كەتتى. گۆھەر ئۆيدە ئوغلى ئەزىمەتنى باقاچ يالغۇز قالدى. ئۇ، كەتكەنلەر قايتىپ كەلگىچە ئازراق كىر يۇيۇۋالماقچى بولدى-دە، ئۆيدىكى ئۇششاق - چۈششەك كىرلەرنى يىغىشقا كىرىشتى. ئۇ ئەمدىلا كىرگە قول تەگكۈزۈشىگە ئىشىكنى يەڭگىل چەككىنىچە غولامىدىن كىرىپ كەلدى.

— ياخشىمۇ سىز، گۆھەر، بۈگۈن ئىش باشقىچىغۇ؟

— كېلىڭ، — دېدى گۆھەر سوغۇقلا.

— جېنىڭىزنى ئاسرىسۇن دەپ خىزمەتكار ئەكېلىپ بەرسەم، نېمانچىلا ئۆزىڭىزنى قىيىنايدىغانسىز، — دېدى غولامىدىن ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتكەچ، — يالقۇن كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ، ئەتىگەندىلا سىرتقا چىقىپ كەتكەن، ئۇنى ئىزلىسىڭىز...

— ئۇنى ئۆيدە يوق دەڭ، بىر ھېساپتا بۇمۇ ياخشى بوپتۇ.

گۆھەر لام - جىم دېمەستىن كىرلىرىنى يۇيۇۋەردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا غولامىدىننى قوغلاپ چىقىرىۋەتكۈسى كېلەتتى. بىراق ئۇنىڭدا نېمە ئىلاج؟

— گۆھەر، قەدىرلىكىم، چىرايىڭىز باشقىچىلىغۇ، ئاغرىپ قالمىغانسىز؟ — دېدى غولامىدىن گۆھەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىدىن كۆز ئۈزمەي.

گۆھەرنىڭ يۈرىكى قاتتىدە ئىلىپكەتتى.

ئۇ، بىرسى كېلىپ قالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، ئىشىككە بىر قاراپ قويدى - دە، ئۆزىگە بەز ماردىغان مۇشۇكتەك سىنچىلاپ قاراۋاتقان غولامىدىنغا قاراپ:

— رەنجىمەي، يالقۇن كەلگەندە كەلسەڭىز بوپتىكەن، - دېدى.

— نېمە، يالقۇنغا ھۇجۇم باشلا دېمەكچىمۇ سىز؟ بولىدۇ، ئەقىللىقىم!...

— سىز...

— ئۇنىڭسىز مۇشۇنداق قىلاي دەپ تۇراتتىم، بۇمۇ ياخشى مەسلىھەت بولدى.

— سىز نېمە دېگەن نومۇسسىز! - گۆھەر تاتارغىنىچە گەپ قىلالماي قالدى.

— مۇنداق دەڭ،- دېدى غولامىدىن مەسخىرىلىك ھىجىيىپ،- كىم سىزنى شامال چىقارسۇن دەپتىكەن، سىز ئاۋۋال شامال چىقاردىڭىز، مەن لىڭشىدىم، قانداق يەردە شامال چىقسا دەرەخنىڭ لىڭشىمىغىنىنى كۆرگەنسىز؟!

— تېز ئۆيدىن چىقىپ كېتىڭ، بولمىسا يالقۇنغا دەپ...، - گۆھەر ئاخىرىدىكى سۆزىنىڭ ئېغىزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— يېڭىلىقمۇ بۇ؟! سىزدەك ئايال قەھرىمانىنىڭ تۇنجى چىقىشى بۇ!

— غولامىدىن، سىز بۇ يەرگە زادى نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭىز، يالقۇن يوق دېگەندىكىن ئۆزىڭىزنى بىلىپ قايتىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟- دېدى گۆھەر سەل يېلىنغان قىياپەتتە.

— ئەقلىڭىزنى ئەمدى تېپىۋالغاندەك قىلىسىز، مېنىڭ مەقسىتىم سىزگە بەش قولدەك ئايان.

— نېمە دېمەكچى سىز؟!

— بۇ سىزگە ئايان ئەمەسمۇ؟ مەن بىلەن ...

گۆھەرنىڭ ياشلىرى ئۇنچىدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— نېمانچە نومۇسسىز ئادەم سىز! بىزنىڭ بىر ئۆيدان ئۆتتۈۋاتقان تۇرمۇشىمىزنى بۇزۇپ، نېمە پايدىغا ئېرىشەرسىز؟

— مەن نۇرغۇن نەرسىگە، يەنى سىزدەك گۈزەل بىر ئايالغا ئېرىشىمەن، چېنىم گۆھەر، گېپىمنى ئاڭلاڭ، بىز توي قىلايلى، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئۆزۈم تەنھا ياشاۋاتقىنىمغا بىر نەچچە يىل بولدى، ئەگەر ماقۇل بولسىڭىز ئەشۇ سارايدەك ئۆيلەردە قانغۇچە...

— مەن سىزدىن خوش بولاي، ئائىلەمنى ۋەيران قىلماڭ! - دېدى گۆھەر يامغۇردەك ياشلىرىنى تۆكۈپ.

— ئەمىسە...

— ئۆيدىن چىقىپ كېتىڭ، بولمىسا مەن چىقىپ كېتىمەن، - دېدى گۆھەر ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئالدىرىماڭ قەدىرلىكىم، سىز قوغلىمىسىڭىزمۇ مەن چىقىپ كېتىمەن، بوپتۇ بىر ئايلىق مۆھلەت بېرەي، غاچچىدە بىر تەرەپ بولۇڭ ياكى مەن بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولۇڭ، ياكى مېنىڭ يېپىقلىق تۇۋاقنىڭ ئېغىزىنى ئېچىشىمغا يول قويۇڭ. بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ. سەمەندەر مېنىڭ تۇغقىنىم. «گۆش بىلەن ياغ بىرتۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن»، بىكار ئاخىرىدا پۇشايمانغا قالارسىز مىكىن!- غولامىدىن شۇنداق دېگىنىچە گۆھەرگە قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى - دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

9

گۆھەر كۈندىن - كۈنگە جىمغۇرلىشىپ كەتتى. يالقۇننىڭ سەمىمىي سوئاللىرى جاۋابسىز قالاتتى. ئۇ، قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي قالغان يولۇچىدەك ئاچا يولدا

تۇرۇپ قالغانىدى.

— گۆھەر بىرەر ئىشنى مەندىن يوشۇرۇۋاتقاندەك قىلامسىز نېمە، يېقىندىن بۇيان جۇدەپلا كەتتىڭىز، — دېدى يالقۇن بىر كۈنى، — سىزنى بۇنداق ھالدا كۆرسەم، مەن چىدىيالمايدىكەنمەن.

— بىلمىدىم، ئۆزۈمچىغۇ ھېچ ئۆزگەرگەندەك قىلمايمەن، سىزدىن يوشۇرغىدەك نېمە ئىش بولسۇن.

گۆھەر ئىشىنىڭ ھەقىقىي سىرى ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئېرىنىڭ پاك مۇھەببىتى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئېغىر جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى تولىمۇ كېچىككەن ھالدا ھېس قىلدى، لېكىن بولغۇلۇق بولۇپ بولغانىدى.

غولامىدىن يەنىلا يالقۇننى باھانە قىلىپ كېلىپ تۇراتتى. خۇددى گۆھەردىن بىرەر جاۋابنى كۈتۈۋاتقاندەك سىرلىق قاراپ قوياتتى. يالقۇننىڭ باشقىچە چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن گۆھەر ئىلاجىسىز ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا مېھمان قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

بىر كۈنى غولامىدىن ئىككى بېلەتنى كۆتۈرۈپ كىردى — دە، يالقۇن بىلەن گۆھەرنى ئۆزى بىلەن بىللە كىنو كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

— يېڭىدىن ئېلىپ كېلىنگەن كىنو كەن، بۇ بېلەتلەرنى ناھايىتى تەستە تاپتىم، بىرلىكتە كۆرۈپ كېلەيلى، — دېدى ساختا تەكەللۇپ بىلەن.

— مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى، — دېدى يالقۇن خىجىل بولۇپ، — تازا سەت بولدى — دە.

— كۆڭلۈمنى قايتۇرساڭلار رەنجىيمەن، — دېدى غولامىدىن يالغاندىن دومسىيىپ، — ئىش قىلىپ بۈگۈن بىرسىڭلار بىللە بارمىساڭلار بۇ ئۆيگە ئىككىنچى قەدەم باسمايمەن…

— ئۇنداقتا گۆھەر سىز بىلەن بىللە بارسۇن، — دېدى يالقۇن گۆھەرگە قاراپ، — قېنى گۆھەر، تېزراق كىيىم ئالماشتۇرۇڭ …

— ھە … مەن…

— گۆھەر، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بولسىمۇ غولامىدىنكام بىلەن بىللە بېرىپ كېلىڭ، كىنو كۆرمىگىنىڭىزگىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ؟

گۆھەر بارماسلىققا سەۋەب تاپالمىدى، چۈنكى تۇرۇۋالسا يالقۇننىڭ باشقىچە چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غولامىدىنمۇ بۈگۈن باشقىچە سىپايە كۆرۈنەتتى.

— مەن دېگەن دادىڭىز دېمەتلىك ئادەم، — دېدى غولامىدىن مەنىلىك قىلىپ، — مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى يالقۇندىن سوراڭ.

گۆھەر ئىلاجىسىز كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى — دە، خۇددى بىرسى بويىندىن باغلاپ ئۆلۈمگە ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك روھسىز ھالدا ئۆيدىن چىقتى. ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى.

— سۆزلىگەچ مېڭىڭ گۆھىرىم، ئۇخلاپ قالمىغانسىز؟ …، — دېدى غولامىدىن گەپ باشلاپ.

«گۆھىرىم!» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ، گۆھەرنىڭ پۇت — قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ، غولامىدىنغا قاراپمۇ قويماستىن، خۇددى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك، يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

— ھېچ سايرىماي سىزغۇ تۇمۇچۇقۇم، — دېدى غولامىدىن گۆھەرگە يېقىنلىشىپ، — ئۆتكەنكى سۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

— بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئەمەس، كوچا، — دېدى گۆھەر غەزەپلىنىپ.

ئۇلار كىنوخانا ئىچىگە كىرىشىگىلا كىنو باشلىنىپ كەتتى. كىنو ھەقىقەتەن ياخشى ئىدى. گۆھەر باشتا تەشۋىشلىك خىياللار

بىلەن تازا دىققىتىنى يىغالمىدى. لېكىن
ئۇزۇن ئۆتمەيلا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىنو
كۆرۈشكە بېرىلىپ كەتتى. يوتىسىنىڭ ئۈس-
تىدە بىر نەرسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن مىدى-
راۋاتقانلىقىنى سەزگەن گۆھەر چۆچۈپ كەت-
تى. بۇ، غولامىدىنىنىڭ كېلەڭسىز قولى ئىدى.
گۆھەر ئۇنىڭ قولىنى غەزەپ بىلەن چۆشۈ-
رۈۋەتتى.

— نېمانچە قىلىپ كېتىسىز، - دېدى غو-
لامىدىن پەس ئاۋازدا، - بىر ئاز ئۇسسۇز-
لۇق ئىچىۋالامدۇق؟

— ھاجىتى يوق، - دېدى گۆھەر ئېكرانـ-
دىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— ئەمىسە، مەن دىككىدە چىقىپ كىرەي، -
غولامىدىن شۇنداق دەپلا كۆزدىن غايىپ بول-
دى. گۆھەر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئول-
تۇرۇپ قالدى. «قايتىپ كېتەيمۇ يا؟» ئۇ
شۇنداق ئويلىدى - يۇ، يەنە دەرھال يېنىـ-
ۋالدى. «بۇنداق قىلسام يالقۇن نېمە دەپ
چۈشىنىپ قالار...»

غولامىدىن بىر دەمدىلا ئالما، كەمپۈت،
مېۋە سۈيى قاتارلىق بىر قۇچاق نەرسىلەر-
نى كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇ ئورنىغا كېلىپ ئو-
دان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، قىپقىزىل
بىر تال ئالمىنى ئاقلىدى - دە، گۆھەرگە
ئۇزاتتى:

— گۆھىرىم، ئالما يەڭ.

گۆھەر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن، ئۈن-
تۈنسىز ئالغا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. غولا-
مىدىن ئالمىنى ئۆزى ئىككى چىشلەپلا تۈ-
گەتتى - دە، بىر شىشە ئىچىملىكنى يېرىم-
لاشتۇرغاندىن كېيىن گۆھەرگە ئۇزاتتى.

— سىز...! - گۆھەر ئۇنىڭغا قاتتىق بىر
ئالىيىپ قارىدى - دە، ئېكرانغا قارىۋالدى.

— نېمە، ياراتمايۋاتامسىز، - دېدى غو-
لامىدىن مەسخىرە ئارىلاش، - سىزدىن ئاش-
قانىنى ئىچكىنىمنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟!...

ياز ئايلىرى بولغاچقا، كىنوخانا ئىچى
ناھايىتى ئىسسىق ئىدى، شۇڭا باشقىلارمۇ
ئارىدىكى ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ ئولتۇ-
راتتى. گۆھەر ئىلاجسىز غولامىدىنىنىڭ قو-
لىدىن شىشىنى ئالدى - دە، ئېغىزىغا ئاپى-
رىپ قويۇپلا قايتۇرۇپ بەردى.

— ماۋۇ ئىشىڭىز جايىدا بولدى، - دېدى
غولامىدىن خىقىراپ كۈلۈپ، - ئەمدى قولۇم-
غا بەرگىنىڭىز زەھەر بولسىمۇ ئىچىپ ئۆ-
لۈشكە رازىمەن.

— قېنى، گۆھىرىم، كەمپۈت يەڭ، - غو-
لامىدىن بىر چاڭگال كەمپۈتنى گۆھەرگە ئۇ-
زاتتى.

گۆھەرنىڭ زادىلا چىدىغۇچىلىكى قالمى-
دى. ئۇ، ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، قان-
داق تېز قوپقان بولسا يەنە شۇنداق تېزلا
ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىنى
غولامىدىن كۈچلۈك قوللىرى بىلەن قاماللاپ
تۇتۇۋالغانىدى. گۆھەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە
كەلگىنىگە بەكمۇ پۇشايمان قىلدى. يال-
قۇننى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى. كىنو ئۇنىڭ
كاللىسىغا كىرمەيتتى. «قازانغا يولۇقساڭ
قارىسى، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار»
دېگەنىدەك، بۇ ئادەمگە نېمىشقىمۇ ئۇچراپ
قالغان بولغىدىم؟ ئەمدى بۇنىڭدىن يۇقىقان
قارىنى ئۆلگىچە يۇيۇپمۇ چىقىرالمىغۇدەك-
مەن... گۆھەرگە بىردىنلا يىغا ئولاشتى. ئۇ
ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇراتتى. «كۆتۈ-
رەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەنىدەك، تو-
ساتتىن ھېلىقى قارا قول يەنە ھەرىكەت-
لىنىشكە باشلىدى. گۆھەرنىڭ سەۋرى قاچى-
سى چېقىلدى، ئۇ، غولامىدىنىنىڭ يۈزىگە
بىرنى تولۇكوردى - يۇ، ئارقىدىنلا كۈتۈلمە-
گەن زەربىگە ئۇچرىدى. غولامىدىن ئۇنىڭ
يوتىسىنى قاتتىق چىمدىۋالدى.

— ۋايجان!...، — گۆھەر ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى. كىشىلەر ئۇلارغا قاراشتى.

— ۋۇي، گۆھەركەنغۇ بۇ؟!

كىمدۇر بىرىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتىشىدىن ئېسىگە كەلگەن گۆھەر، ھېچكىمگە قارىماستىن يۈزلىرىنى ئەتكىنىچە سىرتقا قاراپ يۈگۈردى.

## 10

— گۆھەر، ئاخشام غولامىدىنكام بىلەن كىنوغا كىرگەندە نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى يالقۇن سەمىمىي ھالدا.

— نېمە بوپتىمەن؟ — دېدى گۆھەر دىلىغۇلا بولۇپ.

— ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭە؟

— نېمىنى دەپ بەرگىدەكمەن، چىدىيالمايدىغان ئادەم نېمىشقا مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىڭ دەپ تۇرۇۋالغان؟ — گۆھەر بىردىنلا قەتئىيلىشىپ قالغانىدى.

— مەن سىزگە نېمە دېدىم، بولغان ئىشنى دەپ بېقىڭ دېدىمغۇ، — دېدى يالقۇن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.

— نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلگەچ سوراق قىلىۋاتقانسىز؟

— گۆھەر، نېمانداق تەتۈرلۈك قىلىسىز؟ قورسىقىڭىزنىڭ ئاغرىقى بولمىغاندىكىن ...

— قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى بولغۇدەك مەن نېمە ئىش قىپتىكەنمەن، سەن دېگىنچە مەن دەۋالاي دېگەن شۇ بولدى - دە!

— كىنوخانىدا ۋارقىرىغىنىڭىزنى ھەممە كىشى كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپتىغۇ؟ سەن دېگىنچە مەن دېۋىلاي دېگەندەك، سىزدىن سوراۋاتسام ئەمدى ماڭا ئارتىپ قويغىلى تۇردىڭىزغۇ؟ — دېدى يالقۇنمۇ ئاچچىقلىنىپ.

— قانداق، يىغىردىڭىزغا تېگىپ كەتتىمۇ، — دېدى گۆھەر مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭكىنى يايماي، مېنىڭكىنى ئاچىسىزغۇ تېخى؟!

— گۆھەر، گەپ بولسا ئوچۇق قىلىڭ، ھەر قانداق ئىشتىن قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى يوق.

— نېمە، ئۆزىڭىزچە مېنىڭكىنى قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر يوق دەپ ئويلاپ قاپسىزدە، ئاڭلاپ تۇرۇڭ، سىزنىڭ بىر ئايدىن بۇيان كىملەر بىلەن نەلەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ تۇرغىنىڭىزدىن پۈتۈنلەي خەۋىرىم بار، مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز، ھېلىقى رەشىدە دېگەن بۇزۇق بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭىزچۇ تېخى...

— بۇنداق گەپلەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟ — ئۆزىنى باسالماي قالغان يالقۇن گۆھەرنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كەلدى.

— قانداق، تىرىكىۋاتامسىز؟!

تۇيۇقسىز تەككەن تەستەك زەربىدە گۆھەرنىڭ يۈزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. ئۇ، يالقۇن بىلەن تونۇشۇپ تۇرمۇش قۇرغانىدىن بۇيان ئۇنىڭدىن تاياق يېيىش ئەمەس، بىرەر ئېغىز قاتتىق - يىرىك گەپمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدى. قاتتىق تەككەن بىر تەستەك گۆھەرگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى، ئۇ قاچانلاردۇر تاشلاپ قويغان يالقۇننىڭ رەشىدەدىن ئېۋەتكەن نەرسىلىرىنى ئېلىپ چىقتى - دە، يالقۇننىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— بۇ ئىسپاتلارغا نېمە دەيسىز؟ ئۇرسام قورقۇپ قالىدۇ دەپ ئويلىماڭ!

— گۆھەر، — دېدى يالقۇن ھەسرەتلىك ئاۋازدا، — بۇ نەرسىلەر نېمىگە ئىسپات بولالايدۇ؟ بۇ نەرسىلەرنى قانچىلىك تەستە ئالغىنىمنى بىلگەن بولسىڭىز بۇنچىۋالا خورلىمىغان بولاتتىڭىز، قىزلارنىڭ ھەممىسى

تالىشىپ ئالسا، مەن سىزنىڭ چوقۇم خۇشال بولىدۇ دەپ چىپسىپ يۈرۈپتىمەن. بۇنداق بولارنى بىلگەن بولسام...، - ياقۇنىنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، سۆزلىيەلمەي قالدى.

—كەمىڭىزنى ئالدىماقچىسىز؟ - دېدى گۆھەر تېخىمۇ ئۆرلەپ،- ھەممىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەم بار. سىز شۇ سەتەڭلەر بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلغان بولسىڭىز، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم.

—گۆھەر! ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟- دېدى ياقۇن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ،- مەن نېمە قىپتىمەن؟ سىز... ئاشۇ دادىڭىز دېمەتلىك كىشى بىلەن...

—قانداق، سىزنىڭمۇ ئىچىڭىز ئېچىشامدىكەن؟ سىزمۇ ئايالىم بار دەپ ئويلاپ قويمىغانىدىكەن، مەنمۇ قېرى - ياش دەپ تاللاپ يۈرمىدىم...

ياقۇن لەسسىدە بوشىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ياناتتى. ئۇ، ئىشىكنى قاتتىق يېپتى - دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى.

## 11

ئارىدىن ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە گۆھەر ساراسىمىگە چۈشۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ بەدىنىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭغا ھېلىقى مۇدھىش كېچىدىكى ئىشلارنى ئەسلەتتى. ئەشۇ بىر قېتىملىق جاڭجالدىن كېيىن ياقۇن بىلەن خۇددى يات كىشىلەردەكلا بولۇپ قالدى. ياقۇن يېقىندىن بۇيان ھاراق ئىچىدىغان ھۈنەرنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ، ئۆيگە خالىسا كېلەتتى، خالىمىسا نەلەردىدۇر يېتىپ قالاتتى. بىر كۈنى غولامىدىن گۆھەرنى يوقلاپ كەلدى.

—ئەمدى قانداق قىلىسىز؟- دېدى گۆھەر ئۇنىڭغا چىرايىنىمۇ ئاچماستىن.

—نېمە بولدى گۆھىرىم؟ قانداقلا ئىش بولسا مانا مەن تەييار!

بويۇمدا قاپتۇ،- دېدى گۆھەر بوش ئاۋازدا.

—نېمە، مېنىڭ بالاممۇ؟! - غولامىدىن خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى،- قېرىغىنىمدا خۇدا ماڭا بىر پەرزەنت ئاتا قىپتۇ - دە!

—كىم سىزگە تۇغۇپ بېرىمەن دەپتۇ؟

—جېنىم گۆھىرىم، ئۇنداق قىلماڭ، مەن خوش بولۇپ كېتەي...

—ئۇنداقتا مەنچۇ؟

—سىز ... سىز ياقۇندىن ئاجرىشىپ كېتىسىز - دە.

—نېمە؟- گۆھەر غولامىدىنغا قاراپ تەرىنى تۈردى،- ئۇنداقتا...

—جېنىم گۆھەر، گېپىم گەپ، مەن سىزنى جېنىمدەك ئەتىۋالايمەن، پۈتۈن بايلىقىم، تاپقان - تەرگىنىمنىڭ ھەممىسىنى سىزگە تاپشۇرىمەن، ئەگەر ماقۇل بولسىڭىزلا، سىزغان سېزىقىڭىزدىن چىقمايمەن، قولىڭىزغا سۇ بېرىمەن...

گۆھەر ئاچا يولدا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ياقۇنغا تارتىشاتتى. لېكىن ياقۇنىنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئەمدى بۇ تارتىشلارنىڭ نۆلگە باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. گۆھەر ياقۇنىنىڭ بىر نەچچە قېتىم رەشىدە بىلەن بىللە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەندىلا ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. لېكىن بۇنى ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشنىڭ باھانىسى قىلىۋېلىشقىمۇ بولمايتتى، ۋاقىتنى ئارقىغا سوزۇشقا تېخىمۇ بولمايتتى.

بىر قېتىم ياقۇن مەس ھالەتتە ئۆزىنى يۆلەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان رەشىدەنىڭ ئالدىدىلا گۆھەرنى ھاقارەتلىدى. بۇ گۆھەرگە ناھايىتى ئەلەم قىلدى. «ئەسلىدىلا مەن بۇزۇق دېگىنە!...» ئۇ ئاخىرى غولامىدىنىڭ

يا ردىمى بىلەن ئوبدان بىرچارە ئويلاپ تاپتى.
كەچقۇرۇنلىرى كۆپىنچە تۇل قالغان دوستى
پاتىمە نىڭ ئۆيىگە بېرىۋالاتتى -دە، تاماق-
لىرىنى بىرلىكتە ئېتىپ يېيىشىپ، پاراڭلى-
شىپ ئولتۇرۇپ تۈن نىسپىي بىلەن ئۆيىگە
كىرەتتى.

بىر كۈنى گۆھەر كەچلىك تاماقتىن كېيىن
پەدەزلىرىنى بولۇشىغا قىلدى - دە، ئەمدىلا
ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىكتىن غەرق مەس
هالدا ياقۇپ كىرىپ كەلدى. گۆھەر كۈتكەن
پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەملىدى-
دە، ياقۇپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتىشىگىلا
سەمەندەرنى چاقىرىۋالدى.

—سەمەندەر، چاي دەملەپ كىرىڭ.

سەمەندەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گۆھەر
ياتاق ئۆيگە كىردى - دە، يەردە سۇنايلى-
نىپ ياتقان ياقۇپنى يۆلەشتۈرۈپ كارىۋاتقا
ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ،
قوللىرى تىترەپ كەتتى. «مەن نېمىلەرنى
قىلىۋاتىمەن ھە؟! بىراق بۇنىڭدىن باشقا
چارە بولمىسا... »

گۆھەر قېنىق دەملەنگەن چايدىن ئۆزى
بىر پىيالە ئىچىپ، بىھۇشلاندۇرىدىغان دو-
رىنى سېلىپ سەمەندەرگە كۆز ئالدىدىلا بىر
پىيالە ئىچكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، ياقۇپ
بىلەن سەمەندەرنىڭ بىر ئورۇندا ياتقانلى-
قىدىن ئىبارەت ھېلىقى كۆرۈنۈشنى ئورۇن-
لاشتۇرۇپ قويۇپ، خاتىرجەم هالدا مۇشۇ
بىنانىڭ 3- قەۋىتىدە ئولتۇرۇشلۇق دوستى-
نىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا تونىغۇسىز دەر-
جىگە بېرىپ قالغان ياقۇپ تۇرمۇشنىڭ بۇ
قېتىمقى ئاچچىق چاقچىقىدىن بىر كېچىدىلا
چاچلىرى ئاقىرىپ، خۇددى ساراڭ ئادەمگىلا
ئوخشاپ قالدى. گەرچە ئۇ ئاقلانغان بولسى-
مۇ، لېكىن روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن

قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغاچقا، گۆھەر بىلەن
ئاجرىشىپ، بالىنى ئۇنىڭغا قالدۇردى- دە،
يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

گۆھەر ئېغىزدا جاۋابكارلىقتا تارتىلغى-
نى بىلەن ئەمەلىيەتتە غولامىدىنىنىڭ ئۆزىگە
ئارقا تىرەك بولۇشى نەتىجىسىدە، ھەممە
ئىشلارنى «يەڭ» ئىچىدىلا پۈتتۈرۈپ بىر
تەرەپ قىلدى.

## 12 .

گۆھەر ئۆزى قىلغان رەسۋاگەرچىلىكنى
تېزلا ئۇنتۇپ كەتتى، ئەمدىكى ئىش غولامىدىن
بىلەن تېزرەك توي قىلىپ، قورساقتىكى با-
لىنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. ئۇلار ئالدىرى-
غانسېرى ئىشنى ئاخسىتىپ، گۆھەر ئاغرىپ
دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. غولامىدىن ئۇ-
نىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي، نا-
هايىتى ياخشى كۈتتى. گۆھەر بىر ئايغا يې-
قىن داۋالانغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي سا-
قايدى.

— ئەرتە دوختۇرخانىدىن چىقىمەن، -
دېدى گۆھەر غولامىدىنغا، - سىز سەمەندەرگە
ئېيتىپ قويۇڭ، مەن بارغىچە ئۆيلەرنى قا-
يتىدىن يەنە بىر قۇر تازىلاپ، يىغىشتۇرۇپ
قويسۇن.

— جېنىم بىلەن، - دېدى غولامىدىن
سىپايە هالدا، - كەچقۇرۇن بېرىپلا ئېيتىپ
قويىمەن.

كەچقۇرۇن غولامىدىن گۆھەر بىلەن خوش-
لىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى، سەمەندەر با-
لىغا قارىغاچ، تاماق ئېتىۋاتاتتى.

— بارمۇ سەن، سەمەندەر؟ - دېدى غو-
لامىدىن ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ.

— كېلىڭ غولامىدىنكا، گۆھەر ئاچا م-
نىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ - دېدى سەمەن-
دەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ.

— گۆھەرنىڭ ئەھۋالى ناهايىتى ياخ-

شى، ساڭا تاپشۇرىدىغان بىرئىش بارئىدى.

— نىمە ئىش غولاممەدىنكا؟

— تاماقتىن كىيىنلا ئۆيلەرنى بىر قۇر
تازىلىۋەت، ئاندىن...

— نىمە، بۇ كېچىدە مېھمان كەلمەس؟—
دېدى سەمەندەر ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئاڭقىرالماي.

— ياق، ئەتە سەھەردە قايتىپ كېتى-
دىغان بولدۇق.

— نىمىشقا ئەمدى، گۆھەر ئاچام مېنى
يېنىدا ئېلىپ قېلىشقا رازى بولغانغۇ؟ بۇ-
نىڭ ئۈستىگە ئۇ هازىر ئاغرىق تۇرسا...

— بۇ، گۆھەرنىڭ بۇيرىقى، — دېدى غو-
لاممەدىن سەمەندەرگە تىكىلىپ قاراپ، — ما-
نا بۇ ئىش ھەققىڭ، — ئۇ يېنىدىن بىرسى-
قىم پۇل چىقاردى — دە، سەمەندەرنىڭ قو-
لىغا تۇتقازدى.

— بالىنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى سە-
مەندەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي.

— ئۇنى مەن ئېلىپ كېتىمەن.

سەمەندەر ئېيتىۋاتقان تامىقىنىمۇ قو-
يۇپ، ئۆيلەرنى تازىلاشقا كىرىشىپ كەتتى.
غولاممەدىن بالىنى باققاچ، ئۇ ئۆيدىن —بۇ
ئۆيگە چىقىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان
ئىشلىرىغا سەپ سېلىپ يۈردى. بالا تاتلىق
ئۇيقۇغا كەتكەندە خېلىلا كەچ كىرىپ قال-
غانىدى، سەمەندەرمۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ
بولدى. غولاممەدىن مېھمانخانا ئۆيىگە كىرىپلا
سەمەندەرنى چاقىردى.

— سەمەندەر، ماڭا بىر ئىستاكان چاي
ئەكىرىۋەتكىنە.

سەمەندەر بىر ئىستاكان چاينى كۆتۈ-
رۈپ كىردى — دە، كىرىشلىغا چۆكۈپ ئول-
تۇرغان غولاممەدىننىڭ ئالدىغا قويدى، غو-
لاممەدىن ئۇنىڭغا ئاچ بۆرىدەك قادىلىپ
ولتۇراتتى. سەمەندەر ئۇڭا يىسىز لىنىپ دەر-

هال چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدى.

— توختا، — دېدى غولاممەدىن بۇيرۇق
ئاهاڭىدا، — ماڭا ھەمراھ بولۇپ چاي ئىچ.

— مەن چاي ئېلىپ كىرەي، دېدى سە-
مەندەر چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپ.

— يېنىمغا كەل، — دېدى غولاممەدىن سو-
غۇق ھېجىيىپ، — مۇشۇ چاينى ئىككىمىز
تەڭ ئىچىمىز.

— سىز...

— غولاممەدىن ئورنىدىن دەس تۇردى —
دە، نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي تىترىگىنىچە قاپ
تۇرغان سەمەندەرنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى.

— غولاممەدىنكا، سىز...، — سەمەندەر ئۇ-
نىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندى.

— بۇ ئۆيدە تۇرۇپ سېنىڭمۇ خېلى كۆ-
زۈڭ ئېچىلىپ قالدىغۇ دەيمەن، — غولام-
دىن شۇنداق دېگىنىچە، سەمەندەرنى دەس
كۆتەردى — دە، قوش كىشىلىك كارۋاتقا قا-
راپ ماڭدى. گۆھەر يالقۇن بىلەن گەپ تا-
لىشىپ قالغاندىن بۇيان مۇشۇ ئۆيگە چىق-
مىغانىدى. سەمەندەر تېپچەكلىگىنىچە
ۋارقىراشقا باشلىدى:

— مېنى قويۇۋېتىڭ، بولمىسا ئادەم چا-
قىرىمەن..

غولاممەدىن ئۇنى كارىۋاتقا بېسىپ، ئاغ-
زىنى مەھكەم ئېتىۋالدى — دە:

— ئاغزىڭنى يۇم، بولمىسا بوغۇپلا ئۆل-
تۈرۈۋېتىمەن، كىشىلەر سېنى نومۇستىن ئۆ-
لىۋاپتۇ دېيىشىدۇ.

ئۇ، شۇنداق دېگىنىچە يانچۇ-
قىدىن قول ياغلىقىنى چىقاردى — دە،
سەمەندەرنىڭ بېشىدىكى نېپىز ياغلىقى بى-
لەن قوشۇپلا ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقتى. سە-
مەندەر خېلىلا تىپىرلاپ باققان بولسىمۇ،
ئاخىرى سا چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان چۈ-
جىدەك بىچارە هالغا چۈشۈپ قالدى...

13

گۆھەر دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيىگە

قايتىپ كەلدى. ئۇ، ياخشى كۇتۇلگەچكىمۇ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇ، ئۆيىگە كىرىپلا ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ چىقىدىغانىغا نە ئوغلى، نە سەمەندەر كۆرۈنمەيتتى. ئۆينىڭ ئىچى چىنىدەك تازىلانغان بولۇپ، ھەممە نەرسىلەر ئۆز جايىدا ئىدى.

— سەمەندەر!

ئىچكىرىدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىغانىدىن كېيىن، گۆھەر سەل ئەنسىرەپ قالدى. ئاڭغىچە دوختۇرخانىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ھاسىراپ، — ھۆمۈدىگىنىچە غۇلامىدىن كىرىپ كەلدى.

— ئۇلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى گۆھەر ئەنسىزلىك بىلەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى غۇلامىدىن يېقىمسىز كۈلۈپ، — ئۇلار نەگە كېتەتتى؟

— سىرتقا چىقىپ كەتكەنمىدۇ يا؟ دېدى گۆھەر خاتىرجەم بولالماي.

— ئۇ كېتىپ قالدى، — دېدى غۇلامىدىن تۇيۇقسىزلا.

— نېمە؟ شۇنچە تېز قايتىپ كەتكۈدەك نېمە ئىش بوپتىكەن؟ — دېدى گۆھەر ئىشەنمەي.

— قىز بالا ئەمەسمۇ؟ ياتلىق بولىدىغان ئىش — دە.

گۆھەر ھەيران قالدى. يالقۇن بىلەن بولغان ئەشۇ ئىشتىن كېيىن سەمەندەر يىغلاپ تۇرۇپ كىشىلەر ئالدىدا گۆھەردىن مەڭگۈ ئايرىلمايدىغانلىقىنى، بىر ئۆمۈر خىزمىتىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

— ئوغلىڭىزنى ئۇنتۇپلا قالدىڭىزغۇ؟

گۆھەر شۇندىلا ئوغلىنى ئېسىگە ئالدى.

— ئۇ ...

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمدە.

— سىز...

— بۇنى مەندىن كۆرمەڭ، — دېدى غۇلامىدىن گۆھەرنىڭ ئۆزىدىن رەنجىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، — تۈنۈگۈن ئۆيگە كەلسەمئۇ، يوق — تاقىلىرىنى چىگىپ ئولتۇرۇپتىكەن، مېنى كۆرۈپلا مىشىلداپ يىغلاپ، ئانىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئېيتقانلىقىنى، ئەرگە بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ، چىرايلىقچە يولغا سالدىم.

— ئۇنى قانداقراق ئادەمگە ياتلىق قىلار؟ — دېدى گۆھەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك.

— كىمگە ياتلىق قىلسا قىلمامدۇ؟ بىزنىڭ نېمە كارىمىز، — دېدى غۇلامىدىن گۆھەرگە يېقىنلىشىپ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ توي ئىشىنى بىر تەرەپ قىلايلى، گۆھىرىم.

— ئۇنىڭغا باش پانا بولمىسىڭىز بولماس، دادىسى يوق ئەمەسمۇ؟

— ئۇنى بىر مۇنچە پۇل بېرىپ يولغا سالساممۇ رازى بولمايسىزغۇ؟ ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرسەم بولامتى يە؟

— نېمە، ئەجەپ بۇرۇن ئوغلۇم بار دېمىگەنتىڭىزغۇ؟ — دېدى گۆھەر غۇلامىدىنغا مىختەك قادىلىپ.

— ھەي، مېنىڭ مۇشۇ ئاغزىمنىمزە، بۇلارغۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار، شۇنداقتىمۇ يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، بالىلىقتە، بالىلىق! ئون سەككىز ياش ۋاقتىمدا تاغامنىڭ قىزى بىلەن ئىش تىرىپ قويۇپ ئەمرىمگە ئالغانىدىم، بىراق بالىمىز مېيىپ تۇغۇلۇپ قالغاچقا، بالىنى ئانىسىغا بېرىپ ئاجرىشىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۆيلەنگەن بولساممۇ قايتا پەرزەنت يۈزى كۆرمىدىم. ئاللانىڭ رەھمى كەلدىمۇ، مانا ئەمدى سىز گۈزىلىم پاق—

لاندەك بىر ...

گۆھەر بالىسىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردى، ئۆي ناھايىتى چىرايلىق تۈزەلگەن بولۇپ، ھەممە نەرسە جايى-جايىدا تۇراتتى. گۆھەرنىڭ كۆزى بىردىنلا كارۋات ئۈستىدە تۇرغان بىر سىقىم پۇلغا چۈشتى.

— بۇ مەن سەمەندەرگە بەرگەن پۇلغۇ؟ — دېدى غولامىدىن پۇلنى قولىغا ئېلىپ.

— مېنى ھازىرلا ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىڭ!

— ئۇنىڭ ئۆيىنى مەن نەدىن تاپىمەن؟ — دېدى غولامىدىن گۆھەرگە چۈشەندۈرۈپ، — ئەمدى سىزگە تەپسىلىي سۆزلىمىسەم بولمىدى، سەمەندەر مېنىڭ ھېچقانداق تۇغقىنىم ئەمەس، ئۇنى ماڭا بىر ئاغىنەم ئەكىلىپ بەرگەن، ھازىر ئۇ ئاغىنەم باشقا شەھەرگە كۆچۈپ كەتتى.

گۆھەرنىڭ ئىچىدىن يىغانىلىق بىر ئاۋاز ئېتىلىپ چىقتى:

— ئاھ، بىچارە سەمەندەر!...

## 14

كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. گۆھەر غولامىدىنغا بۇدرۇقىنە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى، ئۆزىمۇ ئۇسقان سېلىپ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتتى. ئۇ، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلاتتى. غولامىدىنمۇ ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايتتى. قايسى رەخت يېڭىدىن چىقسا، قايسى كىيىم مودا بولۇپ ئاقسا، ئەڭ ئاۋۋال گۆھەرنىڭ ئۇچىسىغا چىقاتتى. گۆھەر خۇددى قىز ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا يەنە ھەممىلا جايدا مېھماندارچىلىقنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالاتتى.

ئۇ، ئورنىدىن كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە تۇردى. يۈزىنى سوپۇنلاپ يۇغاندىن كېيىن، ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزۇنغىچە گىرىم قىلدى. يېڭىدىن بۇدرە قىلدۇرغان چېچىنى ئاۋايلاپ تاردى. ئۇ ئەمدىلا كىيىم يەڭگۈشلەپ تۇرۇشىغا، ئىشىكنى ئاق ناننىڭ ئارىسىغا ئېلىنغان ياغلىرى ئېقىپ ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پېتىر ماننىنى كۆتەرگىنىچە غولامىدىن كىرىپ كەلدى.

— ھە، گۆھىرىم، ئويغانغان ئوخشىماسىز؟ مانا ئەمىسە، بۇنى قىزىقىدا ...

— يېگىم يوق، — دېدى گۆھەر ئەينەكتىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— كۆڭلىڭىز نېمىنى خالايدىكى؟

— ماڭا بىر تەخسە گۆرۈچ ئاش ئەكىرىپ بېرىڭ، — دېدى گۆھەر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي.

— مانا ھازىرلا، گۆھىرىم! — غولامىدىن قولىدىكى ماننىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

«بۈگۈنكى تويغا نېمە ئېلىپ بارسام بولار دەپ ئويلىدى گۆھەر ئىچىدە، — كىچىكرەك قىلاي دېسەم خېلى ئابرويلۇق كىشىلەر، چوڭراق قىلاي دېسەم ئوغلۇم چوڭ بولۇپ، ئۇ خەقلەرنىڭ بىر تال بۇرۇچىنى كۆرگىچە كىم بار، كىم يوق، خويمۇ زېرىكتى كىشى بۇ ئاۋارىگەرچىلىكتىن!».

غولامىدىن بىردەمدىلا بىر تەخسە پولۇنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئوتتۇرا ياشلاردىكى تۇما قىلىق بىر كىشى بىللە كىرىۋاتاتتى، «نەدىن تېپىپ كەلدىكىنە بۇ سەھرالىقنى!»

گۆھەر ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويۇپ، ئۇ كىشى بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشتى. غولامىدىن تەخسىنى گۆھەرگە ئۇزاتقاچ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بۇ كىشى بىز بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشكىلى كەپتۇ، ئاڭلاپ باقمايمىزمۇ

قېنى .

— مەن ...

— قېنى كۆرپىگە ئۆتسىلە، — دېدى گۆھەر مېھمانغا ئورۇن كۆرسىتىپ، — بىزگە مەسلىھەت سالغۇدەك نېمە ئىشتى ئۇ ؟

— مەن گەپنى تۈزلا قىلىدىغان ئادەم، ئەگەر كۆڭۈللىرىگە كەلگۈدەك گەپ قىلىپ قويسام كەچۈرۈۋېتىشەلا، سىلەرنى ھەممە خەق مەرت، قولى ئوچۇق، قارنى - كۆكسى كەڭ دەپ ماختىشىدۇ، بۇ بىزگىمۇ ئايان، ئەمدى مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ھە ... غولامىدىن ئۇكام ... سىلىنىڭ ھېلىقى ... ئەستا، نېمە دېسەم بولار ...

— قېنى دەۋەرسىلە ، — دېدى غولامىدىن مېھمانىنىڭ نېمىنىدۇر دېيىشتىن خېجىل بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ .

— ئەمىسە دەۋېرەي ، سىلىنىڭ ھېلىقى... ھېلىقى ئوغۇللىرى غەيرەتجاننىڭ تويىنى قىلىپ قويايلى دېۋىدۇق ، جامائەت مەسلىھەتلىشىپ ، ھەر بىرلىرىنى باش بولۇپ بېرەمدىكى دەپ كېلىشىم ، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پۇشتىدىن تامغان بالا ئەمەسمۇ ؟ مۇشۇنىڭ بىلەن قايتا يارىشىپ قالسائىلار ئەجەپ ئەمەس ، ئۇنىڭ ئانىسىمۇ خېلى بۇرۇنلا قازا قىلىپ كەتكەن، ئەمدى ئۇ بىچارە ...

گۆھەرنىڭ تۇرۇلۇشكە باشلىغان قاپىقى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. پەيتى كەپتۇ - دە ، نېمىلا بولمىسۇن توي ئەمەسمۇ ؟ ئۇنىڭ كۆڭلى ۋالىلدا يورۇپ ، خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى .

— بۇ ئىشنى ياخشى ئويلىشىپلا ، — دېدى گۆھەر مېھمانغا قاراپ ، — جامائەت مۇنداق دەۋاتقان يەردە بىز ياق دېسەك سەت بولار ، ھە ، تويىنى قاچانغا توختاتتىڭلار ؟

— ئەتىگە ...

— نېمە ؟ ۋاقىت بەك قىسقىكەن - دە ، غولامىدىن تېز بولۇڭ ، — دېدى گۆھەر غولامىدىننى ئالدىرىتىپ ، — تېز بېرىپ باغاق تېپىپ كېلىڭ ، تويغا بىزنىڭ مېھمانلىرىمىزنىمۇ چاقىرايلى ، نېمىلا بولمىسۇن ، بۇمۇ بىر توي - دە ...

— خۇدا رەھمەت قىلسۇن! - دېدى مېھمان گۆھەرنىڭ سۆزىدىن خۇشال بولۇپ ، — غەيرەتنىڭ تويى مانا ئەمدى ئىززىتى بىلەن بولىدىغان بولدى.

— سىلە ھازىرلا بېرىپ بىزنىڭ قوشۇلغانلىقىمىزنى ئېيتىسىلا، ھە راست، بىرەر نەرسە لازىممۇ ؟

— ھەر بىرلىرىنىڭ بارماقچى بولغانلىقلىرى چوڭ ئىش ، غەيرەتجاننىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ياغاچچىلىق قىلىپ تاپقان پۇللىرىمۇ ئاز ئەمەس ، ئۆي جاھازلىرىمۇ شەھەرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ ، سىلەر پەقەت توي ئۈستىدە تۇرۇپ بېرىشسىلە شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك.

— ئۇنداقتا بوپتۇ، — دېدى گۆھەر يېنىك بىر تىنىۋېلىپ.

— ئەمىسە مەن قايتاي.

— بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ ماڭسىلا، — دېدى گۆھەر مېھماننى تۇتۇپ، — مۇنداقلا قايتسىلا سەت تۇرىدۇ.

— خوش، يەنە قىلىدىغان ئازراق ئىشلىرىم بار ئىدى، — مېھمان شۇنداق دېگىنىچە خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى قاق سەھەردىلا غولامىدىن بىلەن گۆھەر پەرلىشىپ كېيىندى - دە، كۆك سىرلىق پىكاپقا ئولتۇرغىنىچە تويغا — ئوغلىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يورۇپ كەتتى. پىكاپ يوغان قوش قانات ئىشىك پېشايۋانلىق ئۆيىنىڭ

ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، گۆھەر كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. بۇ ئۆينى بىر يېتىم ئوغۇلنىڭ ئۆيى دېسە، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. قوش قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان مەنزىرىلىك ئۆيلەر دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. پىكاپ توختىشىغىلا ئۆيدىن بىر توپ كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا چىققان قارا سارجىدىن شىم - كاستيۇم كىيىۋالغان بىر يىگىت سول پۇتىنى سۆرىگىنىچە غولامىدىن بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى:

— ياخشى كەپلا، دادا، شۇ تاپتا مەن بەكمۇ خوش بولدۇم، - ئۇ شۇنداق دېگىنىچە گۆھەر بىلەنمۇ قىزغىن ئەھۋاللاشتى ۋە ئۇلارنى كەڭ، ئازادە سېلىنغان، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھەر خىل جاھازلار بىلەن چىرايلىق زىننەتلەنگەن مېھمانخانىغا باشلىدى. يىگىت غولامىدىنغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايتتى.

تويى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. گۆھەر باغاق ئەۋەتكەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تولۇق كېلىشتى. ھەممە ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولدى. كەچتە يېڭى كېلىن پىكاپ بىلەن داغدۇغىلىق يۆتكەپ كېلىندى.

— غولامىدىن، يۈرۈڭ، كېلىنىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ چىقايلى، - گۆھەر غولامىدىننى باشلاپ مەخسۇس ياسالغان ھوجرىغا كىرىشتى. ھوجرا ئىچى ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، يېڭى كېلىن ئۆزى دېمەتلىك بىر توپ قىزنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار كىرىشى بىلەنلا قىزلار تارتىنغان ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سالاملىشىپ كۆرۈشتى.

— سەمەندەر، دادام بىلەن ئانام سىزنى يوقلاپ كىردى، - دېدى غەيرەت ئۇلارنى يېڭى كېلىنگە تونۇشتۇرۇپ.

قىز ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە، تارتىنغان قىياپەتتە، يۈزىدىكى رومالنى سەل ئۈستىگە قايرىدى. قايرىدى يۇ، ئۆزىگە قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇرغانلارنى كۆرۈپ خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانغا ئۇچراپ قالغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇنى كۆرگەن غولامىدىنمۇ بەزگەك تەگكەندەك تىترەشكە باشلىدى.

— ھوي، سەمەندەرغۇ بۇ؟ بىزگە كېلىن بولغۇچىسىز كەنسىز-دە! - دېدى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان گۆھەر ھودۇقۇپ.

قىزنىڭ رومىلىنى ئۈستىگە قايرىپ تۇرغان قولى ئاستا - ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى - دە، يېنىدىكىلىرىنىڭ يۆلىۋېلىشىغىمۇ ئۈلگۈرمەستىن ئوكىدىسىغا يىقىلغىنىچە سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى...

1990 - يىل، 10 - ئاي.

ئۇچقۇن ئابدۇللا

# مەشرەپ

(ھېكايە)

قارا قىش، قولى تۇتام ـ تۇتام پۇل كۆرۈپ، خۇشاللىقى چىكىدىگە يەتكەن كاللىتە سايلىق دېھقانلار قىشتىكى بىكارچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن «قاتارى مەشرەپ» باشلىۋەتكەن ئىدى. بۇگۈنكى نۆۋەت ھاشىم ئاخۇننىڭ ئىدى، كۈن ئولتۇرۇش بىلەن لامپىلار كېلىشكە باشلىغانىدى. «مېھمانلارنىڭ كۆزى» — ھاشىم ئاخۇننىڭ قەدىناس دوستى سادىر ئاخۇن ئاخىردىراق كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھاپىز ئاخۇن، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ئۆي ئىچىدىكىلەر تىنچلىق تۇرۇغاندۇ؟

— تىنچلىق، سادىر ئاخۇن. كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ؟

— يۇقارقى مەھەللىگە بارغانىدىم، ئازراق تۇتۇلۇپ قالدىم.

ھاشىم ئاخۇن ئۇنى ئايۋاننىڭ تۆرىگە باشلىدى ـ دە، مېھمانلارغا داستىخان سالدى. داستىخان يېيىلغاندىن كېيىن مەشرەپ باشلاندى. مۇقامچىلار ناخشا توۋلاپ، قىز ـ يىگىتلەر جۈپ ـ جۈپ بولۇپ بىر سائەت ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن، مەشرەپ تەرتىپى بويىچە سۆز ئويۇنى باشلاندى:

— خىنەگۈل.

— ئامانگۈل.

— رەيھانگۈل.

— ھوي، رەيھانگۈلنى باشقىلار دەپ بولغان. قايتىلىۋەتتى! ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن!

— مەشرەپ ئۇسسۇلغا چۈشسۇن!

ئېيىزىپ كەتكۈچى ھاپىز ئاخۇننىڭ كەنجى ئوغلى مەشرەپ ئىدى. ئۇنى ئۆيدىكىلەر كىچىكىدىن ئەركە چوڭ قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ھېچكىمنىڭ گېپىگە كىرمەيدىغان، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەم بەرمەيدىغان، ئەتىدىن كەچكىچە مەھەللە كوچىدىكى قىز ـ چوكانلارنىڭ كەينىدە يۈرۈيدىغان شاللاق ئادەم بولغانىدى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم شەھەرگە قېچىپ كېتىپ، جامائەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ يىغىۋېلىش ئورنىدا يېتىپمۇ چىققانىدى. ھاپىز ئاخۇن ئۇنى ئۇرۇپمۇ باقتى، تىللاپمۇ باقتى، لېكىن مەشرەپ ئەيۋەشكە كەلمىدى. ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا گەپ بولسىلا، بىر نەچچە كۈن نەگىدۇر غايىپ بولاتتى. كېيىنچە، دادىسىدىن قاتتىقراق ئازار يېسە، ئۇدۇللا سادىر ئاكىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالىدىغان بولدى. سادىر ئاكىمۇ ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، دادىسىنىڭ ئاچچىقى يانغانچە ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياتتى. مەشرەپ يۇرت ـ مەھەللىگە ئانچە كۆپ ئارىلاشمايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسا بېشى ئاغرىيتتى. بۈگۈن مانا ئۆز ئۆيىنى تاشلاپ قاچالمىدى. ئىشنىڭ بېشىدىلا گەپتە ئېيىزىپ «گۇناھ» ئۆتكۈزدى. ھەممەيلەن تەڭلا چۇرقىرىشىپ ئۇنىڭغا يېپىشتى. ياغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ئويناش—مەشرەپتىكى ئەڭ يەڭگىل جازا ئىدى. مەشرەپ قىزىرىپ ـ تاتىرىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. پۇت-قوللىرى ئانچە قاملاشمىي بەرەي تېخىمۇ كۈلكىگە قالدى. كۈلكە، ۋاڭ-چۇڭلار ئىچىدە باشقا ئويۇنلار

باشلىنىپ كەتتى. ئويۇن تازا قىزىغان چاغدا، سادىراخۇننىڭ قىزى رەيھانگۈلنىڭ:

— يىگىت بېشى! — دەپ توۋلىغان ئاۋازى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئويۇننى توختىتىپ قويدى. پۈتۈن سورۇن ئەھلى دىققىتىنى ئۇنىڭغا قاراتتى. قىز يىگىت بېشى ئالدىغا بېرىپ ئەرزىنى بايان قىلدى:

— يىگىت بېشى، مەن ئويۇن كۆرۈپ ئولتۇرسام، مەشرەپ يېنىمغا كېلىۋېلىپ، ھەر قىسما چاقچاقلارنى قىلىپ، مەشرەپ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلدى. ئۇنى جازالاپ بەرسىلە!

«پاراقىقىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ھايال ئۆتمەي، مەشرەپنى ئەيىپلىگەن سادالار سورۇننى بىر ئالدى. سابىر ئاخۇن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ھاپىز ئاخۇن ئوغلىنىڭ بۇ ئەدەبسىزلىكىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك خىجىل بولدى. ئاچچىقىدا چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ئېتىلىپ كەلگەن پېتى مەشرەپكە بىر تەستەك سالدى. مېھمانلار ئۇنى تۇتۇۋالمىغان بولسا، نېمە بولاتتىكىن تاڭ، ھاپىز ئاخۇن ئامالسىز قولىنى يىغدى. شۇ چاغ، يىگىت بېشى «ھۆكۈمنى» ئېلان قىلدى:

— ھاپىز ئاكا، — دېدى ئۇ، — سىلى قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ ئادەم ئۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن سىلىگە «سامان تىقىش» جازاسى بېرىلىدۇ...

يىگىت بېشىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا، «جازا» ئىجرا قىلغۇچىلار ئولۇشۇپ كېلىپ ھاشىم ئاخۇننى ئارىغا ئالدى — دە، «تېرىسىگە سامان تىقتى». ئەمدى نۆۋەت مەشرەپكە كەلدى. ئۇنىڭغا ئەڭ ئېغىر جازا «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» جازاسى بېرىلگەنىدى. قائىدە بويىچە مەشرەپنى يەرگە ياتقۇزۇشتى. ئىككى يىگىت قولىرىنى مايغا چىلاپ، قازان قارىسى بىلەن قارا قىلىشتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا ئۆتۈپ يېتىپ، «مۇھەببەت» ئىزھار قىلىشتى؛ بىرى ئۇنى ئۆزىگە تارتسا، يەنە بىرىمۇ قىزغىنىپ ئۆزىگە تارتاتتى. دەسلەپكى تارتىش ئاستا بولغان بولسا، كېيىن «ئىككى خوتۇن» ئۇنىڭ مەڭزىگە تازا سېلىشتى. ئۇنىڭ ھەممە يېرى قازان قارىسىدا بىر بولۇپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆمۈر بويى بۇنداق خورلۇققا قالمىغان مەشرەپ لېۋىنى چىشلەپ، يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ياتاتتى. جامائەت بىر تەرەپتىن مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشسە، يەنە بىر تەرەپتىن جازانىڭ تېزراق تۈگىشىنى تىلەيتتى. پەقەت بىرلا كىشى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى...

ئاردىن ئىككى ئاي ئۆتتى. بۇ ئىككى ئاي جەريانىدا سىرتتا ھېچكىم مەشرەپنى كۆرمىدى. بەزىلەر: «مەشرەپ شەھەرگە قېچىپ كېتىپتۇ» دەپ سۆز - چۆچەك تارقىتىشتى. مەشرەپ بولسا ئۆيدىن تالاغا چىقماي يۈردى. ھېلىقى «جازا» ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كەلگەنىدى. قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ھەر قانچە ئويلاپمۇ رەيھانگۈلنىڭ نېمىشقا ئۆزىنى شۇنچىلا رەسۋا قىلىدىغانلىقىنىڭ سىرىنى تاپالمىدى. يۇرتنى تاشلاپ بېشى قايغان تەرەپكە كەتمەكچى بولدى. لېكىن نېمىگىدۇر تارتىشتى.

مانا، مەشرەپ ئىككى ئاينىڭ ياغى بۈگۈن تالاغا چىقتى. ھاۋا ئىللىشقا باشلىغانىدى. مەھەللىدىكى شوخ بالىلار ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈشتى. ئەگەر ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا بولسا ئىدى، مەشرەپ بۇندا قىلارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ قوياتتى. لېكىن بۈگۈن

(ئاخىرى 97 - بەتتە)

ئېزىزجان توختىھاجى

# ئىككى نەسىر

## پاك ۋە ناپاك

يېقىندا بىزنىڭ مەھەللىدە بىر ئۆي ماجىراسى يۈز بەردى. دەۋاگەر — دېھقان، جاۋابكار — سودىگەر ئىدى (ئەسلىدە ئۇلار بىر قېرىنداشتىن چۈشكەن ئاكا - ئۇكا ئىدى). دېھقان سودىگەر ئىنىسىنىڭ بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۆزىنىڭ بىر يېرىم ئېغىزلىق ئۆيىنى ئىشلىتىپ تۇرۇشىنى ئىلتىماس قىلىپ، ھازىرغىچە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمدى بالا - چاقىلىرى كۆپىيىپ ئۆيگە سىغمىغانلىقى تۈپەيلى، ئىنىسىدىن ھېلىقى ئۆينى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. سودىگەر بۇ ئۆينىڭ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى، ئاكىسىنىڭ بۇ ئۆيدە ھېچقانداق ھەققى يوقلۇقىنى دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاكا - ئۇكا تالاشتى، ئۇرۇشتى ھەتتا ئاچچىقلىرىدا پايلىماي پىچاقمۇ كۆتۈرۈشتى. لېكىن، خۇدانىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، گۇۋاھچىلار يېنىغا بېرىشتى. گۇۋاھچىلار ھەقىقەتەن ئۆينىڭ دېھقاننىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى، ئەمما، سودىگەر بۇنى ئېتىراپ قىلمىدى، ئۆينى قايتۇرۇپ بەرمىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر دېھقاننى ئەيىبلىدى، ھېلىقى گۇۋاھچىلارنى تېخىمۇ بەك ئەيىبلەپ كەتتى. چۈنكى ئۇلار ھاجى ھەرەم سودىگەرنىڭ يالغان ئېيتمايدىغانلىقىغا شەك - شۈبھىسىز ئىشىنەتتى. دىندارلار سودىگەرنىڭ دېگىنىنى بەرھەق دېيىشتى. گۇۋاھچىلارمۇ قورقۇپ قېلىشتى. چۈنكى، ئۇلار ھەرەمگە بېرىپ، زەم - زەم سۈيى ئىچىپ كەلگەن بۇ ھاجىغا تىل تەككۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

دېھقان ئەلەمگە چىدىماي يىغلاپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ، ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: «ئېھ، خۇدا ئۆزۈڭ گۇۋاھ! راست - يالغاننى ئايرىغىن؛ كىمنىڭ پاك، كىمنىڭ ناپاك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغىن!» دەپ ۋارقىرىدى.

لېكىن، خۇدادىن سادا كەلمىدى. ھەقىقىي گۇۋاھچى بولغان ئۆي جىمجىت چوقچىيىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ جانسىز ئىدى.

كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە پاك دېھقان ناپاككا، ناپاك سودىگەر پاك كىشىگە ئايلاندى...

## ئالدى ۋە ئارقىسىدا

بىزنىڭ ئىدارىدىكى ئىككى باشلىقنىڭ ئاياللىرى ناھايىتى داۋغاز، مەنمەنچى خوتۇنلار ئىدى. ئۇلار ئادەتتە يۈزمۇ يۈز كۆرۈشۈپ قالسا بۇلاردىن ئوبدان، بۇلاردىن ئېسىل ئادەم يوق: بۇنداق چاغلاردا ئۇلار خۇددى ئۇزۇن يىل دىدارلاشمىغان ئاچا - سىڭىللاردەك قۇچاقلىشىپ، مەڭزىنى - مەڭزىگە يېقىشىپ ھال - ئەھۋال سوراپ كېتىشىدۇ، بىر-بىرىگە كۆڭلىنىڭ يېقىنلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئەمما، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدا ئۇ-

AltunOq

داق ئەمەس.

بۇ ئىككى ئائىلە قوشنا ئىدى. بىر كۈنى بۇ ئىككى ئۆيدىن شۇنداق چىڭ توۋلاشلار، بىر - بىرىنى قاساپ تىللاشلار ئاڭلىنىپ قالدى:

— ماۋۇ كۆرەلمەسلەرنىڭ كېپىگە قارا، مەن پۇل يىغسام ئېرى باشقىلاردىن پارا ئالدى دېسە، ئوغلىمىزنىڭ توينى قىلساق، شۇ بالادا باشقىلاردىن كۆپلەپ بىر نەرسە يىغىۋالدى دېسە، مەن بۇ ئىدارىدا تۇرالامدىم - تۇرالمامدىم؟! ئېيتە، سەن ئەر بولغان كىشى بۇنىڭغا قاراپ تۇرامسەن؟

— هەي، سەن ئەشۇ كەينىڭدىكى قولچوماقچىلىكمۇ بولالمايدىكەنسەن. ئايالى دېگەن ياسانچۇقنىڭ قولىغا، ئۆيىگە قاراپ باقمىدا، تىقىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ نېمىگە تايىنىپ بېيىپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار. بۇنى بىلەمسەن؟ يۇقىرىغا نېمىشقا ئىنكاس قىلمايسەن - هە؟!

ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتتى، ئىككى باشلىقنىڭ ئاياللىرى ئىشىك تۈۋىدە ئۇچرىشىپ قالدى. توۋا، ئۇلارغا قاراڭ: ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، بىر هازا ئەهۋال سوراپ كېتىشتى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئېسىل قوشنا باشلىق ئاياللىرى ئىدى...

( بېشى 95- بەتتە)

ئۇنداق قىلمىدى. خۇددى ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى كۆرمىگەندەك، ئۇدۇل سادىر ئاكىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە بىردەم تۇرۇۋېتىپ ئىشىكنى چەكتى. سادىر ئاكا چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ مەشرەپنى كۆرۈپلا:

— هۇ ئەسكى! نېمە دەپ كەلدىڭ؟ ماڭ، بۇندىن كېيىن ئىككىنچى مېنىڭ بوسوغامغا دەسسىگۈچى بولما!- دېگىنىچە ئىشىكنى «جالاققىدا» يېپىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بۇنداق زەربىگە ئالدىقاچان تەييارلىنىپ قويغان مەشرەپ ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، تەۋەككۈل قىلىپ هويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن سادىر ئاكىنىڭ ئاچچىقى كەلگىنىدىن ئۇنى تازا بىر ئەدەپلىمەكچى بولغانىدى، مەشرەپ پەس ئاۋازدا:

— سادىر ئاكا، مەن ئۆتكەنكى قىلىقىم ئۈچۈن سىلە بىلەن رەيهانگۈلدىن ئەپۇ سورىغىلى كەلدىم، - دەپلا يىغلاپ كەتتى.

شۇ چاغقىچە مەشرەپنىڭ يىغلاپ باققانلىقىنى كۆرمىگەن سادىر ئاكىنىمۇ يىغا تۇتتى. ئەكسىچە، دېرىزىدىن ماراپ تۇرغان رەيهانگۈل پىخىلداپ كۈلۈپ تاشلىدى. بۇ ئۇنىڭ بەخت كۈلكىسى، ۋىسال كۈلكىسى ئىدى. چۈنكى ئۇ، مەشرەپ «جازا»نى يۈۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلغان چاغدا، بايا ئۆزىگە قىلغان چاقچىقى ئۇنىڭ چىن يۈرەك سۆزى ئىكەنلىكىنى سېزىپ بەكمۇ بىئارام بولغانىدى. مانا ئەمدى رەيهانگۈلگە:

«مەشرەپ مەنمۇ...» دېيىشلا قالغانىدى.

مەھمۇد زەيدى

# «سۇدىن چىققان پەرىزات» ھەققىدە تەسىراتلار

11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇر شېئىرىيەت گۈلزارلىقىدا يۈزلىگەن شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى. شائىر تۇرسۇن نىيازنىڭ «سۇدىن چىققان پەرىزات» ناملىق شېئىر توپلىمى ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ توپلام 1988 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

توپلامغا شائىرنىڭ 80 - يىللاردا ئىجاد قىلغان بىر قىسىم شېئىر ۋە رۇبائىيلىرى كىرگۈزۈلگەن. بىز توپلامدىكى شېئىرلاردىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھەر قايسى ژانىر خىللىرىنى كۆرەلەيمىز.

توپلامدىكى شېئىرلاردا 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋەتكەندىن بۇيانقى مەيدانغا كەلگەن يېڭى ھايات، خەلقىمىزنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى بەدىئىي ۋاسىتىلار بىلەن مەدھىيىلەنگەن. شائىر تۇرسۇن نىياز ئۆز ئىجادىدا كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى شېئىرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلغان. مەلۇمكى ئەدەبىيات، جۈملىدىن شېئىرمۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى، خەلق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مۇھىم دەپ بىلىدۇ. خەلق ئۈچۈن جان - دىل بىلەن ئىشلەش، ئۆز ئېلىنى سۆيۈش ۋە تارىخقا نەزەر تاشلاپ ئەجدادلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىش، پاك، دىيانەتلىك بولۇپ، كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش شائىرنىڭ كۆزدە تۇتقان ئاساسىي مەقسىتى بولغان. توپلامدىكى «دەۋانىغا قاراپ»، «بەخت»، «كادىر ھەققىدە مۇخەممەس»، «ئۆمرۈمگە نەزەر»، ھەم «مەيىن شامال» قاتارلىق شېئىرلار يۇقىرىدىكى سۆزىمىز ئۈچۈن دەلىل - ئىسپات بولالايدۇ. بۇ شېئىرلار ئەقىل - ئىدراك نۇرى، ھېسسىياتلار يالقۇنى بىلەن يۇغۇرۇلغان ھەم مەزمۇنلۇق ھەم ھېسسىياتقا باي شېئىرلاردۇر. بۇ شېئىرلاردا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيە، كۆتۈرۈپ چىققان پىكىر بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن، قەلبى مېھرى - ۋاپاغا تولغان، گۈزەللىكنى سۆيۈپ ئۇنى قەدىرلىگەن، رەزىل ۋە يامان خاھىشلارغا قارشى تىزگىنچى پەزىلەت ئىگىلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. شائىر ئوتتۇرىغا قويغان پىكرىنى تولۇق بەدىئىي ۋاسىتىلار ياردىمى بىلەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئوبرازلىق قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان. مەسىلەن: «بەخت» سەرلەۋھىلىك شېئىردا بەخت - سائادەتنىڭ نېمىلىكىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن بىر قانچە تەرەپتىن ئىزاھلاپ ئىپادىلىگەن. قىسقىسى باشقىلار تېخى ئوتتۇرىغا



قويۇلمىغان بىر خىل شەكىلدە ئىپادىلىگەن:

سارغىيىپ پارنىك گۈلىدەك كۈنگە تەشنا بولغىچە،
تاغدىكى قارىغايغا ئوخشاش تاش يېرىپ ئۆسكەن بەخت.
سۆيگۈ بابىدا سەنەمنىڭ ۋەسلىگە يەتمەك ئۈچۈن،
دەشتۇ ـ چۆللەردە غېرىبتەك مىڭ جاپا چەككەن بەخت.
ئەل ئىشى بولسا گويا كى مىسلى بىر چوڭقۇر دېڭىز،
تەكتىگە يەتمەك ئۈچۈن تاشلاپ غۇلاچ ئۈزگەن بەخت.

بىز يۇقىرىدىكى مىسرالاردىن پارنىكتا ئۆسكەن گۈللەردە كۈچلۈك ھاياتىي كۈچ بولماسلىقىنى، شۇڭا بوران ـ چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىدىغان بولۇش ئۈچۈن، ئۆز ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ كۆزلىگەن مەقسىتى يولىدا چۆللەردە قالسىمۇ ئاشىقلارنىڭ نەمۇنىسى غېرىبتەك بەرداشلىق بېرىش لازىملىقىنى، سۇغا چۈشمەستىن سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. قىسقىسى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا چەككەن جاپا شەرەپلىك دېگەن تۇيغۇغا كېلىمىز. «كادىر ھەققىدە مۇخەممەس» دېگەن شېئىرىدا بۇ پىكىر تېخىمۇ نەپىس ئوخشىتىشلار بىلەن بېرىلگەن.

شائىر «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدىكى شېئىرىدا ئىنسان قەدىر ـ قىممىتىنى قەغەز بىلەن ئالتۇننى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن كۆرسىتىدۇ. نەزەردە، قەغەزدىن ئالتۇن ئۈستۈن كۆرۈنىدۇ، لېكىن شائىر ئىنسان ياراتقان مەنىۋى مىراسلار قەغەزگە پۈتۈلۈپ ساقلانغانلىقى تۈپەيلىدىن قەغەزدىكى ئىنسان تۆھپىسى ئالتۇندىن ئېشىپ چۈشىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ.

بىلدىمكى، دۇنيادا بىرلا ئۆلمەستىن
ياشاركەن ئىنساننىڭ تۆھپە، خىسلىتى.
شۇ سەۋەب بۇ ئۆلمەس شانلىق قامۇسنىڭ،
ئالتۇندىن مىڭ ئەلا ئىكەن قىممىتى.

شائىر ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش ۋە ياشلىقنى قەدىرلەشنى، كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇشقا ئوخشاش ئەدەپ ـ قائىدىلەر ئاشۇرۇشنى، بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەپ كۆرسىتىدۇ. «ساۋاق» دېگەن شېئىرىدا گۆدەك بىلەن چوڭ كىشىنىڭ ئوخشاشلا تىلىدىن، سۆزدىن ئىناۋەت قازىنىدىغانلىقىنى لېكىن گۆدەك بىلەن چوڭلارغا قويۇلغان تەلەپنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى كۆرسەتكەن. كلاسسىكلارمۇ گۆدەك، ئۆسمۈرلەرگە ئېتىبار قىلىپ، ئۇلارنى ئاسراش كېرەكلىكىنى ئېيتقان. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن تىل بولسا دىلنىڭ سادىق ۋەكىلى، كىشى كۆركى سۆز بىلەن، تاماق تەمى تۇز بىلەن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. تۇرسۇن نىيازىيەنە «مۇنداق باھا ئادىلمۇ»، «شېئىر دېسەم» ناملىق شېئىرلىرىدا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى بولغان تىل ۋە ئۇنى مۇۋاپىق قوللىنىشى، بەدىئىي ئەدەبىياتتا يازغۇچىنىڭ ئاساسلىق قورالى تىلنىڭ مۇھىملىقى قىزىقارلىق ئىپادىلەنگەن.

شېئىر دېسەم كۆز ئالدىمدا نامايان،
ئانا تىلىم — سەنئىتىمنىڭ جەۋھىرى.
نەجەۋھىرى، دىلدىن تىلغا تۆكۈلگەن،
شېرىن — شېكەر ھېس — تۇيغۇلار كەۋسىرى.

شېئىر دېسەم كېلەر يەنە ئالدىمغا،
ياۋغا ئەجەل — ئەلنىڭ پولات خەنجىرى.
ئۇلۇغ غايە، بىر مەقسەتتە تۇتاشقان،
مىليون دىلنىڭ پولات ئارقان، زەنجىرى.

دېمەك، بۇ قۇرلاردا ئاپتورنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ناھايىتى ئېنىق، لۇشۇن ئېيتقاندەك ھەر بىر مىسرا سۆز نۆۋىتى كەلگەندە دۇشمەنگە ئېتىلغان ئوق، نەيزە بولمىقى، نۆۋىتى كەلگەندە ھەر بىر مىسرا شېئىر كىشىلەرگە ئاراملىق، ھوزۇر بېغىشلىشى لازىم. ئېلىمىزنىڭ داڭلىق شائىرى ئەيچىڭ ئېيتقاندەك: شېئىر — ئىنسانلارنىڭ غايىگە تەلپۈنۈش جاسارىتىنى ئاشۇرىدىغان قورال دېگەنلىرىنى شائىرىمىز شېئىردىي يول بىلەن كۆرسەتتى. ھەقىقەتەن شېئىرىيەت — ئىنسان قەلبىنىڭ ئەينىكى، ئۇنىڭدا ئىنسانىنىڭ گۈزەللىككە تەلپۈنۈش ئىستىكى ئەكس ئېتىدۇ.

شائىر تۇرسۇن ئىيازنىڭ ئىجادىيىتىدە كىشىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى، كائىنات سىرلىرىنى بىلىشكە، ئۇنى تۇرلۇك شەكىللەر بىلەن ئىزھار قىلىشقا تىرىشقان. تەبىئەتنى قەدەھ قىلىش ئارقىلىق ئىنسان ئىرادىسىنى، ئىنساننىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى، رەزىل نەرسىلەرگە بولغان نەپرىتىنى قىسقا قۇرلار بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشقان. ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن ئەركىن، پاك مۇھەببەتكە مايىل جۇشقۇن ھېسسىياتىنى «سۇدىن چىققان پەرىزات» باللادىسىدا خېلى ياخشى ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن. مۇھەببەت — ئەڭ گۈزەل سېزىم، مەڭگۈلۈك تېما. مۇھەببەت كىشىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. مۇھەببەت مەسىلىسى ئۈستىدە ماركس بىلەن ئېنگېلسلارمۇ ئالاھىدە توختالغان. فرىدرىخ ئېنگېلس: «مۇھەببەت، خۇسۇسەن سەككىز يۈز يىلدىن بۇيان شۇنداق بىر ئەھمىيەتكە ۋە ئورۇنغا ئىگە بولدىكى، مۇشۇ دەۋردىكى، بارلىق شېئىر — قوشاقلار دەۋر قىلىپ پېقىرايدىغان ئوققا ئايلىنىپ قالدى»① دەپ كۆرسەتكەن. بۇ تېمىدا ئۇرغۇن شائىرلار يېزىپ كەلمەكتە. بىزنىڭ يازىدىغىنىمىز پرولېتارىياتنىڭ ساپ، چىن مۇھەببىتى، خەلق ئاممىسىنىڭ مۇھەببىتى، بۇرژۇئازىيىنىڭ شەھۋانىي مۇھەببىتى ئەمەس. شائىر تۇرسۇن ئىيازنىڭ كۆيلىگەن «سۇدىن چىققان پەرىزات»مۇ خەلق ئاممىسى ئىچىدىن چىققان، خەلق ياقتۇرغان، راۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن چىن مۇھەببەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا مۇھەببەتنى سىنايدىغان ھىجران، ئۇ زورلۇق بىلەن قىلىنىدىغان بېسىملارغا باش ئەگمەيدۇ. باللادىدا پاك مۇھەببەت، ساپ ۋىجدان، نومۇس، ئۆز سۆيگىنىگە ساداقەت ئىپادىلەنگەن. «مۇھەببەتتىن تاپار ئىنسان ئۆز بەختىنى، قوشۇلغاندا ئوگا ۋاپا، چىن

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 4- توم 229 - بەت.

ساداقەت» دەيدۇ، شائىر.

× × ×

توپلامدا 150 نەچچە رۇبائىي ۋە پارچىلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، يېڭى زامان ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى رۇبائىيچىلىقىمىزغا قوشۇلغان يېڭى گۈللەر دېيىشكە بولىدۇ. مەلۇمكى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە رۇبائىيچىلىق ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇنىڭ باشلىنىشىنى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى نەمۇنىلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقى ئەشۇ مىللىي ئەدەبىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلماقتا. رۇبائىي ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا كۆپىنچە تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ، پەلسەپىۋى قاراشلارنىڭ، دىداكتىكا — ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ، شۇنىڭدەك سۆيگۈ - مۇھەببەت ھەققىدىكى نازۇك تۇيغۇلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى جىلۋىلەندۈرۈپ كەلدى. شائىر تۇرسۇننىيازنىڭ «سۇدىن چىققان پەرىزات»ناملىق توپلىمىدىكى بىر قىسىم رۇبائىيلىرى يۇقىرىدىكى تەرەپكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ رۇبائىيلار بەدىئىيلىك جەھەتتىن كىشىگە ئىستېتىك زوق بېرىپ، كىشىلەرنى ئۆزىنى بىلىشكە، ۋەتىنىگە سادىق بولۇپ ۋىجدانىنى پاك ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

مەسىلەن:

كىمكى دۇنيادىن ئۆتسە ۋەتەنسىز،
ئۆلگەندە تېنىمۇ قالۇر كېپەنسىز.
مىسالى سەن قىسقان شۇ قىزىل غۇنچە،
ئېچىلغان قەيەردە باغۇ - چىمەنسىز.

×

گۈل گۈزەل ئېچىلماس يەردىن ئايرىلىپ،
جان ياشاپ تۇرالماس تەندىن ئايرىلىپ.
بېشىڭغا تاج كىيىپ ئۇچسا ئىمۇ كۆكتە،
تارالماس شۆھرىتىڭ ئەلدىن ئايرىلىپ.

(توپلام 115 - بەت)

ۋەتەن سۆيگەن ھەر بىر ۋەتەنپەرۋەر ئۆز ئېلىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ئارقىلىق ئۆزىگە قۇدرەتلىك كۈچ ھاسىل قىلىدۇ. مۇشۇ كۈچى بىلەن ھەر قانداق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىپ ئۇنى يېڭىدۇ.

رۇبائىيلارئىچىدە پىكىر بايلىقىنى ئاشۇرغان مۇھىم بىر تېما — مەرىپەتپەرۋەرلىك بولۇپ، شائىرنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش قىزغىنلىقى چاقناپ تۇرىدۇ.

نان تاتلىق، جان تاتلىق، توغقان ئەل تاتلىق،
يوق ئۇسسىز دۇنيادا ھەرگىز ھاياتلىق.
ئىلىم - پەن، مەرىپەت ئوزۇقى دىلنىڭ،
ئۇ بولماي ھاياتتا يوقتۇر چىن شادلىق.

AltunOq

« سۇدىن چىققان پەرىزات» سەھىپىسىدىكى رۇبائىيلار ئىچىدە ھەقىقىي گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك سېلىشتۇرۇلۇپ، كىشىلەرنى راستچىل ۋە پاك، سەمىمىيلىكتە ئۆندەيدىغان ۋە دوستلۇق - مۇھەببەت، ئىناۋەت ھەم دىيانەت، ھەقىقەت يولىدىكى قەھرىمانلىقنى ئىپادىلەيدىغان رۇبائىيلارمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. دۇنيانىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى، ماھىيەت شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىغا يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان رۇبائىيلارمۇ خېلى بار:

بىر خىشتا يول قويسا تامچى خاتاغا،
يەتكۈسى چوڭ زىيان جەزمەن بىناغا.
چۈمۈلە ئۆۋۈسى كىچىك دېمىگىن،
سەۋەبچى ئۇ دائىم توپان - بالاغا، — دەيدۇ.

( شۇ توپلام 116- بەت )

ئومۇمەن « سۇدىن چىققان پەرىزات » دېگەن كىتابتا كىشىلەرنى زوقلاندۇرىدىغان، ئۈمىدلەندۈرىدىغان، كېلەچەككە ئىنتىلدۈرىدىغان شېئىرلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن ياشلارمۇ، ياشانغانلارمۇ تېگىشلىك تەربىيىگە ئىگە بولالايدۇ. لېكىن ئالتۇن ساپ بولمايدۇ دېگەندەك توپلامدىكى بەزى شېئىرلارنىڭ ئايرىم مىسرالىرىدا مۇۋاپىق بولمىغان ئايرىم سۆزلەر كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدۇ. بۇلارنى كۆرسىتىپ ئۆتمىسەكمۇ، لېكىن بەزى شېئىرلارنىڭ بەك تۇتۇق ياكى شېئىرىيەت تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى قەيت قىلماي بولمايدۇ. توپلامدا « مەن ياخشىمۇ، يامانمۇ » سەرلەۋھىلىك بىر شېئىر بار، بۇنىڭدا ئۆمرىدە ياخشى نام ئالالمىغان « مەن » زارلايدۇ:

مەن ياخشىمۇ، ياكى يامان، بىلمەيمەن،
بىرى ياخشى، بىرى يامان دېيىشەر.
بۈگۈن ياخشى دېگەنلەرمۇ ئەتىسى،
بىر ئىشىمدىن قۇسۇر تېپىپ كۈلۈشەر.

ئالتە كۇپلېتلىق شېئىرنىڭ ھەر بىر كۇپلېتىدا بىرىنچى كۇپلېتتىكى بىرىنچى مىسرا تەكرارلىنىپ كېلىدۇ.

مەن ياخشىمۇ ياكى يامان، بىلمەيمەن،
لېكىن ياخشى بولالايمەن ئۆلمىسەم.
شەرتى ئۇنىڭ بىرى: تىلىم بولمىسا،
بىرى كۆزدە ھېچنەرسىنى كۆرمىسەم، — دېيىلىدۇ.

پۈتۈن شېئىر داۋامىدا بەرسەم ياخشى، بەرمىسەم يامان دېگەن مەزمۇن تەكرارلىنىپ، « مەن » گاچا، قارىغۇ سىياقىغا كىرىۋالغاندىلا ياخشى بولالايدىغانلىقى تەنە قىلىنغان. دۇرۇس، جەمئىيەتتە مۇنداق ئەھۋالنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن مۇشۇنداق،

شەكىلدە كۆرسىتىش مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قارايمەن.

ئاپتور بۇ يەردە ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتى «ھەرگىز ئايرىم پاكىت ۋە ئايرىم ھادىسىلەرنىڭلا ئېھتىياجىنى قاندۇرمايدۇ» غانلىقىنى، «ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى ئايرىم پاكىت ۋە ھادىسىلەردىنمۇ ئارتۇق تۇرىدۇ» غانلىقىنى چوڭقۇرراق ئويلانمىغاندەك قىلىدۇ، ھالبۇكى، شېئىرىيەت ئاشۇ يۇقىرىدىكى پرىنسىپلارنى تەتبىقلاپ كىشىلەرنى ياخشى ۋە گۈزەل نەرسىلەرگە ھېسداشلىق قىلىش، يامان، رەزىل نەرسىلەرگە غەزىپىنى قوزغاپ ئورنىدىن دەس تۇرىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشى كېرەك. خەلق قوشاقلىرىدا:

ئەل مېنى يامان دەيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقىنى!
كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ،
تىلەيمەن ئامانلىقىنى...

دېگەندەك لىرىكىلارمۇ بارغۇ؟ بۇنىڭدا «مەن» ئۆزىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى ئاقلايدۇ! ھالبۇكى، تۇرسۇن ئىيازنىڭ شېئىرىدا بولسا، «مەن» ئاق-قارىنى پەرق قىلالمايدىغان قىلىپ قويۇلغان.

مەن ياخشىمۇ، ياكى يامان، بىلمەيمەن...

پۈتۈن سەۋەنلىك مانا شۇ يەردە. ئەسلىدە بۇ بىر ياخشى ھەجۋىي شېئىر بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. لېكىن، ئىپادىلەش ماھارىتى ناتوغرا بولۇپ قالغان. ئەگەردە ئۇ يۇقىرىدىكى خەلق قوشىقى مېتودى ئاساسىدا يېزىلغان بولسا، ياخشى بىر ھەجۋىي شېئىر بولۇپ چىققان بولاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇ يەردىكى، «مەن» ئۆزىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىغا كۆزى يەتمەيدۇ. ھەتتا «ياخشى» ياكى «يامان» لىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۆلچىمى يوق. (شېئىردا «چۈنكى ئۇنى ئۆلچەيدىغان جىڭىم يوق» دېيىلىدۇ). «مەن» ئۈمىدسىز. «ئۆز تېنىمنى پۈچىلاپ بېرىپمۇ، ياخشى بولالمىدىم.» بۇ سۆز نە ھاجەت؟

بەدىئىي ئەسەر مۇنداق بىتەرەپ نەرسىلەر ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلماسلىقى لازىم. بەلكى كىشىلەرنى جۈرئەتلىك بولۇپ، باتۇرلۇققا ئۈگىتىشى كېرەك. «ئالسام، بەرمەسەم» دەيدىغان پېخسىقلار ئۈستىدىن پاش قىلىدىغان، ئوت ئاچىدىغان بولۇش لازىم.

توپلامدا يەنە «مۇھەببەت» ناملىق بىرلا كۇبلېت شېئىر بار. ئۇ:

ئېقىپ كىرگەن ۋۇجۇدۇمغا مۇھەببەت،
قورساقتىلا ئانام بەرگەن قان بىلەن.
تۈگەر بەلكى ئۇنىڭ ئۆچمەس يالقۇنى،
قان توختىسا، تەندىن چىقار جان بىلەن.-

دېيىلىدۇ. بۇ پىكىر مۇشۇنداقلا تومتاق ئوتتۇرىغا قويۇلغان، «شېئىر» دا ئېيتىلغاندەك بوۋاق تۇغۇلماستىلا ئۇنىڭدا مۇھەببەت بولغان. ئۇ كېيىن ئۆلگەن. جان چىقىش بىلەن مۇھەببەتمۇ تۈگىگەن. بىز پىكىرىمىزنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن تەمسىل قىلايلى: گۈل

تۇپراقنى يېرىپ ئۈندى. ئۇ يۇمران چېغىدىلا تېخى ئېچىلماي تۇرۇپلا نابۇت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىكى خۇش پۇراقمۇ تۈگىدى، دېسەك بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن ۋە قانداق تەربىيىسى بولسۇن. مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ ئۇ كىشىنىڭ قېنىدا بولامدۇ؟ ياكى يۈرىكىدە ياكى پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بولامدۇ؟ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىشىلەردە مۇھەببەتنىڭ يالقۇنى بولامدۇ؟ بىز مۇھەببەتنى فىزىئولوگىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئولتۇرمايمىز. مۇھىممى ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان تەسىراتنى ئىپادىلىيەمىزغۇ؟! بۇ قاتارلىق مەسىلىلەر بىزنىڭ دىققىتىمىزدىن نېرى تۇرمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، شائىر كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان شېئىرىي مۇھىت يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىسىنى چېكىشى، ئوت يېقىشى، تومۇرىدا ئىللىق بىر ئېقىم ھاسىل قىلىشى لازىم ئىدى! ئاپتور مۇھەببەت توغرىسىدا «سۈيدىن چىققان پەرىزات» دېگەن بالادىسىدا توختالغان ۋە «شېئىر دېسەم» ناملىق شېئىردىمۇ شېئىرنىڭ ئومۇمەن قانداق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختالغان. لېكىن ئاپتورنىڭ توپلىمىدا يۇقىرىدىكى بىر كۇپلېت «شېئىر» شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ باياnلىرىغا خىلاپ ھالدا سۈپەتسىز يېزىلىپ قالغان. بىزگە ئۇزاقتىن مەلۇمكى، «سەنئەتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ مىقدارى بىلەن ئەمەس، بەلكى سۈپىتى بىلەن بولىدۇ» (م. گوركىي).

شائىرنىڭ توپلىمىدىكى مۇتلەق كۆپ شېئىرلىرى چوڭقۇر ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ رەڭگارەڭ بەدىئىي شەكىللەر بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان شېئىرلاردۇر. ئۇ شېئىرلار مول تەسەۋۋۇرلۇق، تىلى ئاممىباپ ھەم چۈشىنىشلىك، ئىستىلىستىك ۋاسىتىلارنى جايىدا قوللانغان، كىتابخانلارغا ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. تۇرسۇن نىياز ئۆز ئىجادىيى جەريانىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھەر خىل ژانىر خىللىرىنى يېزىپ توپلىمىدا ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان مەنزىرىنى ھاسىل قىلىشقا تىرىشقان. تۇرسۇن نىياز ئۇمىدلىك تالانت ئىگىسى، ئۇ يالغۇز شېئىرىيەت بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، ژۇرنالىستلىق ۋە ئوبزورچىلىق بىلەنمۇ قويۇق مەشغۇل بولۇپ كەلمەكتە، بىز ئۇنىڭ مۇنىدىن كېيىنكى ئىشلىرىغا مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز،

1990 – يىل سېنتەبىر



غوجى ئەخمەت

# دېھقان شائىر تۇرسۇن ئاببا س ۋە ئۇنىڭ ساتىرىك شېئىرلىرى توغرىسىدا



خەلقىمىز، بولۇپمۇ دېھقانلىرىمىز چىن كۆڭلىدىن سۆيىدىغان دېھقان شائىر تۇرسۇن ئاببا س 1991 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مېڭىسىگە قان چۈشۈش تۈپەيلىدىن تۇشتۇمتۇت ۋاپات بولدى! بىزنىڭ ئەدەبىيات گۈلزارىمىز بىر سەھرا بۇلبۇلىدىن ئايرىلدى!

تۇرسۇن ئاببا س 1942 - يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياندۇرما يېزىسىدىكى چېقىل كەنتىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1955 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە يېڭىشەھەر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، شۇنىڭدىن كېيىن ساق 30 يىل يېزىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئۆتكۈر ساتىرىك شېئىرلارنى ئېلان قىلىپ، دىققەتكە سازاۋەر بولغان. كەتمەن بىلەن قەلەم تەڭكەش قىلىنغان بۇ 30 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا، ئۇ دېھقانلارنىڭ ھال - مۇڭى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەر خىل ژانىردىكى شېئىردىن 500 نەچچىنى يازدى، قاپىرىپ - قاداقلىشىپ كەتكەن قول بىلەن ئەرزان قەغەزلەرگە يېزىلغان بۇ شېئىرلار ھەر قېتىم ئېلان قىلىنغاندا، جەمئىيەتتە ئەكس سادا قوزغاپ تۇردى. 1987 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ «ئورماندىن سادا» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى («تاڭ قىزى» دېگەن بىرلەشمە توپلام ئىچىدە) نەشر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە يەنە بىر مەدەت بەردى. ئاپتور ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇر نەشرىياتىغا يەنە بىر شېئىرلار توپلىمىنى سۇنغانىدى.

بىز شائىرنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز.

— تەھرىردىن

ئۇنىڭ يۆلەنچۈكى خەلق، ئىشەنگىنى پارتىيە، قورالى قەلەم. ئۇنىڭ قىلغان گەپ - سۆزى كۈچلۈك، قىزىق، ئاساسىچلىك. ئۇ گەپنى گەپكە كېلىشتۈرۈپ شېئىر - قوشاق توقۇماستىن، خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالى، تىلەك - ئارزۇسى، غەم - قايغۇسى، ئۈمىد - ئىشەنچىسىنى يازىدۇ.

ئۇنى بۇ ناھىيە تەۋەسىدە تونۇمايدىغان ئادەملەر ئاز، ئۇ كىشىلەرنىڭ ياخشى

مەسلىھەتچىسى، خاپىلىق يەتكەن كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ مۇڭدىشىۋالسا پۇخادىن چىقىدۇ.

جەمئىيەتتىكى ئاز سانلىق ساپى ساياق ئىش ياقماس ھورۇن - لەۋالار، نادانكىشلەرنى ئالدايدىغان يالغانچى سوپى، موللا تونىغا ئورۇلىۋالغان كاززاپلار، ئۇنى قاغايدۇ، غاجايدۇ، قەستلەيدۇ. ئەمما ئۇ سەگەك، قەيسەر، ھەرگىز قورقۇپ - تەمتىرىمەستىن ھەققانىي ئىشنى قىلىۋېرىدۇ. بىرئايالنىڭ ئۇنى ئىزدىشى بىكار ئەمەس، ئەگەر بۇ ئايالنىڭ تارتقان خاپىلىقىنى ئۇ ئاڭلىسا نەزمە قىلىپ خەلق ئىچىگە يېيىۋېتىدۇ.

ئىقتىسادىي جازا - جەرىمانە، تەنقىد - تەربىيە كارقىلمىغان بىرقىسىم نومۇسسىزلار ئۇنىڭ نەزمىسى، خەلقنىڭ كۈلكىسىدىن قورقۇپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ئوڭشىلىپ كەتتى.

ئۇنىڭسائىرا دەپ يازغانلىرى مىڭ تاياقتىن يامان ئادەمنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان گەپ سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، قىچىشمىغان يەرنى قاشلىغاندەك، قىچىشتۇرمايدىغان ياكى ئېچىشتۇرمايدىغان شېئىرلاردىن بۇنىڭ يازغانلىرىنىڭ پەرقى چوڭ. لېكىن زە... نېمىشقىدۇر خەلققە ياققان بەزى ئادەم، بەزى نەرسىلەر كادىرلارغا ياقمايدىكەن. تېخى بىر قىسىم يۈز ئابرويلۇق كادىرلار ئالدىدا ھى، ھى دېيىشىپ قورسىقىدا ئۇنى ئۆچ كۆرىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچيېرى يوق، راست گەپنىڭ يېلتىزى چىڭ، ھىمايىچىسى كۆپ بولىدىكەن. ئۇنىڭ يازغانلىرى كېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋەرگەنسېرى ئۇنىڭ ئۈستىدە پىتنە - پاسات قىلغۇچىلارمۇ ئۇنىڭدىن ھۈركۈيدىغان بولۇپ قالدى. «يالاڭئاياغ سۇدىن قورقماپتۇ» دېگەندەك تۇرسۇن ئابباس دېھقان بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىۋالدى. ئۇ ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنىلا ئالقىشلاپ ئۈستۈرىدۇ. ناچار ئىش، ئەسكى قىلىقلارنى سۆكۈپ رەسۋا قىلىپ - چۆكۈرۈپ، خەلقنىڭ كۈلكىسى بىلەن ئوت ئاچىدۇ، كۈلكە بىلەنمۇ كۆپ كىشىلەر تۈزۈلۈپ، تۇرغۇن ئىشلار ئىزغا چۈشۈپ كېتىدىكەن. دېمىسىمۇ ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق قەن - ناۋات يەيدىغان كىم بار؟ ياخشى بىلەن يامان بىللە كۈن كەچۈرۈۋاتقان جەمئىيەتتە ھەممە نەرسە ئۈستۈنلۈك تالىشىدۇ. قايسى بىر ئۇخشىغان لەغمەننىڭ ئاچچىق سۇ، لازىسى يوق؟ قايسى كۈچلۈك ئوكۇل - دورا ئاغرىتمايدۇ؟ تۇرسۇن ئابباسنىڭ يازغانلىرى ئاتام ئېيتقان بايىقى شېئىرلاردىن ئەمەس. ئۇ جەمئىيەتتىكى ئاچىزلىق، كىشلەردىكى ئاغرىقلارنى داۋالاپ ساقايتىدىغان دورا...

يېقىنقىلار قەشقەر ۋىلايەتلىك ناھىيە، يانداۋما يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دېھقان شائىر تۇرسۇن ئابباس ۋە ئۇنىڭ ساتىرىك شېئىرلىرى توغرىسىدا ھەر خىل سۆز-لەرنى ئاڭلىغانلىرىمدىن بىر قىسمى. مەن تۇرسۇن ئابباسنى ئىزدىگەن ھېلىقى ئايالدىن نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەيدىغانلىقىنى سورۇشتۇرغىنىمدا، «ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئېيتىمەن، باشقا ھېچقانداق كىشىگە دېمەيمەن» دېگەن. كېيىن ئاڭلىسام، ئۇ ئىگە چاقىسىز بىر قىز بولۇپ، مەلۇم يېزا كادىرىنىڭ ئۆيىدە بالا باققۇچى، خىزمەتكار بولۇپ تۇرغان. ئۇ، ھېلىقى كادىر تەرەپتىن ئالدانغان، خورلانغان، ئىپپەت - نومۇسى بۇزۇلغان، بۇھەقتە تۇرسۇن ئابباس تېگىشلىك ئورگانلارغا ئەرز يېزىپ بەرگەن.

مەلۇم يېزىدىكى بىر ئادەم ھۆددە يەر ئالماي، ئىش - ئەمگەك قىلماي، قىمارۋاز-

لىقنى كەسىپ قىلىۋېلىپ نۇرغۇن زىيان تارتقان. ئاقىۋەت كۈن كەچۈرۈشكە ئامالسىز قىلىپ، شۇ يېزىدىكى پاختا زاۋۇتىغا كىرىپ چېچىلغان، تۆكۈلگەن پاختىلارنى تېرىپ سېتىپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلىۋالغان. ئۇ ھەر يىلى پاختا سېتىۋېلىش مەزگىلىدە بەزىدە پىرىيومچى، بەزىدە پاختىكار قىياپىتىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ كىشىلەرنىڭ كۆزى غەلەت بولغان ھامان ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن كانتىلاپ پاختا تېرىپ ساتقان، بۇنداق غەلىتە پاختىكارلارنىڭ ئوخشاشمىغان جايلاردا ئوخشاشمىغان ئۇسۇل بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن شائىر «بۇتە يىيار تاپىلىق — ئاقىۋىتى ئوغۇرلۇققا باشلايدىغان خەتەرلىك يول» دەپ تۈزىتىش ئۈچۈن «غەيرىي سوپەت پاختىكار» دېگەن ساتىرانى يازغان، ساتىرا «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سابىق يېزا مەسئۇللىرىدىن بىرى شائىرنى چاقىرتىپ: «سىنىڭ دەستىڭدىن دېھقانلار ئۆزىگە چۈشلۈك ئىش، خىزمەت تېپىپ قىلالمايدۇ، پاختا زاۋۇتتا چېچىلىپ كەتكەن پاختىلارنى تېرىپ ساتسا نېمىسى يامان؟! سەن بەش پۇڭلۇق نومۇر ھەققىنى ئۈچ موچەنگە چىقاردى دەپ دوختۇرخانىنى، باھانى كەلسە - كەلمەس ئۆستۈردى دەپ بازارنى، «ھاڭادىكى ھايانكەش» دەپ سۇ قۇرۇلۇشى، ئېرىق - ئۆستەڭلىرىمىزنى، «ۋۇدۇسكىسىز داگېزىدىن» دەپ سودا - سانائەت ئورۇنلىرىمىزنى، ھەتتا ئىختىيارچە ئۇشاق - چۈشەك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىمۇ ئۆستۈرۈپ سېتىپ «ئۆستۈرۈش شامىلى» پەيدا قىلدى دەپ يەككە تىجارەتچى، رەۋەندە، قاسساپ، ناۋايلىرىمىزنى ئالا قويىماي سۆكتۈڭ، مۇشۇ يازغانلىرىڭغا ئۆزۈڭ باھا بېرىپ باق!» دەپ گېزىت - ژۇرناللارنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىغان ۋە كايىغان. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى گاھى ئۇنداق، گاھى مۇنداق ناھەق تىل - ھاقارەت ئاڭلىسىمۇ قەلەم ئىشىنى ئاڭلىق ھالدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ بىر قىسمى دەپ تونۇغان شائىر ئېغىر-بېسىق ھالدا «سىلىمۇ ئويلىنىپ باقسىلا، بىر پاختەكنىڭ چاڭگىسىنى بىر كىشى مىنىڭ ئۆگزەمدىكى پاخالدىنلا توشۇپ ئېلىنغان دېسە قاملاشمايدۇ. پاختەك ئۆز چاڭگىسىنى ھەر يەر - ھەر يەرلەردىكى ئۇشاق - چۈشەك، ئوت - چۆپلەردىن قوراشتۇرىدۇ. مىنىڭ يازغانلىرىم ئەدەبىي ئەسەر، ئەدەبىيات ئەدەبىياتچە بولىدۇ» دېگەندە «گەپچىلىك قىلماي، زىيان تارتمىسائىلا قىلىۋېرىڭلار!» - دېگەن.

ئاز كۈن ئۆتمەي ھېلىقى «غەيرىي سوپەت پاختىكار» ئوبرازىنىڭ پىروتوتىپى قوتراپ: «مەن تۇرسۇن ئابباستىن ئۆچ ئالىمەن، مۇشۇ تاشنى يانچۇقۇمغا سېلىپ يۈرگىلى بىر ھەپتە بولدى» دېگەن. شائىر ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ «مەندىن راستىن ئۆچ ئالماقچى بولىدىكەنمۇ، مەندە نېمە ئۆچۈڭ بار؟» دېگەندە ھېلىقى ئادەم «مېنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە چاقىرتىپ، سەن بۇندىن كېيىن پاختا زاۋۇتىغا كىرگۈچى بولما، سېنى تۇرسۇن ئابباس گېزىتكە يېزىپتۇ» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يانچۇقۇمغا تاش سېلىپ يۈردۈم، تۇيۇقسىز تۇرغانىدا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەي، دېگەنتىم» - دەپ يانچۇقىدىكى تاشنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەن. ئاقكۆڭۈل شائىر ھېلىقى كىشىگە گېزىتنى بېرىپ «بۇنىڭدا سىنىڭ ئىسمىڭ يوق، سىنى گېزىتكە يېزىپتۇ دېگەن ئادەم قاپاقباش، ئەقلىي نەپسىنىڭ ئاستىدا قالغان دۆت ئىكەن، سەن بۇنى يېزىدىكى ئوقۇتقۇچىلارغا ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ باق» دېگەن. مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ھېلىقى ئادەم ئۆزىنىڭ ساۋاتسىز-نادانلىقى،

ئالدىراڭغۇ ئەخمەقلىقى تۆپەيلىدىن بېشىغا كېلىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتنى تۇرسۇن ئاب-باسىنىڭ مەردانىلىق بىلەن توسۇپ قالغانلىقىنى، ھېلىقى كادىرنىڭ كېرەككە كەلمەس كىشى ئىكەنلىكىنى ئامما ئارىسىدا سۆزلەپ يۈرگەن.

مەلۇم يېزا دوختۇرخانىسى دېھقانلاردىن ئېلىپ كېلىۋاتقان بەش پۇڭلۇق كېسەل كۆرسىتىش نومېر ھەققىنى ئۈچ موچەنگە ئۆستۈرگەن. بۇنىڭغا دېھقانلار كۆپ نارازى بولغان، شائىر «نومۇر ھەققى ئالغاندا» دېگەن ساتىرانى يېزىپ گېزىتتە ئېلان قىلغاندىن كېيىن، دوختورخانا نومۇر ھەققىنى ئىككى موچەنگە چۈشۈرۈپ، ئۆز پىكرى بىلەن گېزىتنى قوشۇپ يوقىرىغا يوللىغان. دوختورخانا خىزمەتچىلىرى ھازىرغىچە شائىرغا سوغۇق قاراپ يۈرگەن.

ئۇنىڭ شېئىر-ساتىرالىرى بىر - بىرىدىن قىزىق، ئىخچام، يېنىك، يېقىملىق بولغاچقا، دېھقانلار يادلىۋالغان، شائىر مۇشۇ زاماننى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ. «مەن، - دەيدۇ ئۇ، - مۇشۇ دەۋرگە ئۇلۇشۇۋالمىغان بولسام بۇ چاققا ھايات قالماي يىتتىم. ماڭا زامان قۇچاق ئاچتى. شېئىر يېزىشنى باشلىغاندىن تارتىپ يازغان شېئىرلىرىمدىن ياخشىراقلىرىنى يولداش مۇتەللىپ ئىبراھىمنىڭ شېئىرلىرى بىلەن بىرلەشمە توپلام قىلىپ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئېلان قىلدى. «تاڭ قىزى» دېگەن بۇ توپلام ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مېنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئاشىقلىق قىزغىنلىقىم تېخىمۇ ئاشتى. ئەڭ مۇھىمى مەن زامانىمىزنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ سۆيىمەن. مېنىڭ كۆپرەك ساتىرىك شېئىرلارنى يېزىشتىكى مەقسىتىم، جەمئىيەتنى تۈزەش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە ئازراق بولسىمۇ ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت».

خۇش چاقچاق، ئوچۇق كۆڭۈل، ساددادىل، ساپ تىلغا ئىگە دېھقان شائىرنىڭ «شۇمۇ تېخنىك بولدىمۇ»، «كەلكۈندىن ئالغان نەپ»، «يالغان ماركا»، «يەڭ ئىچىدە»، «ئازغان نەزمىسى»، «ئىنساپ»، «قانداق كەسىپ ئەھلى بۇ»، «پارىخورلۇق ئىللىتى»، «سۇلياۋ يوپۇق ياپقاندا» قاتارلىق بىر يۈز يىگىرمە پارچىدىن ئارتۇق شېئىر-ساتىرالىرى ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. بۇ مەلۇم ئىجتىمائىي ۋەقەلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان ئېپىك شېئىرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، خەلقنىڭ، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھىمايىسىگە ئىگە. مەسىلەن: «شىكايەت» دېگەن شېئىرنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: بىر دېھقان پاكىز تېرىگەن كېۋەزنى ئۆز يېزىسىدىكى پاختا زاۋۇتىغا ئېلىپ بارسا بىرمەھەل ئەلەملىك تونۇش پىرىيومچى ئۇچىنچى دەرىجىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىككى نۆۋەت قايتۇرۇۋېتكەن. غەزەپلەنگەن پاختىكار پاختىنى قوشنا يېزا پاختا زاۋۇتىغا ئاپىرىپ بىرىنچى دەرىجىگە ساتقان.

يەنە مەلۇم بىر ئىدارە ئۆز ئىچىدىكى ناچار قىلمىشلارنى تۈزەش ئۈچۈن «پاش قىلمىش ساندۇقى» ئورناتقان. لېكىن ئىككى يىلغىچە پاش قىلمىش ساندۇقىغا ھېچنەرسە چۈشمىگەن. بىر كۈنى تەقدىرلەش خېتى تاشلانغان. پاش قىلمىش ساندۇقىدىن تەقدىرلەش خېتى چىققانلىقىنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشكەن، ئەسلىدە پاش قىلمىش ساندۇقىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىدارە باشلىقى ئۆز يېنىدا ساقلىغان، تەقدىرلەش خېتى چىققاندا ئىدارە باشلىقى ئىزا تارتماستىن «بىزدە پاش قىلغىدەك ھېچنەرسە يوق ئىكەن، بارلىق پاك - دىيانەت بىزدە مەۋجۇت» دەپ كۆرەڭلىگەن. كىشىلەر پاش قىلمىش ساندۇقىنىڭ ئاچقۇچىنى مەخسۇس ئورگان تۇتسا ئاندىن پاش بولامدۇ؟ دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ساندۇق يېنى-

دىكى كۆلكىدىن بۇ ساتىرا پۈتۈپ چىققان.

ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى خەلق ئىچىدە قوشاققا ئايلىنىپ كەتكەن.

مەسىلەن:

قەستەن ئۆرە كاساتلىق،
قولايسىزدۇر ھايانغا.
ئەرزانچىلىق مۇناسىپ،
بىزنىڭ دەۋر-زامانغا.

(«بازاردىن ئىنكاس» تىن)

ئالدىنئالا ئەپ تۇرغان،
ھەر خىل چىقىم تالۇنسىز.
راستىن ئېيتسام بۇ سېلىق،
كەلسە-كەلمەس قانۇنسىز.

ھەل قىلمىسا ئەھۋالنى،
يۇقىرىغا دېسەكمۇ؛
سۈت چىققىلى ساغسا كىم،
دېھقان سېغىن ئىنەكمۇ؟

(«دېھقان سېغىن ئىنەكمۇ» تىن)

بۇ ئوكۇلنى كىم بەرگەن،
ھايانكەشنىڭ قولىغا؟
ئوت كەتسىچۇ «گۆر» قىلىپ،
كېپىنىگە، گورىغا.

(«يەڭ ئىچىدە» دىن)

ھۆددە يەرنى بىكاردىن،
ئارتۇق يازسا بولامدۇ؟
ئۇلار ئېيتىپ باقسۇنچۇ،
يەر دېگەنمۇ تۇغامدۇ؟

ئوغۇت كەلسە تەخسىلەپ،
تاپان ھەققى قوشىدۇ.
ھېساب ئالسا ھەققانى،
سۆكۈرەلمەي قۇسىدۇ.

دېگەن كۇپلېتلارنىمۇ ئاساسىي ۋەقەلىكى، پاكىتى ناھايىتى كۈچلۈك. بۇ جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مەسئۇلىيەت ئۆتەشنى شائىرانە ئۇسۇل دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: ئاختۇناھىيە بازىرىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا قاتتىق غەزەپلىنىپ يازغان «مېنىڭ نەزمەم» دېگەن شېئىرىدا:

كىشىنىڭ مىللىتى ئىسپات ئەمەس ياخشى - يامانلىققا،
لېكىن مۇھتاج جىمى مىللەت ئىناقلىق تىنچ - ئامانلىققا.
«غازات» دەيدۇ، «ستان» دەيدۇ بۆلۈنسە بۆرە موك يەيدۇ،
تېگى - تەھتى ئۇنىڭ باشلاش قەبىھ شۇملۇق زاۋاللىققا.
خۇراپاتلىق بىلەن تەڭ مىگلىغان ئامما گادايلاشقان،
ھالاللىققا توخۇ، ھەتتا مۈشۈك قالماي ھاراملىققا.
يەكۈنلەپ چىن ساۋاقلارنى ئېسىدە ساقلىغان خەلقىم،
كېيىكىردەككىچە تويغان بۇ ھەقتە گول - نادانلىققا.
ئۆزىنى ئەۋلىيا چاغلاپ بۆلەكلەرنى سۆكۈپ قاپاش،
باراۋەر خۇددى ئوت ياققان بىلەن كونا سامانلىققا.

دەپ يېزىش ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىناقلىق - بىرلىككە ھەممە مىللەتنىڭ مۇھتاجلىقىنى كۆرسەتكەن.

ئۇ، بەزى دېھقانلارنىڭ پارتىيە سىياسىتىدىن گۇمانلىنىپ غەم قىلىدۋاتقىنىنى سېزىپ،

مۇستەھكەم تۇرۇپ:

ئىشەن دوستۇم، ئېسىلمايدۇ يەنىمۇ داشقازان ئەمدى،
بۇ مەسئۇلىيەت تۈزۈم قولغا كەلمىگەن ئانچە ئاسان ئەمدى.—

دەپ پارتىيىمىزنىڭ يېزىلاردىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى كەڭ تەشۋىق قىلغان.

ئاياللارنى پەس كۆرۈش، قورچاق ئورنىدا ھېسابلاش، بالىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىشتەك فېئوداللىق خاھىشىنى تەنقىد قىلىپ يازغان «ئاچراشقاندا» دېگەن ساتىراسىدا:

قارا قانچە سەبىي پەرزەنت،
بىكاردىن خار، يېتىم بولدى.
نىكاھىڭنى ساناپ باقسا،
بۇ دەم قانچە قېتىم بولدى؟

سېنىڭچە توي خېتى ئالماق،
ھۆججىتىمۇ ساماننىڭ؟
لايىق ئەمەس قىلمىقىڭ،
تەسىر دېگە زامانىڭ.—

دەپ يازىدۇ.

مەن شائىر بولۇش ئارزۇسىدىن كەچمەي كېلىۋاتقان ئادەملەردىن بىرى بولۇش سۈپىتىدە شېئىرنى، شائىرلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئەپسۇسلىنىدىغىنىم ئەگەر گېزىتكە مۇشتىرىلاردىن بىرەر پارچە خەت يېزىلسا، خەت ئىگىسىدىن جاۋاب ياكى چۈشەندۈرۈشلەر يېزىلىدۇ. يېزىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن شائىرلارنىڭ شېئىر - ساتىرىلىرى ئۈستىدە نۇرغۇن گەپ - سۆزلەر بولسىمۇ مەتبۇئاتتا ئۇچۇق - ئاشكارا مۇلاھىزە ئاز كۆرۈلىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر، ھەتتا تۆۋەندە رەھبەر بولۇپ تۇرغۇچىلار «ئۇنداق نەرسىلەرنى يازغان بىلەن كىمنىڭ كارى بار؟ سىياسەت دېگەن سىياسەت، خىزمەت دېگەن خىزمەت، تەشۋىق دېگەن تەشۋىق» دېيىشىدىكەن. زادى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان شېئىرلارنىڭ قىممىتى بارمۇ - يوق، ئۇ نەرسىلەر يېزىلغاندىن كېيىن قانچىلىق رولى بولدى. شېئىرنى كىشىلەر راستىن ياقتۇرماس بولۇپ كەتتىمۇ، ئۇنداق بولسا بىزنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىمىز كەسىپ ئۆزگەرتىشى كېرەكمۇ، نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن ئوغۇل - قىزلار ھەتتا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر - بىرىگە يازغان سالام خەتلىرىدە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن سىتاتا كەلتۈرىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلدى، شائىر بولماق، شېئىر يازماق زادى باشقا كەسىپكە قارىغاندا ئوڭايمۇ، ئۇنداق بولسا نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىنى تاماملىغان يېڭى كۈچلار بىلەن شائىرلىرىمىزنىڭ قاتارى زور دەرىجىدە كېڭىيىپ، يازغان شېئىرلارنىڭ ساپاسى نېمە

ئۈچۈن ئۆسمەيدۇ، نېمە ئۈچۈن كىشىلەر شېئىردىن زېرىكىدۇ، قانداق شېئىرلاردىن زېرىكىۋاتىدۇ، خەلق ياقتۇرىدىغان شېئىرلارنى يازىدىغانلار نېمە بولدى، نېمە ئۈچۈن زامانىمىزنى سۆيىدىغان ياخشى ئادەملەر جىق، ياخشى شېئىرلار ئاز، «ئاتام ئېيتقان بايىقى» دېمەك ئوخشاي، ئاتام ئېيتمىغان بايىقلارنى كىم ئېيتىدۇ، بىزنىڭ تەنقىدچى — تەتقىقاتچىلىرىمىز نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارمۇ كەلگۈسى ئۈچۈن يېزىۋاتامدۇ؟...

تۇرسۇن ئابباس دېھقان شائىر، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مەھەللىۋىلىك — يەرلىك پۇراق قويۇق. «ئۇ بۈگۈنلا ئەسقاتىدىغان شېئىرلارنى يازىدۇ» دېگەن گەپلەرنىمۇ ئاڭلىدىم. تۇنۇگۈننى يازغان ئەسەرلەرنى ئۆتكەنكى ئىشلار دەپ يارىتمىساق، بۈگۈنكى يازغانلارنى كۆزگە ئىلمىساق، ئۆزىمىزنىڭ قىلغان گەپ — سۆزلىرىمىزنى كىشىلەر چۈشەنمىسە، «شېئىردىن كىشىلەر زېرىكتى، كەلگۈسى ئۈچۈن يازىمەن، مېنىڭ يازغانلىرىمنى كەلگۈسىدىكى كىشىلەر چۈشىنىدۇ» دېسەك، بۇنىڭغا چۈشەنچە بەرگۈچىلەردىنمۇ رەنجىمەك، زادى شائىر — يازغۇچى دېگەن كىشىلەر ئۆز زامانىسىنىڭ ئادەملىرىمۇ، قانداق، ئۇلار ئۆز زامانىسىنى زامانداشلىرى ئۆزلىرىنى سۆيگەندەك ئارتۇق سۆيەلەمدۇ، يوق؟ تۇرسۇن ئابباس بىر دېھقان شائىر، ئۇنىڭ يۈكى ئېغىر، قولىدا كەتمەن ھەم قەلەم بار. يېقىندا ئۇنى يېزىلىق ھۆكۈمەت بازار كۈنلىرى بازار باشقۇرۇش ھەم باج ئېلىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە چاقىرغان. بۇنى ئاڭلىغان يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرى «باجگىرنى چىشلىگەن ئىت جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن گەپ بار، ئۇنداق ئىشنى قىلما» دېگەن. تۇرسۇن ئابباس شۇئان: «باجگىرنى تونۇيالايدىغان ئەۋلىيا ئىت بولمىغاندەك، ئىت كىرىدىغان جەننەتمۇ بولمىسا كېرەك، ئەگەر ئىتمۇ جەننەتكە كىرىدىغان بولسا، جەننەتنىڭمۇ ئارزۇ قىلغۇچىلىكى يوق ئىكەن» دەپ جاۋاب بېرىپ، ئىشنى قىلىۋەرگەن.

مەن جەمئىيىتىمىزنى جەننەتتىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىغان، دەۋرىمىزگە ئىخلاس قىلىپ زوق — شوق بىلەن ئىشلەيدىغان ئىجادچان شائىرلارنى ھۆرمەتلەيمەن. قىسقا — قىسقا شېئىر، ساتىرالىرى بىلەن ئاممىغا تونۇلۇپ كەتكەن شائىرنى شۇنچە ئۇزۇن گەپ قىلىپ تولۇقراق تونۇشتۇرالمىغانلىقىمنى ئۆكۈنىشىمدىكى ئاجىزلىق دەپ قارايمەن. دەۋرىمىزنىڭ جەڭگىۋار شوئارلىرى، ھازىر جاۋاب شائىرلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېلان قىلمىش ئەسەرلىرىگە تەشنامەن.

تۇرسۇن ئابباس

# ساتىرالار

## ساندۇق يېنىدىكى كۈلكە

كۆپلىگەن جاي - ئورۇنغا
پىكىر ساندۇق ئېسىلغان.
بۇنىڭدىن پاش قىلىنىشنىڭ
داغدام يولى ئېچىلغان.

بۇ ساندۇقنىڭ بىرىنى
بېسىپ كەتكەن توپا - چاڭ.
خەت چەك - پىكىر چۈشمىگەن،
ئاي - يىل ئۆتۈپ، قارىساڭ.

بىر كۈنىسى ئۇنىڭغا
« ئالقىش خېتى » تاشلانغان.
ئاڭلىغانلار تېلىقىپ،
كۈلكە - مازاق باشلانغان.

تەنقىدلىمەي، ئەجىبا،
بەتنىيەتنى بۇ ساندۇق؛
« تەقدىرلەش » تە تەكتىدىن،
بىرەر سەۋەب بارمۇ، يوق؟

كېيىن ئۇقساق ئاچقۇچنى،
باشلىق ئۆزى ساقلىغان.
شۇڭا ئاشۇ ئورۇندا،
پاكلىق ئىشى ئاقمىغان.

ئەشۇ ساندۇق باشلىقنىڭ
كۆز - ئالدىغا ئېسىلغان.
پاش قىلغۇچى ئۇنىڭدىن
ئەيمىنىپ بەك قىسىلغان.

بۇ ساندۇقنى باشقۇرسا،
مەخسۇس ئورگان، تارماقلار؛
ئاندىن ئىش ھەل بولمامدۇ،
چاتاق چىقسا قانداقلا؟!

## شىكايەت

پىرىنسىپقا قىلمىغاچ
بەزى ئادەم ئىتائەت؛
ئاڭلاپ قالدىم ئۈستىمدىن،
ئېچىنىشلىق شىكايەت؛

« ئېلىپ باردىم زاۋۇتقا،
ئون قاپ كېۋەز ساتقىلى.
بىر كۈن ئۆتتى قۇرۇ تۇرۇپ،
ساقلاپ كۈتۈپ ياتقىلى.

سان - سۈپەتكە كۆيۈنۈپ،
قىلمىغىنىم قالمىدى.
قانچە قىلسام، يېلىنسام،
سەل مۇۋاپىق ئالمىدى.»

دەيدۇ كۆرۈپ ھەر قېتىم:
« ئۈچىنچىگە ئالىمەن،



ئەگەر يەنە بەرمىسەڭ،
ئۆز لەۋزىڭدە قالمىسەڭ».

ئۇنداق قىلسام، بۇ ئېخى،
دەسلەپ تۇرسا تېپىشىم؛
كەم تەگمەيدۇ قولۇمغا
نەچچە ئۇنكوي ئېلىشىم؟

كېۋىزىمنى قايتۇرۇپ،
باشقا يەرگە ھەيدىدىم.
ئارتۇق جاپا چەكسەممۇ،
رىسقىمنى ساق يەي دېدىم.

قوشنا زاۋۇت كۆرۈپلا،
«بىرىنچى» گە ئەپكەتتى.
يەنە بولسا ئالىمىز،
رەھمەت ساڭا! ـ دەپ كەتتى.

كېۋەز ئوخشاش، مەن ئوخشاش،
دەرىجىسى ئېگىز ـ پەس.
بۇ ئىشلارغا «توۋا...» دەپ،
بولۇپ قالدىم ھەيران ـ ھەس!

## بۇ قانداق مۇلازىمەت؟

كۆزگى بوغداي تېرىشقا،
ھوسۇلنى مول ئېلىشقا.
توغرا كەلدى يەرگىمۇ
كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشقا.

شۇڭا چاپسان ـ ئالدىراپ،
بارسام بازار ئارىلاپ.
ئاران تەگدى ماڭىمۇ،
«كۆك ئوغۇت» تىن ئالتە قاپ.

كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈدۈم،
(يۈراپ، قولدا ئۇۋۇلۇدۇم.)
گۇمان قىلىپ بىر ھازا،
چارە تاپماي تۇرمۇدۇم.

ئۇنى دەرھال ئۆلچەتتىم،
(تېخنىكلارغا كۆرسەتتىم.)
نېمە ۋەقە بۇ زادى،
ئىشىنىڭ تەكتىگە يەتتىم!

ھەم دەرىجە، ھەم سۈپەت،
يەتمەس ئۆلچەمگە پەقەت.
كۆرۈپ ـ بايقاپ ئالمىغان،
بۇ قانداق مۇلازىمەت؟!

چىپتا ـ قاپقا ئېلىنسا،
ماركىسى ساق يېزىلسا؛
خىمىيەۋى ئوغۇتمىش،
دېھقانغىلا سېتىلسا!

## بازاردىن ئىنكاس

«بوغداي ئەرزان، نان قىممەت،
چارۋا ئەرزان، گۆش قىممەت»ـ
دەيدۇ ھەر كۈن، ھەر يەردە،
پۈتكۈل ئەھلى جامائەت.

چارەك ئۇنىنىڭ خېمىرىنى،
ناۋاي ئاتمىش ئۈزگەندۇ.
ھايان ئېلىپ تەگمۇ ـ تەڭ،
راسلىقىغا پۈتكەندۇ.

چۆچۈرىدەك تۈگۈلگەن،
بىر يۈەنگە تۆت سامسا.
تېپىلمايدۇ تۈزۈك گۆش،
كۆڭۈل تارتىپ يەپ سالسا.

چولتا ئەمەس قوي ئالسا،
دەڭسەپ كۆرگەن قاسساپمۇ.

چوق چىقمىغاچ كەسپىدىن،
قالماس كۆڭلى ئاقساپمۇ.

تۇتۇپ تۇرغان ھاياتنى،
دېھقاندىكى ئاشلىق، مال.
بولالمايدۇ ئۇنىڭسىز،
ئالتۇن ـ يامبۇ ھېچبىر دال.

شۇڭا ئۇلار مۇۋاپىق
تۆۋەنلەتسە باھانى.
ئەرزان بەرگەن دېھقانغا،
ماسلاشتۇرۇپ بازارنى.

قەستەن ئۆرە ـ كاساتلىق،
قولايسىزدۇر ھاياتقا.
ئەرزانچىلىق مۇناسىپ،
بىزنىڭ دەۋر ـ زاماندا.

**دېھقان «سېغىن ئىنەكمۇ؟»**

سانىساق بىز يەتمەيتتى،
لېللا سېلىق توققۇزغا.
«تاپان ھەققى» قوشۇلۇپ،
باردى بىر كەم ئوتتۇزغا.

ھۆددە يەرنى بىكاردىن،
ئارتۇق يازسا بولامدۇ؟
ئۇلار ئېيتىپ باقسۇنچۇ،
يەر دېگەنمۇ تۇغامدۇ؟

خاشۇ ياپسام كېۋەزگە،
ئون ئۈچ كىلو ئەتىياز؛
ئون تۆت كىلو يېزىپتۇ،
نەپسى يامان شانسىياز.

كانتىلانغان ئۆزىچە،
ھەر خىل سورتلۇق ئورۇقلۇق.
سېزىپ قالساڭ، ئۆچ ئېلىش،
«قاپقانلىرى» قورۇقلۇق!

ئوغۇت كەلسە تەقسىملەپ،
«تاپان ھەققى» قوشۇدۇ.
ئېنىقلىسا ھەققانى،
سۈكۈرەلمەي قوسۇدۇ!

ئالدىن ـ ئالا ئەپتۇرغان،
قىسمەن چىقىم تالۇنسىز.
راستىن ئېيتسام بۇ سېلىق،
كەلسە ـ كەلمەس قانۇنسىز!

تۆگمەيدۇ كەچكۈزدە،
ۋاي ئۇ ھەققى ـ بۇ ھەققى.
دەيدۇ ئەگەر چاك چىقسا،
«بۇلتۇر قالغان سۇ ھەققى!»

ھەل قىلمىسا ئەھۋالنى،
شۇ ئورۇنغا دېسەكمۇ؛
سۈت چىقىملىق ساغسا كىم
دېھقان سېغىن ئىنەكمۇ؟

**ئەركىن ئەبەيدۇللا**

## ئاچچىق - چۈچۈك تۇيغۇلار

### سۆز بېشى

ئاچچىق ـ چۈچۈك تۇيغۇلار،
خىيالىمغا كەپ قالدى.

كۆرۈك دوستۇم، قەلىمىم
قىينى يازغىن، دەپ قالدى.
چولتا كەلگەچ بۇ تىلىم،
جىق گەپلىرىم قەپقالدى.

## بۆرىنىڭ سىرى

«ھەر قانداق سۈرەت — مەنىدىن دالالەت بەرمەيدۇ، ھەر قانداق چوڭ ئاۋاز ۋە ھەيۋىگە ئىشىنىپ كەتكۈلۈك ئەمەس.»

(«كەلىلە ۋە دىمنە» دىن)

كېتىۋاتسا ئىككى چوڭ بۆرە،
ئاڭلىنىپتۇ دەھشەتلىك بىر ئۈن.
تىترىگەچكە تاغۇ - تاشلارمۇ،
مېڭەلەردىن چىقىپتۇ تۈتۈن.

ھالسىزلىنىپ يېتىپتۇ چوڭى،
خېلىغىچە ھۇشىنى تاپالماي.
«مار اپ باقسەن، ئۇ قانداق مەخلۇق؟»
كىچىكىگە دەپتۇ قاچالماي.

تورغان ئىمىش كەلگۈسىز مەخلۇق،
ئېگىزلىكى دەرەخلەرچە بار.
ئۆڭكۈرلەرگە ئوخشىسا كۆزى،
ئىمىش گويا ئېغىزلىرى «غار».

ئالمان - تالمان كېلىپ كىچىكى،
كۆرگىنىنى قىلىپتۇ بايان.
قورقۇنچلۇق مەنزىرە بىردىن،
نەزەرلەردە بولۇپتۇ ئايان ...

«قىلىقلىرى — دەپتۇ ئۇ، - بىراق،
بەئەينىلا سىزگە ئوخشايدۇ.
ھەيۋىسى سەت، خورىكى ھەم چوڭ،
ئەتراپلارغا تېز - تېز قارايدۇ.

سىز نېمىگىدەك ئىكەن قول، پۇتى،
پەرزىمىگە كەلمەيدۇ ھېچ شەك.»
«شۇنداقمۇ؟- دەپ خۇرسىنىپ چوڭى،
دەپتۇ: بىكار مەڭدەپتىمەن بەك.

يولىمىزغا بولالىيلى راۋان،
مەندەك بولسا يېمەيلى كۆپ غەم.
ھەيۋە دېگەن قورۇق پوپوزا،
بىلمەمتىڭسەن تېخى كالتە پەم!؟»

## كومۇتىنىڭ ئاقىۋىتى

ئۆي ئىچىگە ئاپئاقتىنە نۇرلار چېچىپ،
يانسا چىراغ بىر چىرايلىق جامال ئېچىپ،
قاراڭغۇلۇق نەلەرگىدۇر كەتتى قېچىپ.

غىڭشىپ غەلۋە باشلىغىلى تۇردى شۇئان،
كۈچلۈك نۇرغا چىدىمىغان كومۇتىخان،
دەردىدىن ئېيتتى چىراغقا تېز، ساقلاي دەپ جان.

مەن بىر ئوزۇق تاپقىچە سەن ئۆچۈپ تۇرساڭ،
يا بولمىسا باشقا ياققا كۆچۈپ تۇرساڭ،
بىردەم «يورۇش» نىيىتىڭدىن كېچىپ تۇرساڭ.

«نۇر بەرمىسەم ھېچنەرسىگە كېرىكىم يوق،
نۇر چاچماقتىن باشقا مېنىڭ تىلىكىم يوق،
نۇر بولغاندا ئاندىن سوقار يۈرىكىم، ئوق!»

«قاراڭغۇدا چۈنكى ھەممە نۇرغا تەشنا...»
دېسە چىراغ، نەرە تارتىپ كېلىپ ئاكا،
ئۆچۈرەي دەپ كۆيدى كومۇت، بولدى رەسۋا.

## ياغاچنىڭ دوستى

ياغاچ ئېيتتى: يېقىن يولىما،
سېنىڭسىزمۇ يوقكۈم ئازمىدى؟
قۇرت دېدى: مەھلىيا ئەيلەر،
مېنى نازۇك بەدىنىڭ ھىدى.

شۇنچە باتۇر، مەزمۇتسەن جۇمۇ،
«كەلدىم ساڭا مەسلىكىم ئېشىپ»
...............
ئۇۋا تۇتتى ياغاچتىن قۇرت،
باشلىۋەتتى يېيىشنى تېشىپ.

× ×

ياغاچ «دوست» دەپ شېرىن ئۇيقۇدا،
قۇرت ئوينار، لەززىز تۇيغۇدا

پالقۇن

## ئون ئەدىب بىلەن ئون سوئال ئۈستىدە سۆھبەت

ئىلىمىز ئەدەبىيات – سەنئىتىنىڭ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس – بەستە سايراش» يۈنىلىشى ئەدەبىيات – سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ جەرياندا سەنئەتكارلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇشقا، ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ تۈپكى قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش بەس-مۇنازىرە ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئەدەبىيات – سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا يۈزلەندى.

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا گەرچە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكىدەك «زور» ئۆزگىرىشلەر بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى «ئۆزگىرىش»لەرنىڭ شامىلى تىنچ ئۇيقىدا ياتقان ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتتى. بۇنىڭ روشەن ئىنكاسى شېئىرىيىتىمىزدا «كۈڭگا» دەپ ئاتالغان يېڭى شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ھەمدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان «ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا» دېگەن تېما ئاستىدىكى بەس – مۇنازىرىلەرنىڭ شەكىللىنىشى بولدى.

مەن ئەنە شۇ يېڭىلىنىشنى مەقسەت قىلغان «ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا» نىڭ داۋامى سۈپىتىدە كىتابخانلار ۋە قەلەمداشلار نەزەرىگە «ئون ئەدىپ بىلەن ئون سوئال ئۈستىدە سۆھبەت» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى سۆھبەت خاتىرىسىنى تەييارلىدىم.

سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە تەقدىرى توغرىسىدىكى بەس – مۇنازىرىنىڭ چوڭقۇرلۇشىشىغا تۈرتكە بولۇشتىنلا ئىبارەت.

1 – سوئال: سىز «تارىم» ۋە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1988 – يىللىق سانلىرىدا «ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا» ماۋزۇسى ئاستىدا ئېلان قىلىنغان سۆھبەت خاتىرىسىدىكى كۆز قاراشلارغا نىسبەتەن قانداق قاراشتا بولدىڭىز؟

**ھاجى ئەخمەت:**

ئىزدىنىش، يېڭىلاش — ئەسەبىيلەرچە كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاش ياكى قارىغۇلارچە چۆكۈرۈش – ئىنكار قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلمىي بەس – مۇنازىرە جەريانىدا راۋاجلىنىپ قۇدرەت تاپىدۇ.

«ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا» تېمىسىدىكى سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇنازىرە سەھنىسىدىكى ياخشى باشلىنىش بولدى. قاتماللىق، تورغۇنلۇق – بۇرۇختۇملۇق ھالىتىنى بۇزۇشقا قارىتىلغان بۇنداق يېڭىلاش — ئىسلاھاتچىلىق روھى چوقۇم قوللاشقا ئەرزىيدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدا سۆھبەتلەر

**تۇرسۇن نىياز:**

ئىزدىنىش روھى — ئىجاد قىلىش روھى، يېڭىلىق يارىتىش روھى. يول ئىزدىنىش ئارقىلىق ئېچىلىدۇ. مەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بولىدىغان ھەر قانداق «ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا» روھىغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيمەن. شۇنىسى ئېنىق بولۇشى كېرەككى، شېئىرىيىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى - كونىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەگرى - توقاي چاتقاللار ئارىسىدىن ئۆزىگە خاس يول ئېچىپ ماڭىدىغان ياش ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ!

**ئابلىمىت ھاجى:**

ئىزدىنىش — يېڭىلىققا تەلپۈنگەن روھنىڭ ئىپادىسى. بۇنداق روھ بولمايدىكەن، ئىجادىيەتمۇ بولمايدۇ. ئىجادىيەت ماھىيەتتە بىر خىل جۇشقۇن روھنىڭ ئىزدىنىش نەتىجىسى. سەئدى: «ئىلىم مۇنازىرىسىز راۋاجلانماس» دېگەن. مۇنازىرە دېمەك — غۇلغۇلا دېمەكتۇر. شۇنداق ئىكەن «غۇۋا»، «تۇتۇق»، «گۇڭگا» دەپ ئاتالغان شېئىرلارنىڭ مەيدانغا چىقىشى شېئىرىيەت تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر جەريان، مېنىڭچە، بۇ خىل شېئىرلار ئوتتۇرىغا چىقسا چىقىۋەرسۇن، رېئاللىق ياكى قوبۇل قىلىدۇ، ياكى چەتكە قېقىۋېتىدۇ. بىر مەزگىللىك ئەمەلىيەتتىن كېيىن تارىخ خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئالدىراپ ھۆكۈم قىلماسلىقىمىز، ھېسسىياتقىمۇ بېرىلمەسلىكىمىز، ئەنئەنىۋى قاراشلارغىمۇ ئېسىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك.

«بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» يۆنىلىشى بويىچە بىر تال گۈل سۈپىتىدە ئېچىلىپ باقسۇن. شېئىر — ئويۇنچۇق ئەمەس، ئۇ پىكىر، غايە، خىتابنامە، جەڭگىۋار كىيىمى، روھنىڭ مۇزىكىسى، شۇڭا بۇ شېئىرلارنى چەتكە قېقىشقىمۇ، ئەنگۈشتەر دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇزاق ۋاقىتلىق سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈش لازىم. مەن ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتىكى شېئىرلارنىڭ قىممىتىگە ناھايىتى زور ئەھمىيەت بىلەن قارايمەن. شېئىرىيەتتىكى ئىزدىنىشلەرگىمۇ سەل قارىمايمەن. يېڭى ئۇسلۇب، يېڭى ئېقىملار تۇرمۇشتىن چەتنەپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**مىرزاھىد كېرىمى:**

يېڭى شېئىرلار—كىشىلەر تەرىپىدىن «گۇڭگا»، «تۇتۇق» دەپ ئاتىلىۋاتقان شېئىرلاردۇر. مېنىڭچە بۇنداق ئاتاش توغرا بولغان ئىلمىي يەكۈن ئەمەس. يېڭى شېئىرلار ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شۇنداقلا دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەكىلدۇر. بۇ خىل شېئىرلار شوئارۋازلىقتىن، مەدھىيىچىلىكتىن، قاتماللىقتىن خالىي. ئوقۇغان كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان، پىكىرنى قانات ئەتلەندۈرۈپ تەسەۋۋۇرنى كېڭەيتىدىغان شېئىرلاردۇر. شەكىلنىڭ ئاددىيلىقى، مەزمۇنىنىڭ تىرەنلىكى، مىسرالىرىنىڭ ئەركىنلىكى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى بۇ خىل شېئىرلارنىڭ توپ خۇسۇسىيىتىدۇر. مەن بۇ خىل شېئىرلارنى ياقتۇرىمەن. شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەر قانداق يېڭى شەيئى نۇقساندىن خالىي ئەمەس. يېڭى شېئىرلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. شۇڭا يېڭى شېئىرلارنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن بىز ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەر...

لىك، دورامچىلىق تۇپەيلى نەزەردىن چۈشۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. كۆرەڭلەپ مەنمەنلىك قىلىشقا، پېشقەدەملەرنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بۇخىل شېئىرلارمۇ شېئىرىيىتىمىز ئىچىدىكى بىر گۈل بولۇپ ئېچىلىۋېرىدۇ. بۇ توغرىدا تۈرلۈك ئەنسىرەشلەرنىڭ بولۇشى ئورۇنسىز. ئۇنىڭغا يول قويۇش شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق.

**ئابلىز ئۆمەر:**

بۇنداق شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا — ھەر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىدىن بارلىققا كەلگەن تارىخىي مۇقەررەرلىك. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بارلىق ئېسىل مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئىلغار ئامىللىرىنى دادىل قوبۇل قىلىش — سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ توغرا يولى. بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ئىستىقبالى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە، خەلقىمىزنىڭ قوبۇل قىلىشىغا باغلىق. بۇ خىل شېئىرلارنى يازغۇچىلارنىڭ مۇددىئاسى توغرا بولۇپ، قانداقتۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئىنكار قىلىش بولمىسا؛ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە قانداقتۇر «قانچە غۇۋا بولسا شۇنچە ياخشى» دەپ قارالمىسا، ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزدىن مۇۋاپىق ئورۇن ئېلىشى مۇمكىن. مېنىڭچە بۇ خىل شېئىرلارغا تۇتۇلىدىغان باھادا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىغا، خەلقنىڭ باھالىشىغا، تارىخنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا قالدۇرۇش كېرەك.

**تاھىر تالىپ:**

مەن جىبرانىنىڭ: «سەنئەت — ئاشكارا ئالەمدىن، يوشۇرۇن ئالەمگە تاشلانغان تۇنجى قەدەمدۇر» دېگەن سۆزىگە ئېتىقاد قىلىمەن.

مەن يەنە شۇنى چۈشەندىمكى، نورمال ھالەتتىكى روپاش ئاياللاردىن باشقا يەنە بەزى غەيرىي نورمال روپاس ئاياللار باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش، باشقىلارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈنلا روپاش بولۇۋالىدىكەن. ئادەم شۇنداق غەلىتە نەرسىكى، ئوچۇق-ئاشكارا نەرسىلەرگە ئانچە قىزىقمايدۇ، يوشۇرۇن ياكى پەردە ئىچىدىكى نەرسىلەرگە، سىرلىقلاشتۇرۇلغان نەرسىلەرگە بەكرەك قىزىقىدىكەن. بۇنىڭدا غەلىتىلىكلەرگە قىزىقىشتىن باشقا يەنە بىر «سىر» — «تەييارغا ھەييار» بولۇشنى خالىماي، ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، پەردە ئارقىسىدىكى نەرسىنى تېپىشقا قىزىقىش، ئۆزى چايناپ تەمىنى تېتىشتىن ئىبارەت «سىر» باردەك قىلىدۇ. مېنىڭچە ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ شۇنداق بولغىنى ياخشى. ئەدەبىي ئەسەر كىشىلەرنى ئويلاندۇرۇشى، كىشىلەرگە زوق بېرىشى، كىشىلەرنى لەززەتلەندۈرۈشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شېئىرىيىتىمىزدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، كىشىلەرنى ئويلاندۇرىدىغان نۇرغۇن ياخشى شېئىرلار مەيدانغا چىقتى. بۇ ئالقىشلاشقا ئەرزىيدىغان ئىشتۇر. بۇ بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىك. يەنە جىبرانىنىڭ سۆزى بىلەن سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇراي: «ئانا قەلبىدە جىم تۇرغان شېئىر، بالا ئاغزىدىن چىقىدۇ».

**ئۇچقۇن:**

ئوخشاش بولمىغان مۇلاھىزىلەر جەريانىدا ئىلىم راۋاجلىنىدۇ. يېڭى شېئىرلار

توغرىسىدا ھەرخىل ئىنكاسلارنىڭ بولۇشى نورمال ئەھۋال. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى پەقەت «ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا» ئارقىلىقلا ئۆز كامالىتىنى نامايەن قىلالايدۇ. ياش ئىزدەنگۈچىلەر جاپالىق ئىزدىنىپ، پايدىلىق مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى يارىتىدىغان ئىلىم مۇنبىرىنىڭ تامچىلىرى ئىككەنلىكىنى ئىسپاتلىشى كېرەك.

**جېلىلى:**

«ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا» ماۋزۇسى ئاستىدىكى سۆھبەت خاتىرىسىدىكى كۆز قاراشلار مۇنداق ئىككى نۇقتىغا مەركەزلەشكەن: بىرى، بۇ شېئىرلارنىڭ مەيدانىغا چىقىشى ياخشى بولدى، ئۇ شېئىرىيەت تەرەققىياتىدىكى زور ئۆزگىرىش، ئۇنى قوللاش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، دېگەن قاراش. ئىككىنچىسى، بۇ خىل شېئىرلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى ياقتۇرماسلىق، ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىنكار قىلىش. مېنىڭچە، بۇ خىل شېئىرلارنىڭ شېئىرىيەت بېغىمىزدا يېڭى ئېچىلىۋاتقان ئۆزگىچە خۇشپۇراقلىق ئىككە بىر گۈل. ھەممە شېئىرنى «گۇڭگا» لاشتۇرۇش، ھەممە شېئىرنى «ئاشكارىلاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلار خاتا.

قايسى خىل شەكىلنىڭ ئاممىنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش رولى كۈچلۈك بولسا، شۇنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا يەنە بىر نەچچە راۋاجلاندۇرۇشقا تېگىشلىك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**قاۋسىلقان قامچان:**

سۆھبەت خاتىرىسىدىكى ئاپتورلارنىڭ قاراشلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇشۇ مۇلاھىزە ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىسى — ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئىستىقبالىغا، زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىگە مەركەزلەشكەن. يېڭى شېئىرلارنىڭ شېئىرىيەت زېمىنىگە كىرىپ، شېئىرىيەت تۆپىرىقىدا مۇناسىپ ئورۇن ئىگىلەپ، مېۋە بېرىشكە تەييارلىنىشى يوللۇق.

2 - سوئال: سىزنىڭچە بۇ شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىش زۆرۈرىيىتى بارمۇ-قانداق؟

**ھاجى ئەخمەت:**

تەبىئەت دۇنياسى ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن گۈزەل بولغىنىدەك، شېئىرىيەت گۈلزارىمۇ قانچە رەڭدار بولسا شۇنچە گۈزەللىشىدۇ. «گۇڭگا» شېئىرلارمۇ شېئىرىيەت گۈلزارىنىڭ ئۆزىگە خاس رەڭ ۋە پۇراققا ئىگە بىر گۈلى. ھەر قانداق يېڭى شەيئى دەۋرنىڭ تەقەززاسى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ، دېمەك «گۇڭگا» شېئىرلارمۇ دەۋر تەقەززاسىنىڭ مەھسۇلى.

ئۇنىڭ راۋاج تېپىشى ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىشى پەرۋىشكە ھەم كىلىماتقا باغلىق. ھە، راست، بۇ يەردە سىزنىڭ — «شېئىر ھەققىدە ئويلىنىۋاتىمەن» دېگەن ماقالىنى بەزىلەر «يېڭى شېئىرغا جايىدا بېرىلگەن زەربە» دېيىشمەكتە، سىزنىڭچىمۇ شۇنداقمۇ؟ -دېگەن سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىپ ئۆتەي: مەن ئۇ ماقالەمدە ھەرگىزمۇ «خائىن تاغلار» شېئىرىنى تەنقىدلەش نىيىتىدە بولمىدىم، ئەگەر بەزىلەر مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى «تەنقىد» دەپ چۈشەنگەن بولسا، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ گۇمانخورلۇقى سەۋەبچى بولغان. خالاس! ئالتۇننىڭ يۈزىگە توپا چېچىش بىلەن ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنۇش — بىھۇدە

ئاۋارىچىلىقتۇر. «خائىن تاغلار» ساپ ئالتۇندىن ياسالغان ئەتىۋارلىق بۇيۇم. مەن بۇ شېئىر توغرۇلۇق كۆڭلۈمدە «تۆت قۇرغا چېچىۋېتىلگەن سۆزلەرنى بىر قۇرغا يىغىنچاقلىساق، شېئىرنىڭ مەنتىقىلىقلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ، جۇلاسى ئاشاتتى» دېيىش ئارقىلىق «مۇنداقراق شەكىلدە ياسالغان بولسا!» دېگەن ئارزۇيۇمنىلا ئىپادىلىدىم. ھەر قانداق ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرۈپ تاللىغان نەرسىنىڭ ئۆزى بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان رەڭ ۋە شەكىلگە ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ئەقەللى ساۋات. بۇ ئارزۇ شۇ كىشىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىدىن تۇغۇلىدۇ.

**تۇرسۇن نىياز:**

مەن «غۇۋا»، «گۇڭگا» دېگەن بىر قاتار ئاتالغۇلارنىڭ بۇ يېڭى شېئىرلارنىڭ نامى بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى بۇ خىل ئاتالغۇ — شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي شەكىلگە، شېئىري ھېسسىيات ۋە شېئىري پىكىرنىڭ چوڭقۇر، يوشۇرۇن ئىپادىلىنىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مېنىڭچە بىز سۆيگەن گۈزەللىكنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئۇنىڭ بىزگە تېخى تونۇشلۇق بولمىغان يوشۇرۇن سېھرى كۈچىدە. كىشىلەر ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان نەرسىلەرگە ئانچە قىزىقمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزى بىلمىگەن ۋە كۆرمىگەن نەرسىلەرگە ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن قارايدۇ. دېمەك شېئىرنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ جەلپكارلىقى — يەنىلا پىكىر جەھەتتىكى يېڭىلىق ۋە يوشۇرۇن سېھرى كۈچتە بولسا كېرەك.

**جېلىلى :**

بۇ خىل شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى — ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

**ئۇچقۇن :**

بۇ خىل شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئىلىمنىڭ بىر خىل ساھەسىنىڭ تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ خىل شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ «زۆرۈر» ياكى ئەمەسلىكىنى ھېچكىشى ئالدىن ئالا ھۆكۈم قىلالمايدۇ. يەنىلا «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت» دېگەن گەپ دۇرۇستۇر.

3 - سوئال: بەزىلەر نۆۋەتتە ئەدەبىيات يۆنىلىشىنىڭ رەتكە سېلىنىشىنى «يېڭى شېئىر يازىدىغانلار ئۈچۈن زەربە بولدى، قارشى پىكىردىكىلەر ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۆتۈش» دەپ ئىزاھلاشماقتا، سىزنىڭچىمۇ شۇنداقمىدۇ؟

**ھاجى ئەخمەت :**

نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات — سەنئەت يۆنىلىشىدە بۇنداق بەلگىلىمە يوق.

**تۇرسۇن نىياز:**

بۇ خىل قاراشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق.

**جېلىلى :** بۇنداق قاراش پۈتۈنلەي خاتا بولىدۇ. چۈنكى، يېڭى شېئىرلارنى يېزىش قانداقتۇر «بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش» ئەمەس.

**ئۇچقۇن :**

مەن ئۇنداق قارىمايمەن . يېڭى شېئىرلار تېخى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ .

**قاۋسىلقان قامچان :**

مېنىڭچە بۇ خىل قاراش توغرا ئەمەس . چۈنكى ، بۇ خىل شېئىرلار بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئىپادىسى ئەمەس . بۇ شېئىرلارمۇ ئۆز شەكلى بويىچە سوتسىيالىستىك رېئالىزمنى ، سوتسىيالىزمنىڭ مېۋىلىرىنى ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ، ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە .

4 - سوئال : سىز « شېئىر » ۋە « شائىر » دېگەن ئاتالغۇغا نىسبەتەن قانداق چۈشەنچىدە ؟

**ھاجى ئەخمەت :**

شېئىر — ھەقىقەت ۋە ئېزگۈلۈك ئاسمىنىدا چاقنىغان نۇر ،
شائىر — يولچى يۇلتۇز .

**تۇرسۇن نىياز :**

شائىر — دىل ئاسمىنىغا ھۆكۈمران بۇلۇت ،
ئىلھام — يەر - كۆكنى لەرزىگە سالغۇچى گۈلدۈرماما ،
شېئىر — چاقىلغان قەلب دالاسىغا تامچىغان يامغۇر .

**مىرزاھىد كېرىمى :**

مېنىڭچە شائىر ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز نامىغا لايىق ھالدا بىلىمگە ، ياخشى پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى زۆرۈر . ياخشى پەزىلەت ۋە خىسلەتنى يازغان شېئىرى ئارقىلىق باشقىلارغا بېرىۋېتىپ ئۆزى پەزىلەتسىز ، خىسلەتسىز بولۇپ قالسا ، دىلى يازغىنى بىلەن ئوخشىمىسا نەزەردىن چۈشۈپ قالىدۇ . ئۆزىنىڭ تالانتى ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ ، ئۆزىنى نەپرەتكە قالدۇرىدۇ .

**ئابلىز ئۆمەر :**

مەن شېئىرنى ئىنسانىنىڭ قەلبىدە قوزغالغان ھېس - تۇيغۇنىڭ پارتلىشى ، چوغلانغان يۈرەكنىڭ ھارارەت پۈركۈشى ، دەۋرنىڭ رېتىمى ، ۋىجداننىڭ چاقىرىقى دەپ قارايمەن . خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەڭ يارقىن پىكىر ، گۈزەل شەكىل ، ئوبرازلىق تىل ياردىمى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە يۇغۇرۇپ ، روھىيەت ئالىمىنى يورۇتقۇچى كىشى — شائىردۇر . مېنىڭچە شائىردا يۈكسەك بەدىئىي تالانت بىلەن ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت بولۇشى زۆرۈر . شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى گۈزەل قەلبى ، ئادىمىيلىكى ، ياخشى پەزىلىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشى ، ھەرگىزمۇ شېئىرىنى كۆرۈشكە بولىدىغان ، ئۆزىنى كۆرۈشكە بولمايدىغان چاكىنىلاردىن بولۇپ قالماسلىقى كېرەك . «سېنىڭ روھىڭ خەلقنىڭ روھى بىلەن بىر بولغاندىلا ، ۋىجدانىڭ خەلقنىڭ ۋىجدانى بولغاندىلا ، دېگەنلىرىڭ خەلقنىڭ

يۈرەك سۆزى بولغاندىلا، ئىزدىگەنلىرىڭ خەلقنىڭ ئىزدىگەنلىرى بولغاندىلا، خەلق ساڭا شائىرلىق تاجىنى كەيگۈزىدۇ.»

يېقىندىن بۇيان مەتبۇئاتلىرىمىز بىر قىسىم ياش ھەۋەسكارلارغا «شائىر» لىق قالپىقىنى ئايىماي تەقدىم قىلىۋېرىدىغان بولۇپ قالدى. نەتىجىدە بۇ ياش «شائىر» لار ئەسەرگە باش قاتۇرۇپ ئىشلىمەي، ئۆزلىرىگە ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىسىم ـــ تەخەللۇس ـ لارنى ئىزدەش بىلەن بولۇپكەتتى. مېنىڭچە بۇ ياش ھەۋەسكارلىرىمىزغا نىسبەتەن ئەگرى يول! شائىرلىق ـــ بىرەر ئورگان ئەمەس، ئۇ خەلق بېرىدىغان ئالىي ئۇنۋان. ئۇنىڭغا ئەگرى يول بىلەن ئېرىشىشكە ئۇرۇنۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئالدى بىلەن خەلققە سەرخىل مەنىۋى مەھسۇلات بېرىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇش لازىم. شۇندىلا «شائىر» ئاتالغۇ ـ سىنىڭ مەنىسىنى بىر ئاز چۈشەنگەن بولىمىز.

**جېلىلى :**

بەزىدە «دەريادا ئاققانلارنىڭ ھەممىسى تاش ئەمەس، شېئىر يازغانلارنىڭ ھەممىسى شائىر ئەمەس» دېگەن گەپ بار. مېنىڭچە شائىر شېئىر يازغۇچى ئەمەس، شېئىر ئىجاد قىلغۇچىدۇر.

ئىجاد قىلىش ـــ يېڭىنى يارىتىش دېمەكتۇر. شېئىر ئەنە شۇ ئىجادكارنىڭ جاپالىق مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

**ئۇچقۇن :**

پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر كۈچىگە ئىگە ھەر قانداق كىشىدە شېئىرى تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتىنىڭ بولۇشى نورمال ئەھۋال. لېكىن بۇنداق ھېسسىيات ۋە تۇيغۇغا ئىگە بولغانلارنىڭ ھەممىسى شېئىر يازالمايدۇ ۋە شائىر بولالمايدۇ. خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ 1959 ـ يىلىدىكى جېڭجۇ يىغىنىدا: «شېئىر يېزىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلەمەيدۇ، شېئىرى ئىستەك بولسا ئاندىن شېئىر يېزىش لازىم. قانداقسىگە يازىدۇ؟ ھەر بىر ئادەم بىر پارچە شېئىر يازسۇن دېيىلسە بۇ دىئالېكتىكىغا خىلاپ» دەپ كۆرسەتكەندەك دەۋرنىڭ ئېكى، مىللەتنىڭ روھىي تۈۋرۈكى، ئېتىقادىنىڭ پاكىز ئەينىكى بولۇش ـــ شائىرلىقنىڭ ئۆلچىمى بولۇشى كېرەك.

**ئابلەت ئىسمائىل :**

شائىرلىق ھەۋىسى ماڭا زاكامدىن تەككەن. قىرىق يېشىمغىچە بۇنىڭدىن باشقا تامادا بولالمىدىم. ئەپسۇس مەن شائىر بولالمىدىم. مېنىڭچە ھەقىقىي شائىر دانىكو بولۇشى كېرەك. مەن شائىر بولۇش ئارزۇسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەردىن خەت ۋە «شېئىرلار» نى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەتمىش ياشلار چامىسىدىكى پېشقەدەملەر، ئۇلار پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئىچى پۇشۇپ شائىرلىق يولىنى تاللىۋالغان. يەنە بەزىلىرى ئون نەچچە ياشلىق ئۆسمۈر بالىلار بولۇپ باشلانغۇچ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇقىرى مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كېيىن ئاچچىقىدا «شائىر» لىق يولىنى تاللىۋالغان، گويا شائىرلىق يولى پاراۋانلىق يولىدەك. يەنە نام ـ ئاتاق ئۈچۈن بۇ يولغا تە ـ ۋەككۈل قىلىدىغانلارمۇ بار. ھەممىگە مەلۇمكى، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئېتىقادلىق،

ئىرىشچان ئادەملەرلا ئىجادكار بولالايدۇ. ئىجادىيەت يولى «نامراتلارغا يار - يۆلەك بولىدىغان»، «بەشتەكا پالەتلەندۈرگۈچىلەرگە قۇتقۇزۇش بېرىدىغان» ساخاۋەت يولى ئەمەس. ھەممە ئادەم بۇ يولغا سىغدىلىۋالسا شېئىرنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، بەدىئىي زوق ئالىدىغان ئادەم قالمىسا، شېئىرنىڭ قىممىتى نېمە بولار؟ دېمەكچى بولغىنىم شۇكى: ئالتۇن بىلەن قۇمنىڭ پەرقى بولسۇن.

5 - سوئال: سىز نۆۋەتتىكى شېئىرىيىتىمىزنى قانداق بولۇشى كېرەك دەپ قارايسىز؟

**ھاجى ئەخمەت:**

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھازىر داۋالغۇش ئىچىدە چوڭ سىناققا دۇچ كەلمەكتە. تەبىئىيكى ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا بۇرۇندىن بار بولغان بەزى نەرسىلەرنى يوقىتىدۇ، يېڭى ھۆجەيرىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بىلەن ئۆزىنى تولۇقلايدۇ ۋە تاكامۇللاشتۇرىدۇ. مەن شېئىرىيىتىمىزنىڭ بەختلىك ئىنسانىنىڭ چۈشىدەك گۈزەل، پالۋاننىڭ تېنىدەك ساغلام، پارلاق كەلگۈسىدەك غايىۋى، قورام تاشنىڭ باغرىنى يېرىپ چىققان يۇمران گىياھدەك قۇدرەتلىك، مېۋىلىك دەرەختەك خەلققە مەنپەئەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تۇرسۇن نىياز:**

شېئىرىيىتىمىز خىلمۇ خىل گۈللەردىن تۈزۈلگەن گۈلدەستىدەك كۆركەم، جەلبكار بولۇشى، خىلمۇ خىل شەكىل ۋە بەدىئىي ئۇسۇللار تەڭ راۋاجلىنىشى كېرەك.

**ئابلىمىت ھاجى:**

خەلقىمىز تارىختىن بۇيان جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك، پىكرى ئوچۇق شېئىرلارغا ئامراق. ھازىر خەلق ئارىسىدا «شېئىردىن بىزار بولۇش» تۇيغۇسى مەۋجۇت. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ شېئىرى ھېسسىياتىنىڭ كەملىكى، تىلدىكى قاتماللىق، شەكىل جەھەتتىكى قېلىپبازلىق، دەۋر ئېڭى، خەلق روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ يېتەرسىزلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولۇۋاتىدۇ. يەنە ئوبرازلارنىڭ مەنتىقىسىزلىكىمۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى قىستايدۇ. مەن ل. مۇتەللىپ بىلەن تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ شېئىرلىرىنى ياقتۇرىمەن. بۇ شېئىرلار ئاددىي، چوڭقۇر، يارقىن، جەڭگىۋار، ئىخچام، مەزمۇنلۇق، گۈزەل، ئاھاڭدار، يېقىملىق چوڭلارغىمۇ، كىچىكلەرگىمۇ، ھەر خىل سەۋىيىدىكى كىشىلەرگىمۇ باپ كېلىدىغان شېئىرلار بولۇپ، خەلقنى تەربىيىلەش رولىدىن تاشقىرى خەلققە ئىستېتىك زوق بېغىشلاپ روھىنى ئۇرغىتىدۇ. ئۇنىڭدا سېھىرلىك كۈچ، تەسەۋۋۇر، خىيال، رېئال مەنزىرە، غايە، ئۈمىد زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. دېمەك، شېئىر — كۆڭۈل خەزىنىسى، روھنىڭ دۇرداننىسى، ئۇنى ئەڭ نازۇك ۋە يېقىملىق مۇزىكا ئارقىلىق پەلەككە ياڭرىتىش كېرەك. شېئىرىيەت بىر بۈيۈك تەخت. ئۇنى تىل، ئاھاڭ، ھېسسىيات، تۇيغۇدىن ئىبارەت قىممەتلىك ماتېرىياللاردىن ياساش كېرەك.

**قاۋسلقان قامىجان:**

نۆۋەتتە بەزى شائىرلىرىمىزنىڭ سۈپەت ئارقىلىق ئەمەس سان ئارقىلىق ئابروي قوغلىشىش نەتىجىسىدە خەلق ئارىسىدا «شېئىردىن زېرىكىش» كەيپىياتى شەكىللىنىشكە

باشلىدى. ئەمەلىيەتتە نەچچە مىڭ يىللىق شېئىرىيەت تارىخىغا ئىگە خەلقىمىز شېئىر-دىن زېرىكمەيدۇ، گەپ شېئىرنىڭ قانداق يېزىلىشىغا باغلىق.

**ئابلەت ئىسمايىل:**

مېنىڭچە نۆۋەتتىكى شېئىرىيىتىمىز ئوچۇق، روشەن بولغىنى ياخشى. شۇنىڭ بىلەن شېئىرىيىتىمىز يەنە مەدھىيىۋازلىق، تەقلىتچىلىك قاتارلىقلاردىن خالىي بولۇشى كېرەك. ئەل ئىچىدىن بىر دۆۋە قۇم يىققان بولساڭ ئۇنىڭ بىر چىمدىم ياكى بىر سىقىم زەردىنى ئال-دە، يەنە ئەل بېشىغا چاچقۇ قىلىپ چاچ!

6- سوئال: ئەگەر سىزگە تەقدىر تەرىپىدىن ئىجادىيىتىڭىزنى قايتىدىن باشلاش پۇرسىتى يارىتىلىپ بېرىلگەن بولسا، سىز ئىجادىيەتتە قانداق ئىشلارنى قىلغان بولاتتىڭىز؟

**ھاجى ئەخمەت:**

بىرىنچى قەدەمدىن باشلاپ ئاخىرقى نەپىسىمگىچە بولغان پۈتۈن ئۆمرۈمنى شېئىر ۋە ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئاتىغان بولاتتىم.

**تۇرسۇن نىياز:**

ئەڭ ياخشىسى بۇ ساھەگە قەدەم باسمىغان بولاتتىم. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب-لەرنىڭ بىرى، خۇددى:

ئاسان ئىدى، كىچىك چېغىم شېئىر يازماق،
بارماق بىلەن بوغۇم ساناپ يۈرگىنىمدە.
جاپا بولدى ئەمدى ماڭا مىسرا تۈزمەك،
شېئىر نېمە؟ شائىر نېمە؟ بىلگىنىمدە،-

دەپ يازغىنىمدەك.

ناۋادا شېئىرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بۈگۈنكىدەك چۈشىنىپ، قايتا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولسام، ئۆزۈمگە خاس يول، خاس تىل، خاس ئىستىل بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، بۈگۈن يازغىنىمغا ئەتىسى پۇشايمان قىلىدىغان، ياشلىقتا يازغانلىرىغا قېرىغاندا پۇشايمان قىلىدىغان «ھەسرەتلىك ئىجادىيەت» تىن ساقلانغان بولاتتىم.

**ئابلىمىت ھاجى:**

مەن ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆگىنىشتىن باشلايتتىم. ئۆگىنەتتىم، ئۆگىنەتتىم، يەنە ئۆگە-نەتتىم. ئوتتۇز توققۇز يىللىق ئىجادىيەت تارىخىم شۇنى ھېس قىلدۇردىكى، يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن توشۇغۇچى بولۇش، ئۆگەنگۈچى بولۇش كېرەك ئىكەن. بىر يازغۇچى تارىخى، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئەمەلىي مول بىلىمگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن خەلققە ياراملىق نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلىيەلەيدىكەن. دېمەك، ئۆگىنىش ئىجادىيەتنىڭ ئۇزۇقى، قۇۋۋەت دورىسى.

**مىرزاھىد كېرىمى:**

ئۆگەنگەن، ئىجادىيەتتە يېڭىلىق ياراتقان بولاتتىم. ھەر خىل تىللارنى ئۆگىنىپ نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتكەن، دۇنياۋى تونۇشىمنى چوڭقۇرلاشتۇرغان بولاتتىم.

**جېلىلى:**

مەن 32 يىل بۇرۇن ئىجادىيەتتىكى تۇنجى قەدىمىمنى باسقانىدىم. بۇ تارىخىي مۇساپىنى ئىنكار قىلالمايمەن. ئۇنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەك. مەن ئويلايمەنكى، ھەر قانداق كىشىنىڭ «تۇنجى قەدىمى» غا تاسىز بېسىلغان بولسا، كېيىن پۇشايمان قىلىش ۋە قايتىدىن قەدەم ئېلىش ھاجەتسىز.

**ئۇچقۇن:**

«ئىجادىيەت، ئەقىل ۋە سالامەتلىك» تىن ئىبارەت ئۈچ بۇرجەك مۇناسىۋەتتە مەن ھازىر تەتۈر تاناسىپتىمەن. 30 يىل بۇرۇن كىچىك ئىدىم، لېكىن ئەقىل - پاراسەت پەللىسى يىراقتا ئىدى، بۈگۈن ئاز - پاز ئەقىل تاپقانىدىم، سالامەتلىك ۋە باشقا تەرەپلەر خىرىس قىلىشقا باشلىدى.

7 - سوئال: سىز يېڭى شېئىر يازغۇچىلاردىن كىمنىڭ شېئىرلىرىنى ياقتۇرىسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

**ھاجى ئەخمەت:**

يېڭى شېئىر يازغۇچىلاردىن ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ئېنىق بىلىدىغانلارنىڭ شېئىرلىرىنى ياخشى كۆرىمەن ھەم ياقتۇرىمەن. مەسىلەن: ئەخمەتجان ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى. چۈنكى ئۇلار ئۆز شېئىرىدا نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ئۆزى بىلىدۇ.

**تۇرسۇن نىياز:**

مەن شېئىرلىرىنى ياقتۇرىدىغان ئاپتورلارنىڭ ئىسىملىرىنى ساناپ ئولتۇرمايمەن. لېكىن بۇ شېئىرلاردىن ئۆزەم چۈشەنگەن ۋە پىكىر جەھەتتە يېڭىلىق ھېس قىلغان ئەسەرلەرنى ياقتۇرىمەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاپتورى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان ئاجايىپ - غارايىپ سۆزلەر تىزمىسىدىن تۈزۈلگەن شېئىرلارنى كۆرۈشنى خالىمايمەن.

**ئۇچقۇن:**

ماڭا بۇ شېئىرلارنىڭ يارايدىغانلىرى ئاز، كۆپلىرى قىزىقتۇرالمايدۇ. بۇ شېئىرلاردىكى قۇياش، ئاي، بۇلۇت، دەريا، شەپەقتىن ئىبارەت تەبىئەت جىسىملىرىغا مەركەزلىشىپ قالغان پىكىرلار ماڭا ئانچە ياقمايدۇ ۋە كۈچ بېغىشلىيالمايدۇ. چۈنكى جاھاندا دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىسى تاغ - دەريا ئەمەسقۇ؟! ئەمەلىيەت رەھىمسىز كېلىدۇ. رېئاللىقتىن چەتنەپ كۆرگەن چۈش بەرىبىر چۈش! مەن رېئاللىقنى قەدىرلەيمەن، رېئاللىق ئۈمىد ۋە قانات.

## ئاپتور چۈشەنچىسىدىكى بىرنەچچە مەسىلە

«ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا» ماۋزۇلۇق سۆھبەت خاتىرىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ھەۋەسكارلار ماڭا خەت يېزىپ، شېئىر ئىجادىيىتىمىز تەرەققىيات جەريانىدىكى بەزىبىر مەسىلىلەر توغرىسىدا مېنىڭ قانداق چۈشەنچىدە ئىكەنلىكىمنى سوراشقانىدى. تۆۋەندە مەن ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى يۈزەكى چۈشەنچىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

1. «شېئىردىن زېرىكىش»، «شېئىر پاخاللىقى» ۋە «كۆككا» شېئىرلار.

يېقىندىن بۇيان، شېئىرى تىل، شېئىرى شەكىل، شېئىرى تەپەككۇر ۋە مەزمۇندىكى چاپىنالىمىلىقلار، كەڭ شېئىرخۇمارلىقنى كىتابخانلارنى «شېئىردىن زېرىكىش كېسەللىكى»گە گىرىپتار قىلىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن شېئىر دىيتىمىز ۋە كىتابخانلارنىڭ يېگىلىنىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدا بىر «بوشلۇق» شەكىللىنىپ، شېئىر دىيتىمىز خېرىدارسىز مالغا ئايلىنىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. ئەدىبلىرىمىز بۇنىڭ سەۋەبىنى، دەل ئۆز قولىدىكى قەلەمدىن ئىزدەپ، چوڭ داۋالغۇش ھالىتىدە تۇرغان شېئىر دىيتىمىز تەرەققىياتى ئۈستىدە، مەلۇم مىقداردا ئىجادىي مەنىۋى ئەمگەك قىلىشقا تەرەددۇتلىنىشى كېرەك. «كۆككا» شېئىرلار ئەنە شۇ يالىڭاچلىنىپ قالغان مەنىۋى ئېھتىياجلارنىڭ، ھەقلىق يوسۇندىكى ئىنىسيانىدىن تۇغۇلغان «بوۋاق». ئۇ، تۇغۇلۇپلا شېئىرىيەت ساھەمىزنى خۇشاللاندۇردى، ئەجەبلەندۈردى ۋە ئاچچىقلاندۇردى.

ئۇ، تۇلجى بولۇپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزگە ئىسلاھات پۇشتىكىنى چالدى ھەمدە «بوۋاق»لىقىغا قارىماي «بوشلۇق»نى تولدۇرۇشقا ئاتلىنىپ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزدە ئۇمىدتىن يېڭى بىر بەت ئاچتى.

2. شېئىر ۋە شائىرلىرىمىزدىكى مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى.

نۆۋەتتىكى شېئىر دىيتىمىز قانداق شەكىلدە تەرەققىي قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىجتىمائىي ئۇنۇمدىن ئىبارەت «مەجبۇرىيەت»نى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. شېئىرنىڭ سەنئەتلىك قانۇنىيىتىنى، ئىستېتىك ئۆلچەملىرىنى تەكىتلەپ، ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى چەتكە قاقىدىغان «سوبيېكتىپچىلىق» خاھىش نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر شېئىر دىيتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولماسلىقى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىر — سۆز، رەسىم ۋە جەڭ گىمنى بولۇشى كېرەك.

شائىرلىرىمىز ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئۈستىدىكى يۈكسەك مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەككى، ھەرگىز بىر ئۆمۈر شېئىر يېزىپ «شائىر» بولالماسلىقتەك پاجىئەلىك تۇيۇق يولغا كىرىپ قالماسلىقى كېرەك.

3. ياشلار بىلەن پېشقەدەملەر مۇناسىۋىتى.

«ھەقىقىي ئەنئەنە — ئۆزىنى ئىنكار قىلىۋاتقان ئەنئەنىگە ھەسسە قوشىدىكى، ئەنئەنىگە قارشى تۇرۇشنى چەكلىمەيدۇ.»

ياشلار بىلەن پېشقەدەملەرنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى يىلەك بىلەن خەمەكنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش. يىلەكسىز خەمەكنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلار يېڭىلىق يارىتىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى قوبۇل قىلىپ، ئاتالمىش «ئەجداتسىز ئەۋلاد»لىقنى ئالدىراقسانلىق بىلەن تەشەببۇس قىلماسلىقى، پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەپ ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئىجادىي يېڭىلىقلىرى ئۈچۈن «ماتېرىيال» قىلىشى كېرەك. پېشقەدەملەرمۇ ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ بۇنداق زور جاسارىتىدىن، يېڭىلىق يارىتىش روھىدىن پەخىرلىنىشى، ئۇلارنى قوللىشى، ئىنكار قىلىش ۋە ئىنكار قىلىنىشنىڭ شېئىرلار تەرەققىياتىنىڭ ئەقەللىي قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى، ئۆز نوپۇزى، ئورنى ۋە ھۆرمەت سىتاۋىنى شىپى كەلتۈرۈپ، ياشلارنىڭ ئىجاد قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا سوغۇق سۇ سەپمەسلىكى كېرەك. ياشلارنىڭ يارىتىشقا ئىنتىلىۋاتقىنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئېلىشى لازىم.



2 ـ قېتىملىق «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنى ئۆتكەن يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە تۇرپان شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

سۈرەتتە: ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست(شەھەر)لەردە چىقىدىغان يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار (ئۇيغۇرچە) نىڭ باش مۇھەررىرلىرى ئۆز ئارا سۆھبەتتە.

(ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى)



**يول باشلىغۇچى** (تۇرسۇن تۇردى فوتوسى)



نەپىس ئىشلەنگەن قول ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرى (گۈگشاۋ بەدىك فوتوسى)


# قەشقەر ئەدەبىياتى (20-يىل نەشرى)

《喀什噶尔文学》（双月刊）

KASHGAR LITERATURE
IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL

1991-يىل 1-سان (قوش ئايلىق ژۇرنال)

نەشىر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب-ژۇرنال سودىسى باش شىركىتى

(بېيجىڭ 2820-خەت ساندۇقى)

(O.P. BOX 2820 BIEJING CHINA)

فورماتى 787 × 1092 مم، 1/16 8 باسما تاۋاق

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: GN 65—1081/1

پوچتا ۋاكالىتەن نومۇرى: 62 — 58

باھاسى 1.00 يۈەن

تېلېفون نومۇرى: 23196